نۇرىددىن يىلدىز

# ئىشى ۋاقتىدىن كۆپ بولغانلار




سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

ئىشى ۋاقتىدىن كۆپ بولغانلار




سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىشى ۋاقتىدىن كۆپ بولغانلار

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

2012 – يىل، ئىستانبۇل

# ئىشى ۋاقتىدىن كۆپ بولغانلار

مۇئەللىپ: نۇرىددىن يىلدىز

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىرفان ئۆتكۈر

كوررېكتورى: مۆمىنجان سىدىق

بەتچىك: ئا. ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

تەقرىز ............................................................................5
كىرىش سۆز ......................................................................7
ئەڭ ئالدىنقىلار ...............................................................15
ئەنسارى، مۇھاجىر، ھىجرەت ..............................................31
تۇنجى ۋە يېگانە ..............................................................43
ئاھ ئەبۇ بەكرى! تەكرارلىنىشى بەكمۇ قىيىن بىر يول ئاچتىڭ.....53
ئىككىنچى.........................................................................63
مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ........................................................73
بىر ئۆيي توشقىدەك ئادەم ....................................................81
جەننەت ياشلىرىنىڭ سەردارى ................................................91
ئۇخلىمىغان ۋە ئۇخلاتمىغان ئادەم..........................................111
ئۈچ ئۇلۇغ پەيغەمبەر .........................................................127
ئايالّلارنىڭ پەخرى ............................................................135
مۇشەققەت ئابىدىسى ...........................................................149
ئالىم، ئابىد، زاھىد ............................................................171
بەشىنچى ..........................................................................181
ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە .......................................................207
شەرقنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك سۇلتانى سالاھىددىن ..........................215
مازارلىقتىكى تىرىك ............................................................227

# تەقرىز

اللهقا ھەمدۇسانا ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پاك دۇرۇد ۋە سالاملىرىمىزنى يوللايمىز.

شۇنچە ئەسىرلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، ئىسىملىرى ھېچ ئۇنتۇلمىغان، ئىزلىرى ئۆچمىگەن، اللهنىڭ رىزاسىنى ۋە بەندىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان ئېسىل ئىنسانلار!

ئۇلار بىزدىن بۇرۇن كەلدى ۋە كەتتى. ئۇلارنى كۆرەلمىدۇق. كۆرەلىگەن بولساقمۇ، بەلكى بۇنچىلىك ياخشى چۈشىنەلمەستۇق. چۈنكى زامان ئۇلارنى ئۆز باغرىدا ساقلىدى، چوڭايتتى ۋە ئۇلۇغلىدى.

ئۇلار ئۆزلىرى ياشىغان زاماننى نۇرلاندۇردى. ھەقنىڭ ۋە ھەقىقەتنىڭ تەمسىلچىسى بولۇشتى. كېيىنكى نەسىللەرگە ۋە زامانلارغا ياڭراق بىر ئاۋاز، ئوتلۇق بىر نەپەس قالدۇرۇشتى. ئىنسانىيەت ئۇلارنىڭ سايىسىدە ئېتىبار ۋە شەرەپكە ئېرىشتى. گۈش ۋە ئۇستىخاندىن يارىتىلغان ئىنساننىڭ قانداقىسگە پەرىشتە سۈپەت كىشىلەرگە ئايلانغانلىقىنى ئۇلاردا كۆردۇق.

ئۇلار ئىسىملىرىنى ۋە ھاياتلىرىنى بىزگە ئامانەت قويغان مەنىۋى يولباشچىلىرىمىز، شانلىق تارىخىمىز بولۇشتى. الله تائالا ھەممىسىگە ئۆز لۇتفى كەرىمى بىلەن مۇئامىلە قىلسۇن.

توغرا يول تاپماقچى بولغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۆز ھاياتلىرى بىلەن پۈتۈن زامانلارغا ئۈلگە بولغان مەنىۋى شەخسىيەتلەرنى تونۇش ۋە ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتۇش ئەلۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم بىر ئېھتىياجدۇر.

www.uyghurkitap.com

ھەر خىل غەۋغا ۋە ئۆز بېشىمچىلىق ئەۋج ئالغان بىر زاماننىڭ ئىنسانلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ”ياخشىلىق“ دەرىجىسىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغان بۇ ئىنسانلارنى بىلىشكە، ئۇلارنى شۇ قەدەر جانلىق تۇتقان پىكىر، قىممەت- قاراشلارنى تونۇشقا نەقەدەر موھتاجمىز- ھە!

ئىجتىمائىي قۇرۇلما جەمئىيىتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئۇنتۇلغان، ئۇنتۇلمىغان بولسىمۇ تېخىمۇ ياخشى قەدىرلىنىشى كېرەك بولغان بۇ تاللانغان ئىنسانلارنى قايتا ئەسلەيلى، ئەسلىتەيلى دېدۇق. ئۇلاردىن ۋە ئىزلىرىدىن تەسىرلىنىشنى، ياشاۋاتقان زامانىمىزنى بەرىكەتلەندۈرىدىغان ئىشلار ئۈچۈن بىزگە ئۆرنەك بولۇشلىرىنى ئارزۇ قىلدۇق.

ئۇستاز نۇرىددىن يىلدىزنىڭ دەرس ۋە سۆھبەتلىرىدە ھاياتلىرى سۆزلەنگەن ”ئۈلگە“ شەخسىيەتلەرنى بىر يەرگە جەملەپ ھازىرلىغان بۇ كىتابىمىزغا ئۇستازىمىزدىن بىر كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق. ئۇ بىزگە ”ئىنسان، ئىش ۋە ۋاقىت“ ماۋزۇسىدا بىر يازما تەييارلاپ بەردى. ئۇ يازمىدىن ”ئىشى ۋاقتىدىن كۆپ بولغانلار“ دېگەندىن نىمىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگەن بولدۇق.

بۇ كىتاب ۋاسىتىسى بىلەن نەشرىيات ھاياتىنى باشلىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلما جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇسۇلمان نەسىللەرگە گۈزەل ئۆرنەك بولغان بۇ شەخسىيەتلەرنىڭ بەرىكىتى بىلەن بەرىكەتلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، شۇنداقلا تىرىشچانلىقلىرىنى بىزدىن ئايىمىغان ئۇستازىمىزغا ۋە نەشر قىلىنىغىچە بولغان باسقۇچلاردا بىزگە ھەمكارلاشقان بارلىق قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

**ئادۇۋۇكات. ھۈسەيىن تەپە**

ئىجتىمائىي قۇرۇلما جەمئىيىتى مۇئاۋىن رەئىس

بسم الله الرحمن الرحيم

# كىرىش سۆز

## ئىنسان، ئىش ۋە ۋاقىت

اللهنىڭ تاغلارغا ئېغىر كەلگەن ئامانىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىنساننىڭ ئىشىنىڭ ۋاقتىدىن كۆپ بولۇشى بىلەن، ۋاقتىنىڭ ئىشىدىن كۆپ بولۇشى ئارىسىدا نەقەدەر چوڭ پەرق بار.

ئىشى ۋاقتىدىن كۆپ بولۇپ بۇ تۇپراقلاردا ياشىغانلارنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرى بىلەن، ۋاقتى ئىشىدىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچبىر ئىز قالدۇرالماستىن كەتكەنلەر ئارىسىدا نېمىدېگەن چوڭ پەرق بار – ھە! بىرى ئۆز ئىرقىنى ۋە جۇغراپىيىسىنى ھالقىپ، ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان، كۆزلەرنى ۋە كۆڭۈللەرنى ئېلىپ كەتكەن؛ يەنە بىرى بولسا ھەتتا ئۆز ئۆيىدىمۇ بىر قولنىڭ بارماقلىرىچىلىك يىل ئۆتمەستىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن.

**ۋاقىتنى بەلگىلىيدىغان ئەڭ بۈيۈك سائەت قۇياش بىلەن مۇسابىقىلەشكەنلەر قۇياشنىڭ ئاستىدا سايىدايدىغانلار بىلەن ھەرگىزمۇ ئوخشاش بولالمايدۇ.** ئۆمۈرلىرىدىن بەرىكەت كۆرۈپ، ئۆزلىرىدىن كېيىنكىلەر ئۈچۈن بەرىكەت بۇلىقى بولۇپ ياشىغانلار، ھېساب ۋە رەقەملەرنى تامامەن مەنىسىز نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇپ كېتىشتى. ھەيتىلەرگە، ھەتتا ئايلارغا سىغمىدىغان ئىشلارنى بىر كۈندە پۈتكۈزۈپ كېتىشتى. ئۇلار بىردىن كۆپ ئىشنى بىراقلا قىلىش مۇۋەپپىقىيىتىگە

ئېرىشكەنلەردۇر، ۋاقىت ئۆتكۈزۈدىغانلار ياشاۋاتقان بىر دۇنيادا ئىش تۈگىتىپ كەتكەنلەردۇر.

بىر باغدا تىكىلگەن ئىككى ئايرىم مېۋە دەرىخىنىڭ ئوخشاش تۇپراق، ئوخشاش سۇ ۋە ئوخشاش قۇياش بىلەن چوڭ بولۇشىغا قارىماستىن، پەرقلىق ئىككى خىل مېۋە بېرىشىگە ئوخشاش، ئۆتمۈش تارىخىمىزدا ئوخشاش ماكان ۋە بىر دىنىنىڭ ئىنسانلىرى ئارىسىدا پەرقلىق نەتىجىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلەرنى كۆرىمىز. ئوخشاش قۇرئان ۋە ئوخشاش مەنبەلەرنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ، بىر ئۆمۈرگە كۆپلىگەن نەرسىلەرنى تولدۇرۇپ كەتكەنلەر، ئۆمۈرلىرىنى قايەردە ئۆتكۈزگەنلىكلىرىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ھېچبىر نەرسە قالدۇرماستىن كەتكەنلەرگە كۆرە، ئۆرنەك ئېلىنىشقا ۋە ئىزلىرىدىن مېڭىشقا تېخىمۇ ھەقلىقتۇر. ئۆمۈرلىرىنى باھانە ئىشلەپ چىقىرىپ، مەسىلىلەرگە ۋە مەسئۇلىيەتكە قاچىشىپ ئۆتكۈزگەنلەر، ھەتتا ئۆزلىرىمۇ ئىشەنمەيدىغان مۇداپىئەلىرىنى كېيىنكى نەسىللەرگە قوبۇل قىلدۇرالمىدى.

بىز ئۈستىدە ياشاۋاتقان بۇ زېمىننى بىزدىن بۇرۇن ئىشلەتكەنلەر ئارىسىدا ماڭىدىغان كۈتۈپخانىلارغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ يېنىدا، بىر جىلد كىتابنى بولسىمۇ زوق ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشتىن مەھرۇم ئىنسانلارمۇ كېلىپ كېتىشكەن. يېتىمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشتىن لەززەتلەنگەن، ساننى ئاللاھتىن باشقىسى بىلمەيدىغان يېتىملەرنى، مىسكىنلەرنى سۆيۈندۈرۈشكە ۋاقىت ئاجرىتىپ كەتكەنلەر بىلەن، يېتىمنى كۆرگەندە كۆڭلى ئېلىشقان، ھېچكىمگە بىر ئىستاكانمۇ سۇ ئىچكۈزمىگەن ئىنسانلار ئوخشاش دىيارغا كېتىشتى. بۇ ئىككى يولۇچى گۇرۇپپىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەمەللەر بىلەن بىر يەرگە كەتكەنلىكى بولسا، بىزنىڭ پەنجىرىمىزدىن كۆرۈلۈشى كېرەك بولغان مەنزىرە بولۇشى كېرەك.

*ھاياتلىرى ئىنسانىيەتكە ئاتالغان ئىنسانلار بىلەن، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىرى قاتارىدا كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئىنسانلار شۈبھىسىزكى، بىر – بىرىگە ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ.*

بىزنىڭ كەلگۈسى نەسىللەرگە قالدۇرىدىغان نەرسىمىز چوقۇمكى،

بىزدىــن ئىلگىرىكىلەردىــن ئالغانلىرىمىزدىــن تېخىمــۇ كــۆپ ۋە تېخىمۇ قىممەتلىك بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ۋاقىتتىن پايدىلىنىشتىكى ئىرادىلىرىنى ۋە ھىممەتلىرىنى بېســپ چۈشىشــىمىز كېرەك. ئۇلار ئۆز زامانلىرىنى ئۆز ئىمكانىيەتلىرى دائىرىسىدە ئىشلەتتى. قىلالايدىغان ۋە قىلىشلىرى كېرەك بولغان ئىشلار ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ ھىسابى ﷲقا قالدى. بىز ئۇلارنى ياخشــى كۆرۈپ، ياخشىلىق بىلەن ئەســلەيمىز. بىزنىڭ ئىمكانىيەتلىرىمىز ئۇلارنىڭكىدىــن پەرقلىقتــۇر، شــۇنداقلا مەســىلىلىرىمىزمۇ ئۇلارنىــڭ مەسىلىلىرىدىن پەرقلىقتۇر ئەلۋەتتە. شۇڭلاشقا ھىممەت ۋە غەيرەتلىرىمىز ئۇلارنىڭكىدىن ئۈستۈن بولالمىسىمۇ، ھېچ بولمىسا ئۇلارنىڭچىلىك بولۇشى كېرەك.

**مەسىلە ئىنسان ۋە مۇســۇلمان بولۇشنىڭ ھەقىقىنى بېرىش بولسا، پەقەتلا ئۆزىمىز ئۈستىدىلا ھېساۋات ئېلىپ بارالايمىز.**

بىزنىڭ كىملىكىمىز ۋە بىزدىن كېيىنكى نەسىللەر بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز ۋە كۆرســتىدىغان غەيرىتىمىزنىــڭ نەتىجىســىگە قارىتا شــەكىللىنىدۇ. ســالاھىددىن ئەييۇبى پەقەتلا ئۆزى ئۈچــۈن نەتىجە ئالمىدى. بەلكى ھالا بۈگۈنگىچە ئۇ تىككەن ئىــززەت دەرىخىنىڭ مېۋىلىرىدىن يەۋاتىمىز. خالىد ئىبنى ۋەلىــد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىھەم قىلىــچ ئويناتماقتا. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىھەم ئادالەت تارقاتماقتا. ھەسەن بەسرىنىڭ كۆزلىــرى ھېلىھەم يــاش تۆكمەكتە. ئۆمەر ئىبنــى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئىككى يىلــدا تىككەن كۆچىتى ئىككى مىڭىنچى يىلىغــا كىردى، ئەمما ھېلىھەم ياپيېشىل، بىر تال يوپۇرمىقىمۇ سۇلاشماستىن كۆركەم ھالدا تۇرماقتا.

تولىمۇ چەكلىك ۋە ھەرخىل مەسىلىلەر بىلەن تولغان ۋاقتىمىزنى بىزگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە رەھمەت بۇلىقىغا ئۆزگەرتىش بىر ياخشــىلىق، بىر ئېھسان دەپ قارالماسلىقى، بەلكى بىر قەرز ۋە مەجبۇرىيەت دەپ قارىلىشى كېرەك. ئالدىمىزدىكى ئۆرنەكلىرىمىز ــ ﷲقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، سانلىرى ئاز دېيىشــكە بولمايدىغــان دەرىجىدە كۆپتۇر ــ ئۇلاردىــن كۈتۈلگىنىدىن ئارتۇقىنى بېرىشــتى. ئەتىكىلەرنىــڭ ئالدىدا ئىززەت بىلــەن قەددىمىزنى

www.uyghurkitap.com

تىك تۇتۇپ تۇرالىشىمىز، ياخشى تەھلىلەر ۋە تەكشۈرۈلگەن بىلەن ئېلىپ بېرىلغان خىزمەتلەر بىلەنلا مۇمكىن بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن قىلىنىدىغان ئىشلار ئارىسىدا بەلكى بۇ تۇنجى قېتىملىق پۈتتۈرۈشىمىز كېرەك بولغان ئىشىمىزدۇر. بىز ئىلگىرىكىلەردىن ئەڭ ئالدىدا بولىدىغان كىشىلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھەقىقى چۈشىنەلەيمىز. شۇڭلاشقا ئۇلارنى ئەسلەپ، ئەسلەنگەن جايغا رەھمەت يېغىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ياخشى ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇممەتنىڭ ئۇلۇغلىرىدا ئاساسەن ئورتاق دېيىشىمىز مۇمكىن بولىدىغان ئاساسىي خاراكتېرلەر تۆۋەندىكىدەك رەتلىنىشى مۇمكىن:

## 1 - ئۇلار ھادىسىلەردىن ۋە زاماندىن كاتتا بولۇشتى:

يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر ئۇلارنى ھەيدەپ ماڭالمىدى، ۋاقىت قىسىلىقىدىن شىكايەت قىلىشمىدى. فانىي بىر ھاياتتا ياشاۋاتقانلىقىنى، ۋاقىتنىڭ ھىساۋىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ ياشىدى.

ئۇلار ئارىسىدا نان يېمىگەنلەر بولدى. نېمىشقا يېمەيدىغانلىقى سورالغاندا، ناننى چايناش بىلەن سۈيۈق تاماقنى يېيىشىنىڭ ئارىسىدا ۋاقىت پەرقى بارلىقىنى ئېيتىشتى. بۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلەرنى، سائەتلەرنى ئەمەس، بەلكى ھەر سىكۇنتنى ھېسابلاپ ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلار ھاياتلىرىدا ئۇچرىغان ھەرخىل ھادىسىلەرنىڭ ئۆزلىكىدىن بولمىغانلىقىنى، ھەر نەرسىنىڭ اللهنىڭ مۇلكىدە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ تەسەررۇپ قىلىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى، ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى ۋە ماھىيىتىدىن بەكرەك ئۆزلىرىنىڭ سىناق قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىشتى. كۈنلۈك ھېسابلار بىلەن ۋاقىتنى تۈگىتىشمىدى. ئالدىغا ئەمەس، يىراقلارغا نەزەر سېلىشقا تىرىشتى.

## 2 - ئۇلار بۈيۈك ھىممەتكە ئىگە ئىدى:

اللهنىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىش ئەڭ چوڭ ئارزۇلىرى ئىدى. ئۇ رىزالىقنى كۆزلىرىدە شۇ قەدەر چوڭايتتىكى، دۇنيا ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئۇلار ئۈچۈن

تولىمۇ ئاددى نەرسىگە ئايلاندى. قولىرىدىن كەتكەنگە يىغلاشمىدى، كەلگەنگە ھەم ھەيران قېلىپ ئۆزلىرىنى بىلەلمەي قېلىشمىدى.

### 3 - دۇنيانىڭ قولى بولماسلىققا تىرىشتى:

سالاھىددىن ئەييۇبى ۋاپات بولغاندا، بۈگۈنكى كۈنىمىزدە ئۈستىدە 10 دىن كۆپرەك دۆلەت بولغان چوڭلۇقتىكى زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئەمما ۋارىسلىرىغا بىر ئاددى خىزمەتچىنىڭ مائاشىچىلىكمۇ بىر نەرسە قالدۇرمىدى. مال دۇنيا يىغمىدى، يېمىدى، يېگۈزمىدى. الله ئۈچۈن جىھاد قىلىپ، ئۆز نەپسىنى خاتىرجەم قىلىش دەردىگە چۈشمىدى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۈستىدىكى كىيىملەر تىلەمچىلەرنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى بولسا ئەندەلۇسقا يەتكەن ئىدى. ھەركىم ئېلىش ئۈچۈن تىرىشسا، ئۇلار بېرىش ئۈچۈن تىرىشتى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياماقلىق تونى بىلەن ئىمپېراتورلۇقلارنى يىقتتى. ئالتۇن بىلەن توشقان خەزىنىلەرنىڭ يېنىدا ئاچ، يالىڭاچ ئۇخلىدى.

### 4 - داۋاملىق بولۇشمىدى، ئىخلاس ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم دەستۇرى بولدى:

ھەركىمنىڭ ئەمەلىنىڭ نىيىتىگە كۆرە بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشتى. كىمنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە، نېمە دەيدىغانلىقىغا پەرۋا قىلىشمىدى. ھېچكىمدىن قورقمىدى؛ ئەمما پەرىشتىلەردىن ھايا قىلىپ كۆپ ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتتى. ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرى ئۆزلىرى قىلغان بۈيۈك ئىشلارنىڭ بىلىنىشىنىمۇ خالىمىدى.

### 5 - ئۇلار تەكشۈرۈلۈشنى ساقلىدى:

ئوخشاش ئىنساننىڭ ھەربىرى پەرق تەلەپ قىلىدىغان بىردىن كۆپ ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلىقىنى؛ ئەمما بىرىنى يەنە بىرسىگە ئەزدۇرمىگەنلىكىنى ئىنتايىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوچۇق شەكىلدە كۆرەلىدۇق.

ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا ئالىم، ئابىد، مۇجاھىد، سودىگەر، خاتىب، زاھىد بولالىدى.

دۇنيا تىرىكچىلىكى بىلەن بولۇشى ئاخىرەت ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلىرىنى توسالمىدى. نامازلىرىنى جامائەت بىلەن ئوقۇشلىرى ئۆيلىرىگە سەل قاراشقا سەۋەب بولمىدى. كېچە تەھەججۇد نامىزىغا تۇرۇشتى، كۈندۈزى دۇنيا تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇشتى. قىلغان تىجارەتلىرى جامائەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىششىغا توسالغۇ بولالمىدى. ئۇلارغا بىر قارىسىڭىز كۆزلىرى الله ئۈچۈن ياش تۆكۈشتى، يەنە بىر قارىسىڭىز قاراشلىرى بىلەن كاپىرلارنى ئۈركۈتۈشتى.

### 6 – ئىنسانىي نىشانغا ئالغان ئاساستا خىزمەت قىلىشتى:

ئۇلارنىڭ كۆزىدە «بىر كىشىنىڭ ھىدايىتىگە ۋەسىلە بولۇش» بىر دۇنيا قۇرۇشتىنمۇ بەكرەك مۇھىم ئىدى. فەتھلەر، غازاتلار قىلىشتى، ئاندىن بىر كىشىنىڭ تاھارەت ئېلىشىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۇزۇن يوللارغا راۋان بولۇشتى.

### 7 – ئىلىمسىز قېلىشقا رازى بولۇشمىدى:

كىتاب، دەپتەر، قەلەم تاپالمىدى. ئەمما ئاڭلىغانلىرىنى يادلىۋېلىپ، ھەرىكەتلىك كۈتۈپخانىلارغا ئوخشاش ياشىدى. ئىلىمنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىشتى. بىر دەپتەر تولمايدىغان مەلۇمات ئۈچۈن يۈزلەرچە كىلومېتىر يولنى يول دەپ قارىمىدى. ئىلىم ۋە ئالىمغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەتلىرىنىڭ بەرىكىتى بىلەن بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىشتى.

ئىشى ۋاقتىدىن كۆپ بولغان بۇ مۇبارەك ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ساھابە ئەمەس. پەقەتلا مىڭ يىللىق ئۆتمۈشتىن سۆز قىلمايۋاتىمىز.

مىڭلارچە يىل ئىلگىرى ئىز قالدۇرغانلىرى بار.

بەزىلىرىنىڭ ئاۋازى 14 ئەسىردىن ئىلگىرى كېلىدۇ.

بەزىلىرى 12 ئەسىر يىراقلىقتىن پارلىدايدۇ.

سەككىز ئەسىر بۇرۇن سالاھىددىن بار ئىدى.

ئۇنىڭدىن يېقىن جايلاردىن تىنىقلىرى كېلىۋاتقانلار بار.

قۇلىقىمىزنىڭ تۈۋىدىن ئاۋازى ئاڭلانغانلار بار. قاھىرەدىكى قەھۋەخانىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۇخلاۋاتقان بىر ئۈممەتنى ئويغاتماقچى بولغان ۋە **«ئىشىمىز ۋاقتىمىزدىن كۆپتۇر»** دېگەن ھەسەنۇل بەننا بار.

ئۇ تېخىچە سۆزلىمەكتە. ئۇ ھالا بوگۈنگىچە، خىلافەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، باشسىز قالغان بىر ئۈممەتنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا. شېھىت بولغىنىغا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. ئۇنى نە ئۇنىڭ قولىدىن ھايات شەربىتىنى ئىچكەنلەر، نە ئۇنىڭغا ياشاشنى ئارتۇق كۆرگەنلەر ئۇنتۇمىدى. ئۇ ھازىرمۇ: «پەيغەمبىرىمىز يولباشچىمىز، قۇرئان رەھبىرىمىز» دەۋاتىدۇ.

ئۇ داۋاملىق مۇشۇنداق دەيدۇ ۋە شۇنداق دەپ تىرىلىدۇ ئىنشائاللاھ. چۈنكى ھەممە كىشى قانداق ياشىغان بولسا شۇنداق ئۆلۈشكە، قانداق ئۆلگەن بولسا شۇنداق تىرىلىشكە، قانداق تىرىلگەن بولسا شۇنداق رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىشقا مەھكۇمدۇر.

**نۇرەددىن يىلدىز**

2008 - يىل، ئىستانبۇل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۈممەت بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىدىن بولۇشنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلاردىن.

# ئەڭ ئالدىنقىلار

www.uyghurkitap.com

رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان ئېيتقان ھەربىر كىشى مۇئمىندۇر. ئىمان ئېيتىپ، ئۇنى كۆرۈش شەرىپىگە ئېرىشكەن ۋە شۇ شەكىلدە ئۆلگەن كىشى بولسا "ساھابە" دۇر. بىردىن كۆپ ساھابە ئەسهاب دەپ ئاتىلىدۇ.

# پەرقلىرى نېمە؟

ئۈممەتنىڭ تۈنجى ئىمان ئېيتقانلىرى، ئازاب – ئوقۇبەت ۋە ئىمتىھانلارغا تۈنجى سەۋر قىلغانلىقلىرى، ئىبادەتنىڭ، سەدىقنىڭ ۋە شىجائەتنىڭ ۋە ئەڭ مۇكەممەل ئۈرنەكلىرى بولۇشلىرى ئۇلارنىڭ قىيامەتكىچە كېلىدىغان پۈتۈن مۇئمىنلەردىن پەرقلىق بولۇشىنىڭ تەقەززاسىدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈشلىرى، قوللىرىنى تۇتۇشلىرى، ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشلىرى ئۇلارنىڭ پەرقىدۇر. قەلبلىرىدىكى ساپلىق، ئىلىملىرىدىكى چوڭقۇرلۇق، تىللىرىدىكى ئادىللىق ۋە ساداقەت ئۇلارنىڭ پەرقىدۇر. ۋولقانغا ئوخشاش يۈرەكلىرى، پولاتتەك بىلەكلىرى، ياشلانغان كۆزلىرى ئۇلارنىڭ پەرقىدۇر.

ساھابىلەردىن ئون كىشى ئۇلار ھايات ۋاقتىدىلا رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرىپىدىن جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن.

بۇلار "ئەلئەشەرەتۇل مۇبەششەرە بىلجەننە" يەنى (جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن ئون كىشى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ساھابىلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

**ئەبۇ بەكىر، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى،**

**تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ**

**زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام**

**سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس**

**ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف**

**ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنۇل جەرراھ**

**سەئىد ئىبنى زۇبەير.**

**ﷲ ئۇلاردىن رازى بولسۇن**

تۇنجى **ئۇلار پەرقلىقتۇر، ئۇلارنىڭ ئۆزى پەرقتۇر**. تاللانغان بولۇشلىرى، قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن ماختالغان بولۇشلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشىشلىرى، قايتا ئېرىشلىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر پەرقتۇر. بۇ سەۋەبتىن «**ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش سۈننەت، ئۇلارغا دۇئا قىلىش يېقىنلىق، ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىش ياخشى ۋەسىلە، ئىزلىرىدىن مېڭىش پەزىلەتتۇر**». كىچىك بىر گۇرۇپپا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۇل سېلىشى بىلەن مۇئمىنلەر مىليارد بولدى.

بىر ئوچۇم سەدىقە بېرىشتى، ئۇ بىر ئوچۇم بىلەن بىر مەدەنىيەت قۇرۇلدى.

تۆۋەن ئاۋاز بىلەن «الله ئەكبەر» دېيىشتى، ئالەم ئەزانلار بىلەن ياڭرىدى.

جىھاد قىلىشتى، جىھادلىرى بەرىكەت ئېلىپ كەلدى.

ئۆزلىرى ئاچ ئىدى، باشقىلارنى تويغۇزدى.

يالىڭاچ قېلىشقا رازى بولۇپ، باشقىلارغا كىيگۈزدى.

مال – دۇنيا بېرىشتى، ئەمما بۇنىڭ بەدىلىگە ھېچ نەرسە كۈتۈشمىدى.

ۋاقتى كەلگەندە ئىككىلەنمەستىن جانلىرىنىمۇ بېرىشتى.

**فەتھىلەردىن بۇرۇن، ئۇيۇقتا نۇر كۆرۈلمىگەن زامانلاردا خىزمەت قىلىشتى.**

«ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن» سۆزىنىڭ ھەققىنى بېرىشتى.

ئۇلار پەرقلىق؛

ئىماندىكى سەممىيەتلىرى پەرقلىق،

ئىبادەتلىرى پەرقلىق،

جانلىرى پەرقلىق،

سەدىقىلىرى پەرقلىق،

سەۋدالىرى پەرقلىق،

پىداكارلىقلىرى پەرقلىق،

قېرىنداشلىقلىرى پەرقلىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى

سۆزلىرى پەرقلىق،
ئىلىملىرى پەرقلىق،
بەرىكەتلىرى پەرقلىق،
ئەمەللىرى پەرقلىق... ھەتتا ئۇلارنىڭ پەرقلىرىمۇ پەرقلىق...
**ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن.**

## ئۇلارنىڭ تارىختا يازغانلىرىدىن بەزىلىرى

ئۇلار مۇھەببەتنى ئىپسانىگە ئايلاندۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرگىنىدەك ھېچبىر ئىنسان ياخشى كۆرۈلمىدى. ئىسپاتلانغان، بەدەللىرى تۆلەنگەن ھەقىقى مۇھەببەتلىرىنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ كېتىشتى.

ھۇدەيبىيە سۈلھىسى ئىسناسىدا ساھابىلەرنى كۆزەتكەن ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد كېيىن مۇشرىك دوستلىرىنىڭ يېنىغا قايتقاندا شۇلارنى دېگەن ئىدى:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد تۈكۈرۈپ بولغىچە ئۇنىڭ تۈكۈرۈكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ قولىغا چۈشەتتى ۋە ئۇمۇ ئۇنى يۈزى ۋە تېرىسىگە سۈرەتتى».

«بىر ئىشقا بۇيرۇغاندا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشاتتى. تاھارەت ئالىدىغان چاغدا تاھارەتتىن تۆكۈلگەن سۇنى تالىشىپ، ئۆزلىرىنى ئېتىشاتتى. ئۇ سۆزلىگەندە ئۇلار ئاۋازلىرىنى قىسىشاتتى.ھۆرمەتتىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى».

تاغىسى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن؛ سەن چوڭمۇ ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ دەپ سورالغاندا، شۇ جاۋابنى بەرگەن ئىدى: «ئۇ مەندىن چوڭدۇر. مەن بولسام ئۇنىڭدىن بۇرۇن تۇغۇلدۇم».

ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتى ھەققىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بەكرەك سۆيۈملۈك ھېچكىمىم يوق ئىدى. نەزىرىمدە ھېچكىمنى ئۇنىڭدىن بەكرەك چوڭ

**كۆرمىدىم. ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ھۆرمىتىم بار ئىدىكى؛ ئۇنىڭغا كۆزلىرىم بىلەن قانغۇدەك قارىيالمايتتىم.**

**ھازىر ماڭا ئۇنى تەرىپلەپ بەرگىن دېسە تەرىپلىيەلمەيمەن؛ چۈنكى ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم قانغۇدەك قارىيالمىدىمكى!»**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان ئەدەپلىرى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئىشىكىنى تىرناقلىرى بىلەن چېكەتتى» دېگەن.

ئۇنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرەتتىكى، تېخى دۇنيا ھاياتىدا ياشاۋاتقان تۇرۇقلۇق، ئۆلگەندىن كېيىن قانداق ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ئويلىشاتتى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كۆز ياشلىرىنى تۆكەتتى. بىر كۈنى ئەنسارىلاردىن بىرى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ دېدىكى:

«ئى رەسۇلۇللاھ! سەن مېنىڭ ئۈچۈن جېنىمدىن، بالامدىن، ئائىلەمدىن ۋە مېلىمدىن بەكرەك سۆيۈملۈكسەن.مۇشۇنداق كېلىپ سېنى بىر كۆرمىسەم، ھەرھالدا ئۆلۈپ قالىمەن!»

بۇ زات شۇنداق دېگەندىن كېيىن يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى سورىدى. ئۇ دېدىكى:

«ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە جەننەتكە كىرىسەن. مەن جەننەتكە كىرسەممۇ سېنى قانداق تاپالايمەنكى؟»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر جاۋاب بەرمىدى. كېيىن سۈرە نىسانىڭ 69 – ئايىتى نازىل بولدى.

﴿وَمَن يُطِعِ اللّهَ وَالرَّسُولَ فَأُوْلَئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللّهُ عَلَيْهِم مِّنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاء وَالصَّالِحِينَ وَحَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيقًا﴾ ﴿كىملەركى اللّاغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت

قىلىدىكەن ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نىئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلار) شېھىتلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار﴾.

ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرگىنىدەك، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغانلىقىغا ھەم چىداپ تۇرالمايتتى.

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دوستلىرى بىلەن ئولتۇرغان بىر سورۇندا، ئۇلارغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەققىدە سۆز قىلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئەسنادا ئۇلارمۇ ئۆزئارا پاراڭلىشىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ۋە: "قارا بۇلارنى! مەن ئۇلارغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققىدە سۆز قىلىۋاتسام، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا پاراڭلىشىۋاتقىنىنى كۆرۈڭ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىمەن ۋە ئىككىنچى ئاراڭلارغا قايتمايمەن" دېدى. نەگە كېتىسەن دەپ سورالغاندا: "ئاللاھ يولىدا جىھادقا كېتىمەن" دېدى.

ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ بىر سۆزىنى ئىككى قىلىشمىدى (يەنى بىر سۆزنى ئىككى قېتىم دېگۈزمىدى). ئىتائەت قىلىشتى. پۈتۈن - قوللىرى ئېغىزلىرىدىن چىققانغا ئەمەل قىلدى.

ئۇمۇ ئۇلارنىڭ "ھەئە ياكى ياق" دېگەن سۆزلىرىنى ئېتىبارغا ئالدى؛ ئۇلارغا شەھەرلەرنى تاپشۇردى. دىنىنى ئامانەت قويدى. ئۇلارمۇ ئۆز ئۈستىدىكى ئامانەتنىڭ چوڭلۇقىنى ھېس قىلىشتى. جىددىي بولۇشتى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش قىلىشتى. زېرىكمىدى، چارچىمىدى.

ئۇلارغا "جەننەتكە يۈگۈرۈڭلار!" دېگىنىدە، قايەردە؟ قاچان؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئال سورىشمىدى. دەل ئەكسىچە، قولىدىكى ساپاقتىن خورما يەۋاتقان ئۇمەير ئىبنى ھەمام قولىدىكى ساپاقنى چۆرۈپ تاشلاپ: "بۇنى تۈگىتىپ

بولغىچە ســـاقلىيالمايمەن“ دېدى – دە، قىلىچىنى ئېلىپ مەيدانغا قاراپ يۈگۈردى.

قۇرئاننى ئاجايىپ تەپەككۇر بىلەن ئوقۇيتتى. ئوقۇغاندا خۇددى رەببى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندەك ئوقۇيتتى.

## ئۆگىنىدىغانلىرىمىزدا بولسۇن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسســـالامنىڭ ئاياللىرى، باللىـــرى ۋە نەۋرىلىرى «ئەھلى بەيت» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ئۇلارمۇ ساھابىلەردۇر.

***

تۇنجى ساھابە رەسۇلۇللاھ ســـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۇنجى ئىمان ئېيتقان ئايالى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر. ئاخىرىدا ۋاپات بولغان ساھابە بولسا، ئەبۇتتۇفەيل ئامىر ئىبنى ۋەسىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

***

ساھابىلەر ئىككى گۇرۇپپىدۇر:

مەككە مەزگىلىدە مۇســـۇلمان بولـــۇپ مەدىنىگە ھىجــرەت قىلغانلار، بۇلار مۇھاجىرلار دېيىلىدۇ ۋە مەدىنىدە مۇســـۇلمان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســـەللەمنى ۋە مۇھاجىرلارنى باغرىغا باسقانلار، بۇلار ئەنسارىلار دەپ ئاتىلىدۇ.

***

ســـاھابىلەرنىڭ ســـانى ھەققىدە كەســـكىن بىر مەلۇمات يوق بولۇش بىلەن بىرگە، يۈز يىگىرمە مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكىگە دائىر مەلۇماتلار بار.

***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسســـالامنىڭ مەســـجىدىنىڭ ئارقىســـىدا قورساقلىرىنى تويغۇزۇپلا، قۇرئـــان ۋە ھەدىس ئۆگەنگەن، ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ۋەزىپىلەرنى ۋە دەۋەت - تەبلىغ ئىشلىرىنى ئورۇنلىغان ساھابىلەر: «ئەسھابۇس سۇففە» دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇرئان ئۇلاردا خۇددى ئوت – ياشلاردەك كۆكلىدى؛ قىتئەلەرگە، دىيارلارغا يېيىلدى. ئوقۇشتى ۋە ئەمەل قىلىشتى. ئوقۇشتى، تەسىرلەندى ۋە باشقىلارغا تەسىر كۆرسەتتى. ھەر ئوقۇغان ئايەتنىڭ بېشىدا خۇددى "بۇ ئايەت سېنىڭ ئۈچۈن نازىل بولغان، بۇنىڭغا كۆرە ئوقۇغىن!" ئاگاھلاندۇرۇشى باردەك دىققەت بىلەن ئوقۇشتى. ئۇلار قۇرئاننى ۋاراقلاپ قويۇشمىدى. "ئەجەبا؟" دېگەن سۆز ئېغىزلىرىدىن چىقىپ قالمىدى. چۈشەنمىگەنلىرىنى سوراشتى؛ ئەمما ئىككى يۈزلۈك قىلىشمىدى. قۇرئاننى ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن ئالغانلار، ھېچ بۇزۇلمىغان، ئۆزگەرتىلمىگەن بىر قۇرئان ئېلىشتى. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئۆز كىتابلىرىغا قىلغانلىرىنى قىلىشمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ سەمىمىيىتىگە الله شاھىت بولدى.

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە ماڭدى. ئۇنىڭ قولىدا پەقەت قۇرئان بار ئىدى. تېخى تولۇق نازىل بولۇپ بولالمىغان قۇرئاندىن ئايەتلەر ئوقۇدى. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى تىترەتتى. مەدىنە تەسلىم بولدى. قىلىچ كۆرمەستىن قۇرئان بىلەن فەتھى قىلىندى. مەدىنىگە ئوخشاش قانچىلىغان

**ۋەزىپىمىز/ ئەدەپ – ئەخلاقىمىز**

ساھابىلەرنى ياخشىلىق بىلەن ئەسلەشنىڭ ئەڭ گۈزەل يوللىرىدىن بىرى ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىشتۇر.
بۇ دۇئا شۇ شەكىلدە قىلىنىدۇ:

ئەر ساھابە ئۈچۈن:

**رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،**

ئايال ساھابە ئۈچۈن:

**رەزىيەللاھۇ ئەنھا،**

كۆپلۈك شەكىلدە تىلغا ئېلىنغاندا:

**رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم،**

دادىلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن تىلغا ئېلىنغاندا، ئەگەر دادىلىرىمۇ ساھابە بولسا (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، يەنى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئىپادىسىدە بولغاندەك)

**رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما،**

دېيىلىدۇ.

**رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:**

الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن، دېمەكتۇر.

www.uyghurkitap.com

**ئىبنى تەيمىيەنىڭ ئىنكاسى:**

ساھابە كىراملارنىڭ ئىختىلاپى ھەققىدە بىزگە كەلگەن مەلۇماتلار ئۈچ بۆلۈمدۇر:

1 – ئويدۇرما مەلۇماتلار بار.

2 – قوشۇپ قويۇلغان ۋەياكى تولۇق يەتمىگەن مەلۇماتلار بار.

3 – بىزگە تولۇق ۋە توغرا شەكىلدە يەتكەن مەلۇماتلار بولۇپ، بۇ ئەڭ ئاخىرقىسى ھەققىدە شۇلارنى دەيمىز: ئۇلار بىر مەسىلىدە ئىجتىھاد قىلغان بولسا، بۇ ئىجتىھادلىرى خاتا بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلار مەئزۇردۇر. يەنى ئۆزرىلىكتۇر.

شەھەرلەر، ئەۋس ۋە خەزرەجگە ئوخشاش قانچىلىغان قەبىلىلەر ئىمان ئېيتىشتى. نېمە بىلەن؟ ئۇلار ئوقۇغان ۋە باشقىلارغا تىڭشاتقان قۇرئان بىلەن...

ئۇلار بىر نەرسە ئۆگىنىش ئۈچۈن كەمتەرلىك ۋە پىداكارلىقنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۈرنەكلىرىنى ئەمەلى كۆرسىتىشتى، ھىجرەت قىلىشتى، ئاچ قېلىشتى، يالاڭئاياق مېڭىشتى، ئائىلىلىرىدىن يىراقلاردا ياشاشتى؛ ئەمما بىر ھەدىس ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنى ئۆگىتىشكە ئالاھىدە غەيرەت كۆرسىتىشتى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ دۇنيانى ئۆز قوللىرى بىلەن: نىرى تۇر، دېيىشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ "ئەسھابۇس سۇففە" سى تۇنجى مەكتەپنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، ئاجايىپ تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلارغا سىڭىنغان پەرۋىشلەر ھېچقاچان زايا بولمىدى.

قان تەرلىرى بىلەن تاپقان مال – دۇنيالىرىنى دىن قېرىنداشلىرى بىلەن بۆلۈشۈشتىن ھېچ ئىككىلەنمىدى. قېرىنداشلىرىغا بېرىشتىن، خۇددى ئالغاندەك خۇشاللىق ھېس قىلاتتى. ئاجايىپ ئۇلۇغ ۋە تەڭداشسىز "دىنىي قېرىنداشلىق" مىسالىنى كۆرسىتىشتى. ئۇلار دىنىي قېرىنداشلىرىنى ئۆز ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشلىرىدىن بەكرەك يېقىن كۆرۈشتى. ئۆيلىرىنى، كۆڭۈللىرىنى قېرىنداشلىرىغا ئېچىشتى.

***ئۇلار شەرىيەتنى چىچاڭشىتىۋەتتى. ئۇلار تولۇق مەنىسى بىلەن بىر قېرىنداشلىق مەكتىۋى بولۇشتى.***

ئۇلار ئۆلۈمگە ۋە قانغا جەڭ ئېلان قىلىشقان ئىدى. ئالدىغا "الله ئۈچۈن" دېگەن مىدال كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە نە ھايات، نە بالا - چاقا كۆرۈنمىدى.

***ياشاۋاتقاندەك ئۆلۈشتى. ئۆلۈمنى سوغۇق سۇ ئىچكەندەك ئىچىشتى.***

ئۇلار ئۆلۈمگە كۈلۈمسىرەشتى. قەلبلىرى گۆشتىن ئەمەس، خۇددى پولاتتىن يارالغاندەك قەيسەر بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ خۇلاسىسى: سۆز، ئەمەل، ئىخلاس ۋە ساداقەتتىن ئىبارەت ئىدى.

الله تائالا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلاردىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۇلارنى ماختىدى.

بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۆتمۈشلىرىدىكى يېزىلىپ ۋە كۆرسىتىلگەن غەيرەتلىرى سەۋەبلىك قىلىپ سالغان خاتالىقلىرى مەغپىرەت قىلىنغان.

## ئۇلار ھەققىدىكى ئېتىقادىمىز

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلمايمىز، بەلكى ھەممىسىنى ياخشى كۆرىمىز.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەمراھلىرى، دوستلىرى، ساھابىلىرى بولۇشتەك، ئېرىشىلىشى مۇمكىن بولمىغان بىر شەرەپكە ئېرىشكەنلىرىدىن كېيىن، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشكە باشقا بىر سەۋەب ئىزدەشنىڭ نېمە كېرىكى؟!

ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشنى ئىمان، ئېھسان؛ ئۇلارنى يامان كۆرۈشنى مۇناپىقلىق ۋە ھەددىدىن ئېشىش دەپ قارايمىز. بىز اللهنىڭ: "ياخشى كۆردۇم" دېگىنىنى ياخشى كۆرىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى كۆرگىنىنى ياخشى كۆرىمىز.

**ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈندۈرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىشنىڭ رەسۇلۇللاھنى غەمكىن قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز ۋە بۇنىڭغا كۆرە ئىش ئېلىپ بارىمىز.**

ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدۇر.

www.uyghurkitap.com

قۇرئاننىڭ ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ماختىشىغا لايىق بولغانلاردۇر.

**ئۇلار بىلەن كېيىن كەلگەنلەر ئارىسىدىكى دەرىجە مۇسابىقىسى ئاللىبۇرۇن تاقالغان. ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىگە يۈكسىلىش مۇمكىن ئەمەس.**

**ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىرى ۋاقىتلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىكى ئىدى!**

**مۇسابىقىنىڭ تۇنجى قەھرىمانلىرى ئۇلار بولدى. ئەڭ چوڭ سەۋر ئىمتىھانلىرىدىن ئۇلار ئۆتتى. تۇنجى تەبلىغچىلەر ئۇلار بولدى.**

اللە ئۇلاردىن رازى بولدى، ئۇلارمۇ اللەتىن رازى بولۇشتى.

دىنىنىڭ تۇنجى قېلىپلىرىنى، تۇنجى بايراقلىرىنى كۆتۈرگەنلەر ئۇلار بولۇشتى. كېيىنكى نەسىللەر ئۇلارنىڭ پىداكارلىقلىرىنىڭ ئەسىرى سۈپىتىدە ئىسلام بىلەن شەرەپلەندى. مۇسۇلمان بولۇشىمىز، ئىبادەت قىلىشىمىز، رەببىمىزنىڭ كىتابىنى كەمتۈكسىز، تالاش - تارتىشسىز ئوقۇيالىشىمىز، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى، تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان غەيرەت ۋە سەۋرچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۈستىمىزدە ئۇلارنىڭ ئىزناسى بار. بىز ئۇلارنىڭ غەيرەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتى.

# ئۇلار

ئەڭ يۇقىرى ئىشەنچ دەرىجىسىدىكى ئىمانغا ئىگە بولۇشتى.
رۇخسەت بېرىلگەن ئەمەللەر بىلەن ئەمەس، ئەڭ مۇشەققەتلىك، سەۋر، چىدام تەلەپ قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشتى.
اللە يولىدا شېھىت بولۇش ئەڭ چوڭ ئارزۇلىرى بولدى.
اللە يولىدا چىقىم قىلىدىغان ۋاقىتتا مۇسابىقىغە چۈشۈشتى، ھېچبىر ئۆلچەم تونۇمىدى.

# ئۆلار

شــجائەت بىلەن مېھرىبانلىقنى بىر يەردە تۇتتى. نەملەنگەن كۆزلەر بىلەن ياشاشــتى؛ ئەممــا ئىنتايىن جىددىي قارارلارنى چىقىرالىدى. ھايات بىلەن ئۆلۈم ئارىســـدا ھەقىقـــى تەكپۇڭلۇق ســاقلىيالىدى. ئەبۇ بەكرىمۇ ئۆلاردىن ئۆمەرمــۇ ھــەم، ئوســمانمۇ ئۆلاردىن ئەلىمــۇ ھــەم، خالىدمــۇ ئۆلاردىـــن ھەسسانمۇ ھەم...

> بۇ ئايەت ئۆلار ئۈچۈن نازىل بولدى.
>
> ئۆلارنى چۈشەندۈردۇ:
>
> ئەڭ ئاخىرقى ۋە كەسكىن ھۆكۈمنى چىقىردۇ.
>
> ھەممىدىـــن ئىلگىـــرى ئىمـــان ئېيتقـــان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۆلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۆلارنىڭ يولىدا ماڭغانـــلار) دىـــن اللّٰه رازى بولدى. ئۆلارمۇ اللّٰهدىن مەمنۇن بولدى. اللّٰه ئۆلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى ئـــۆلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ بۇ چوڭ بەختتۇر. سۇرە تەۋبە، 100 - ئايەت

ئۆلارنىـــڭ ئارىســـدا يـــۈز بەرگـــەن ئىشـــلاردا تەرەپبازلىق قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىـــش، ئۆزىمىزچـــە ھەرخىـــل ســۆزلەرنى قىلــپ سىلىشـــتەك ئىشلارغا ئەسلا يېقىنلاشمايمىز. ئۆلار پەرىشـــتىلەردىن ئەمەس ئىدى، بىزگە ئوخشـــاش گۆش ۋە ئۇستىخاندىن يارىتىلغان ئىدى. تومۇرلىرىدا قان ئاقاتتى. ئىنســـانغا ئوخشـــاش ياشاشتى، ياخشـــى كۆرۈشـــتى، ئاچچىقلاشتى، يىغلاشـــتى، كۈلۈشـــتى، يېيىشتى - ئىچىشـــتى، ئۇخلاشـــتى، ئايلىنىشـــتى. باي بولۇشـــتى، ئاچلىق دەردىنى تارتىشتى.توي قىلىشـــتى، بالا چوڭ قىلىشتى. ئىشچى بولۇشتى، خوجايىن بولۇشتى. باتۇر يىگىتلەر ئىدى، پاشانغان بوۋايلار بولۇشتى. قىسقىسى، ئۆلار ئادەتتىكى ھەرقانداق ئىنســـانغا ئوپئوخشـــاش ئىدى. ھېچقاچان پەرىشتە بولۇشمىدى؛ ئەمما پەرىشتىلەر بىلەن مۇسابىقىغە چۈشۈپ ئۆلارنى خىجىل قىلىشتى. ئىنسان بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئىنساننىڭ بېشىغا كېلىدىغان نىمە بولسا، ئۆلارنىڭ بېشـــغا ھەم كەلدى. گۇناھلارغا مۇبتىلا بولغان ۋاقىتلىرى ھەم بولدى. دەرھال ئۆزلىرىنى ئوڭشىدى. گۇناھنى تەۋبە بىلەن يېپىشتى. كۆز ياشـــلىرى بىلەن ئەڭ ئېغىر گۇناھلارنى يۇيۇشتى. ئاچچىقلىنىپ قاتتىق

گەپ قىلغان ۋاقىتلىرى ھەم بولدى. ئاگاھلاندۇرۇلغان ھامان دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشــتى. ﷲ تائالا ئۇلارغا: "پەيغەمبەرنىــڭ ھۇزۇرىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن گەپ قىلىشــماڭلار" دېدى. شــۇندىن كېيىن ئۇلار خۇددى تىللىرى كېسىلگەندەك بولۇپ كېتىشتى.

يىقىلىشــتى، ئەمما ئورنىدىن دەس تۇرۇشنى بىلىشتى. بۇ سەۋەبتىن ھەم، يىقىلىپ چۈشۈشلىرى ئۇلارنى ۋەيران قىلالمىدى.

رەسۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قالدۇرغان دۆلىتىنى ئىدارە قىلىش شەرىپىنىڭ ئۆزلىرىدە بولۇشىنى خالاشتى. "دىنىنىڭ قوغدىغۇچىسى مەن بولاي، بايراق مەندە بولسۇن!" دېگەن ئارزۇلارغا چۆمۈلۈشتى. بۇ ئارزۇ ھەربىرســىدە بولۇشى بىلەن تەڭ شــەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە پەيدا قىلــدى. تالاش - تارتىش قىلىشــتى. تېخىمۇ ياخشىســى، ئەڭ گۈزىلىنى تېپىش مۇسابىقىسى ئۇرۇش قىلىشلىرىغا سەۋەب بولدى. ئۇرۇش قىلىشتى. چۈنكى ئۇلارمــۇ بەندە ئىدى. ئىمتىھان ئىچىدە ئىدى. ئۇرۇشــۇش ھالىغا كېلىشلىرىمۇ ئىمتىھانلىرىنىڭ بىر داۋامى ئىدى. تالاش - تارتىش قىلىشتى، ئۇرۇش قىلىشــتى. پەرىشــتىلەر يېزىپ خاتىرىلىدى. دەپتەرلەر قاتلاندى؛ ھەممىسى پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا كېتىشتى.

كەينىدىــن كەلگەنلەر ئىبرەت ئېلىپ، دىنلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشســا غەلىبە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مىڭلاچە گۈزەللىكى ئورنىغا، ﷲنىڭ ئەيىبى بىلەن يېپىلغان شــۇ ۋەياكى بۇ ئىشلىرىنىڭ ئارقىســىدىن گەپ قىلىپ يۈرۈشسە، ئۇلار يەنىلا غەلىبە قىلىــدۇ، كەينىدىن كەلگەنلەر زىيان تارتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلىنىشــقا لايىق قانچىلىغان داستانلارغا ئايلانغان گۈزەللىكلىرى بار! بەدىرلىرى، ئۇھۇدلىرى، مۇئتەلىرى بار...

بــۇ ئۈممەتنىڭ ســەلەپلىرى ئۇلارنىــڭ ئارىلىرىدىكى ھــەر خىل تالاش - تارتىشلارغا كىرمەسلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقان.

ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشــتە ھەددىدىن ئاشۇرۇپ بۇتلاشتۇرمايمىز، شۇنداقلا ئۇلارنى خاتادىن تامامەن خالى مەسۇم دەپمۇ قارىمايمىز.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ۋە ئەڭ پەزىلەتلىكىدۇر.

ئۇنىڭدىن كېيىن خەلىپىلەردىن ھەزرىتى ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار كېلىدۇ.

ئۇلاردىن كېيىن بولسا، جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن قالغان ئالتە ساھابە كېلىدۇ.

**ئاللاھ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن.**

بۈيۈك ھەدىسشۇناس ئەبۇ زۇرئە دەيدۇكى:

**"بىر كىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنى ئەيىبلەۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ، بىلگىنكى، ئۇ زىندىقتۇر.**

**چۈنكى رەسۇلۇللاھ ھەقتۇر.**

**قۇرئانمۇ ھەقتۇر.**

**قۇرئاننى ۋە سۈننەتنى بىزگە رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى يەتكۈزدى.**

**بۇ ئىككىسى بىلەن ئارىمىزدىكى يولباشچىلىرىمىزنى ئەيىبلەپ، كىتابىمىزنى ۋە سۈننىتىمىزنى ئەمەلدىن قالغان بىر ھالغا كەلتۈرۈشنى خالايدۇ. ئەسلىدە ئۇلار ئەيىبلىكتۇر، زىندىقلاردۇر."**

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن ساھابىلەر ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇرۇشلار ھەققىدە سورالغاندا، مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

**"ئۇ ئاققان قانلارغا ئاللاھ قولىمىزنى تەگكۈزمىدى. نېمىشقا تىلىمىزنى تەگكۈزگىدەكمىز؟"**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قىيامەت ھەققىدە سوراپ: **"قىيامەت قاچان بولىدۇ؟"** دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

**"ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمە تەييارلىدىڭ؟"** دېدى. ئۇ ئادەم: "ھېچنەرسە! ئەمما مەن اللهنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىمەن، دېدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدىكى:

**"سەن ياخشى كۆرگىنىڭ بىلەن بىللە بولىسەن".**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى:

"بىز ھېچبىر نەرسىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **"سەن ياخشى كۆرگىنىڭ بىلەن بىللە بولىسەن"** دېگەن سۆزىگە سۆيۈنگەندەك سۆيۈنۈپ باقمىدۇق.

مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە ئوخشاش ئەمەلىم بولمىسىمۇ، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەنسارى

# مۇھاجىر

# ھىجرەت

”ھەقىقىي مۇھاجىر،

ﷲنىڭ چەكلىگەنلىرىنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر.“

(بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

## بۈيۈك ھىجرەتتىن بۇرۇنقى ۋەقەلەر:

### 13 يىل جەريانىدا:

اﷲنىــڭ دىنىي ئىنســانلارغا تولۇق يەتكۈزۈلگەن بولســىمۇ، كۈتۈلگەن نەتىجە چىقمىدى. چىدىغۇسىز ئەزىيەت ۋە مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىندى.

-ئۈچ يىل داۋام قىلغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائى بايقوت قىلىنىشقا بەرداشلىق بېرىلدى. چىداش كۈچى ئازايدى.

- ئىمــان ئېيتــش شــەرىپىگە نائىل بولغانلار كۆپىنچە ئاجىز ۋە ئىگە - چاقســىزلار بولدى. كۈچلۈكلەر ۋە كۈچ - قــۇۋۋەت قولىدا بولغانلار ئىسلامغا قارشى چىقىشتى.

- ئىككى قېتىم ھەبەشىســتانغا ھىجرەت قىلىندى. ئەمما ئۇ يەرگە كەتكەنلەرنىــڭ ھاياتــى بىخەتەرلىككــە ئېرىشــكەنىنىڭ ســىرتىدا يەنىلا كۈتۈلگەن نەتىجە چىقمىدى.

- مۇئمىنلەر اﷲنىڭ ياردىمىنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى سورىغانسېرى، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىلگىرىكى زامانلاردا نېمىلەرگە سەۋر قىلغانلىقلىرىنى چۈشەندۈرگەن سۈرە يۇسۇف ۋە سۈرە كەھفكە ئوخشاش سۈرىلەر، ئايەتلەر نازىل بولدى.

- تائىفقــا ئوخشــاش يېقىــن ئەتراپتىكــى رايونلاردىن بىرســىنىڭ ئىسلامنىڭ مەركىزى بولۇش ئېھتىمالى قالمىدى.

- خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەبۇ تالىبقا ئوخشــاش قوللىغۇچىلار يوق بولدى.ئىنسانىي ئىمكانىيەتلەر تارايدى.

- كۇفرىــدا ئەزۋەيلىگــەن قۇرەيشــىنىڭ ئۆچمەنلىكى بارغانســېرى

كۈچەيدى. ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكىدە يۇمشاش، ۋەزىيەتتە بوشاش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى.

- يەسرىبتە كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئۇمىد قىسقا ۋاقىتتا كۈچلەندى. بىر ئەسىردىن كۆپ زاماندىن بۇيان بىر - بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشقان يەسرىبلىكلەر، ئىسلام سايىسىدا ئۇرۇشماستىن بىر يەردە ياشىيالايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ غەلىبىسى بىلەن، ئەقەبە بەيئەتلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نەتىجە بەردى. يەسرىبلىكلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆز ئارىلىرىغا دەۋەت قىلىشتى

ۋە ھىجرەت مۇھىتى تەييار بولغاندا بۇيرۇق كەلدى...

## ھىجرەتنىڭ يۈنىلىشى

**ھىجرەت قىلىنىدىغان جاي:** يەسرىب.

**تەرك ئېتىلگەن جاي:** مەككە.

**تەرك ئېتىش سەۋەبى:** ﷲقا ھەققى بەندىچىلىك، قۇلچىلىق قىلالماسلىق.

**تاشلاپ ماڭغانلار:** رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرى.

ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىشى بىلەن ساھابىلەرنىڭ كۆپ قىسمى بەزىلىرى مال – دۇنياسىنى، بەزىلىرى پۈتۈن نەرسىسىنى پىدا قىلىپ، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا، پەقەت جانلىرىنى ۋە كىيىملىرىنى ئېلىشىپلا يەسرىبكە ھىجرەت قىلىشتى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە ھىجرەت قىلدى.

رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەككىدە كىشىلەر رەسۇلۇللاھقا قويغان ئامانەتلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ

بىرىش ئۈچۈن ئۆز ئورنىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ يولغا چىقتى. مەدىنىگە ماڭىدىغان يولنىڭ ئەكسىگە قاراپ يولغا چىقتى ۋە سەۋر تېغىدىكى بىر غارغا يوشۇرۇندى...

## مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلار

**مۇھاجىر** (ھىجرەت قىلغۇچى) ئۆز يۇرتىدىن، مىلىدىن، دوست – يارەنلىرىدىن... مەككىدىن، ئىبراھىمنىڭ كەئبىسىدىن... ياخشى كۆرۈلگەن ۋە كۆنگەن نىمە بولسا شۇنىڭدىن... ئەقىدىلىرى ئۈچۈن ھەر نەرسىدىن ۋاز كېچىپ ماڭغانلار.

**ئەنسار:** الله تەرەپكە قاچقانلارنى الله ئۈچۈن باغرىغا باسقانلار. قېرىنداشلىقنىڭ، پىداكارلىقنىڭ قۇرئان بىلەن ماختالغان مىسلىسىز ئۆرنەكلىرىنى تارىخقا يېزىپ كەتكەنلەر.

## ھىجرەتنىڭ نەتىجىلىرى

## تارىختا يېزىلغان مىسلىسىز ئۆرنەكلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇشمەنبە كېچە ئۆيىنى تاشلاپ ھىجرەت يولىغا چىققاندا، ئۆيىدە ئۆزىنى ئىبراھىمنىڭ يۇرتىنى تاشلاشقا زورلىغان كىشىلەرنىڭ ئامانەتلىرى بار ئىدى. ئۇلارنى ئۆز ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆز ئورنىغا قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

- مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلار ئارىسىدا قېرىنداشلىق ئورنىتىلدى. ھەربىر مەدىنىلىك مۇئمىن بىر مۇھاجىرنى ئۆزىگە قېرىنداش بىلدى.مېلىنى، تىجارىتىنى، ئۆيىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۈلەشتى.

- ئىسلام كېڭىيىش، تەرەققى قىلىش باسقۇچىغا كىردى. مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ بېسىمى ۋە زۇلۇمى ئاستىدا ياشىغان مۇئمىنلەر ئەركىن ۋە بىخەتەر مۇھىتقا ئېرىشتى.

- قۇرئان ئايەتلىرى ئەھكام ۋە مۇئامىلە قاتارلىق مەسىلىلەرگە

قارتىلغان شەكىلدە نازىل بولۇشقا باشلىدى. ئىبادەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بۇيرۇلۇشقا باشلىدى. ئىسلام بولسا، دۆلەتى بولغان بىر دىن تۈسىگە كىردى.

## بۈگۈنكە بېرىلگەن دەرسلەر

ھىجرەت يۇرت - ماكانىنى تەرك ئېتىشتىن بۇرۇن، باتىلنى ۋە ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى تەرك ئېتىش دېمەكتۇر. چۈشەنچىلەرنى، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى، قىزىقىشلارنى ۋە دوست – يارەنلەرنى تاشلىماي تۇرۇپ زېمىننى تەرك ئېتىش قىيىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

**"ھەقىقىي مۇھاجىر، اللّٰەنىڭ چەكلىگەنلىرىنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر."** دېگەن. **شۇڭلاشقا تۇپراق، يەنى زېمىن ھىجرىتى ئېھتىياج بولغاندا، ھېس - تۇيغۇ ھىجرىتى بولسا ھەر زامان بولىدۇ.**

مۇھاجىرلار ھەر نەرسىدىن ۋاز كېچىپ اللهقا ھىجرەت قىلىشقانلىرىدا، ئۇلارغا باغرىنى ئاچقان بىر ئەنسارىلار جامائىتىنى تاپقان ئىدى. ئەنسارىلارنىڭ پىداكارلىقلىرى بولمىسا، نەگە ۋە كىمنىڭ يېنىغا باراتتى؟ ئۇ كۈنى يەسرىبتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈتۈۋالغانلار پەقەت 500 كىشى ئىدى. ئەمما ئۇلار كېيىنكى مىلياردلارنىڭ خېمىرتۇرۇچى ۋە ئاساسى بولۇشتى. مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلار خۇددى ئاۋاز چىقارغان ئىككى قولدەك بولۇشتى. **ھىجرەتكە قۇچاق ئاچقان ئەنسارى بولۇش، مۇھاجىر بولۇشقا ئوخشاشتۇر.**

ھىجرەت پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەرنىڭ قىلغان ئىشى ئەمەستۇر. ئىبراھىم، ياقۇب، يۇسۇف، لۇت ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالاملارمۇ ھىجرەت قىلغاندۇر. **دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھاياتنىڭ ھەقىقى چېھرىسىنى چۈشەنگەن پۈتۈن مۇئمىنلەر يا ھىجرەت قىلغان ياكى ھىجرەتكە تەييار ياشىغان كىشىلەردۇر.**

ھىجرەتتە اللهقا تەۋەككۇل قىلىش، سەۋەبلەرنى ئىشلىتىش، پىداكارلىق قاتارلىق ئۇقۇملارنىڭ ئەڭ گۈزەل نەمۇنىلىرى بار. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھىجرەت قىلىشتا ئىشلەتكەن پىلانى ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە مۇۋەپپىقىيەتلىك بىر پىلاندۇر. ئەڭ ئاخىرىدا ھىجرەت قىلىشى، ياتىقىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇنى قالدۇرۇشى، سەپەر يۆنىلىشىنى مەدىنىنىڭ دەل ئەكسى تەرەپكە قىلىپ تاللىشى، ئۈچ كۈن غاردا ساقلىشى قاتارلىقلار بۇ پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىندۇر. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەيزىلەرنىڭ تېشۇۋېتىشى ئېنىق بولغان بىر ئورۇندا، رەسۇلۇللاھنىڭ ئورنىدا يېتىشى بۈيۈك پىداكارلىقنىڭ ئۆرنىكىدۇر. غارنىڭ تۆشۈكلىرىدىن مۇشرىكلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۆزىنىڭ جېنىدىن بەكرەك يېنىدىكى پەيغەمبىرىمىزنى ئويلىغان ئەبۇ بەكرى ھېچ ئۇنتۇلۇشى مۇمكىنمۇ؟ **ھەرقانداق دەۋا پەقەت شۇ دەۋا مەنسۇپلىرىنىڭ پىداكارلىقلىرى بىلەنلا يۈكسىلەلەيدۇ.**

ھىجرەت ۋەقەسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىشىلىكىنى تونۇشىمىزغا ياردەمچى بولىدىغان ئۆرنەك، نەمۇنىلەر بىلەن تولغان. ئۆلتۈرۈلۈشكە قارار بېرىلگەن بىر شەھەرگە 8 يىلدىن كېيىن ئۇ يەرنى فەتھى قىلغان قوشۇننىڭ قوماندانى بولۇپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشكە قارار چىقارغانلارنى كەچۈرۈم قىلىشى، ھەتتا ئۇلارنى قوغدىشى، قىيىنچىلىقتا ۋە موللۇقتا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم دەرستۇر. ئۇ مەككىدىن چىققاندىمۇ ۋە ئۇ يەرگە كىرگەندىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى تەمكىن بولدى. **مەغلۇبىيەت ۋە غەلىبىنى ئوخشاش تەڭپۇڭلۇق بىلەن قوبۇل قىلالىغانلار ھىجرەت قىلالىغانلار بولغان ئىدى.**

ئىمان ۋە سەۋرىنىڭ ئىچ - ئىچىگە كىرىشىپ كەتكەن ئىككى ئۇقۇم ئىكەنلىكىمۇ ھىجرەت سايىسىدە يەنە بىر قېتىم ئايدىڭلاشتى. **مەككىدىن كەتكەن بىلال بىلەن مەككىگە كىرگەن مۇئەززىن بىلال ئوخشاش بىر بىلالدۇر.**

ھىجرەت "مەن كېتىمەن" دەپلا يۈرۈپ كېتىدىغان شەكىلدە ئاسان بولمىدى. ئەڭ يېقىنلىرىدىن ۋاز كېچىپ كەتكەنلەر، مېلىنى بېرىپ كەتكەنلەر، جان ھەلقۇمدا كەتكەنلەر ئەڭ كۆپ سانىنى ئىگەللەيتتى. **جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ئەمەس، ئىمانلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشتى.**

ھىجرەت ۋەقەسىدىكى ئاياللارنىڭ پوزىتسىيىسى، كېيىنكى ئەسىرلەردە ئاجىزلىقلارنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان مۇھىم بىر بەلگىدۇر.

**ئاياللىرى ھەم مۇھاجىر بولالايدىغان بىر دەۋانىڭ قۇرۇپ چىقالايدىغان ناھايىتى كۆپ مەدەنلىرى ئەلۋەتتە بار.**

## بىر مۇھاجىرنىڭ خاتىرىسى:

مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا شۇنداق دەيدۇكى: "... ئەبۇ سەلەمە مەدىنىگە مېڭىشقا قارار بەرگەندە ماڭىمۇ تۆگە ئېلىپ كېلىپ مېنى ئۇنىڭغا مىندۈردى. ئوغلۇم سەلەمە ئىبنى سەلەمەنىمۇ قۇچىقىمغا قويدى ۋە يولغا چىقتۇق. بىزنى مۇغىرە قەبىلىسىدىن بەزىلىرى كۆرۈشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە: "سېنى بىزدىن قۇتۇلدى دەيلى، ئەمما بۇ قىزىمىزنى ساڭا نېمىشقا بېرىدىكەنمىز؟" دېيىشتى دە، تۆگىنىڭ يۈگىنىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى ۋە مېنىمۇ ئۇنىڭدىن تارتىۋالدى. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ سەلەمەنىڭ يېقىنلىرىدىن ئابدۇلئەسەد ئوغۇللىرىمۇ مەيدانغا چۈشتى ۋە: "سىلەر بىزنىڭ ئادىمىمىزدىن ئۇنىڭ ئايالىنى ئېلىۋالدىڭلار؛ بىزمۇ بالىمىزنى سىلەرگە تاشلاپ بەرمەيمىز" دېيىشتى ۋە بالىنى تارتىپ ئېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى ئېلىپ كەتتى ۋە سولاپ قويۇشتى. ئېرىم ئەبۇ سەلەمە مەدىنىگە كەتتى. شۇنداق قىلىپ مەن يولدىشىم ۋە بالامدىن ئايرىلدىم. ھەر كۈنى ھويلىغا چىقىپ ئەتىگەندىن - ئاخشامغىچە يىغلايتتىم. بۇ تەخمىنەن بىر يىل ئەتراپىدا داۋام قىلدى. ئاخىرىدا بەنى مۇغىرەدىن بىر ئادەم مېنى كۆرۈپ، ماڭا ئىچ ئاغرىتتى ۋە ئۇلارغا: "ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، كەتسۇن" دېدى. ئۇلارمۇ: "خالىساڭ يولدىشىڭنىڭ يېنىغا كەتكىن" دېيىشتى. يەنە بىر جەمەتتىكىلەرمۇ بالامنى بېرىشتى. بالامنى قۇچىقىمغا ئېلىپ، يالغۇز ھالدا مەدىنىگە يولغا چىقتىم. تەنئىم دېگەن جايغا كەلگىنىمدە ئوسمان ئىبنى تەلھەنى كۆردۈم. ماڭا: "نەگە كېتىۋاتىسىز؟" دېدى. مەدىنىگە يولدىشىمنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىمەن. دېدىم. "سەن بىلەن بىرگە ھېچكىم يوقمۇ؟" دەپ سورىدى. الله ۋە بۇ بالامدىن باشقىسى يوق. دەپ جاۋاب بەردىم. "الله بىلەن قەسەمكى، بولمايدۇ، مەن سېنى يالغۇز تاشلاپ قويالمايمەن" دېدى ۋە تۆگىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ، مېڭىشقا باشلىدى. مەن ئەرەبلەر ئىچىدە ئۇنىڭدىن بەكرەك ئېسىل كىشىنى كۆرمىدىم. توختاپ ئارام ئالىدىغان ۋاقتىمىزدا، تۆگەمنى چۆكتۈرۈپ قويۇپ،

www.uyghurkitap.com

يېنىمدىن يىراقلىشاتتى. مەن تۆگىدىن چۈشكەندە، كېلىپ تۆگىنى باغلاپ قوياتتى ۋە تۆگىنى باغلىغان دەرەخنىڭ يېنىدا ئارام ئالاتتى. ماڭىدىغان ۋاقتىمىزدىمۇ تۆگىنى ئېلىپ كېلىپ، مەن مىنىپ بولغىچە يىراقلىشىپ تۇراتتى ۋە مىنىپ بولغاندىن كېيىن كېلىپ، ئۇنى ماڭغۇزاتتى. مەدىنىگە كەلگىچە بۇ مۇشۇنداق داۋام قىلدى. ئەمر جەمەتىنىڭ يېزىسىغا كەلگىنىمىزدە، ئەبۇ سەلەمە يەرلەشكەن يېزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: "يولدىشىڭىز بۇ يەردە" دېدى ۋە مەككىگە قايتىپ كەتتى...".

**لەيلەك كۆچۈپ كېتەر، مۇئمىن ھىجرەت قىلار.**

# ھىجرەت بار، ھىجرەت بار
# ھىجرىتىڭ قىمىدىن قىمغە؟

قۇرئاننى بىر تەكچە كىتابى ھالىغا كەلتۈرۈش، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلماسلىق...

قۇرئانغا مۇراجىئەت قىلغان، ئۇنىڭغا چەمبەرچاس باغلانغان بىر ھايات...

**ھەم اللّٰەقا ئىمان ئېيتىش، ھەممە كاپىرلارنىڭ كۆپىنى ۋە ھېيلىسىنى تېخىمۇ چوڭ كۆرۈش...**

**اللّٰەنىڭ كۆپى ۋە ھېكمىتىگە مۇكەممەل تەسلىم بولۇش...**

مال - دۇنياغا ئەسىر بولۇش، تويماس ئىشتىھا بىلەن ياشاش...

مال - دۇنيانىڭ كۆپ ئەمەس، يېتەرلىك مىقداردا بولۇشى بىلەنلا كۇپايىلىنىش...

**ئۆيقۇغا ئەسىر، قورسىقىغا باغلىنىپ ياشاش...**

**ئۇخلاش ۋە تاماقتا ئوخشاش نورمال ئېھتىياجلارغا غەرق بولماستىن ياشاش...**

ۋەدىلەرگە رىئايە قىلماسلىق، ۋاقىتنى ئەڭ قىممەتسىز ماتادەك ئىشلىتىش...

ۋاقىتنى ئەڭ قىممەتلىك نىئمەتلەردىن بىرى دەپ ئىشلىتىش...

**سىلە - رەھىم، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى مەنپەئەت ئاساسىدا قىلىش...**

**سىلە – رەھىمنى اللّٰەنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن بىرى دەپ قاراپ، شۇنىڭغا كۆرە ئىش قىلىش...**

بالىلارنى ۋە ئائىلىنى جەمئىيەتكە، نامەلۇم تەرەپلەرگە تاشلاپ قويۇش...

ئائىلە ھەققىگە ۋە بالىلارغا سەل قارىماسلىق، ئايالىلارنى اللهنىڭ ئامانىتى دەپ بىلىش...

**ئاتا- ئانىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماسلىق...**

**ئاتا – ئانىنى جەننەت ۋە ياكى جەھەننەم دەپ كۆرۈش...**

ئىشنى ئەتىگە قويىدىغان، دوست تاللىمايدىغان، ياۋايى مىجەزلىك بولۇش...

ھورۇنلۇق ۋە يامان دوست - بۇرادەرلەردىن قېچىش...

**ئىبىل ئۆلگە بولۇشقا لايىق ئالىملارنىڭ ۋە زاھىتلارنىڭ سىرتىدا ھەر خىل ئىسىملارغا باغلىنىپ قېلىش...**

**ئالىملار، زاھىتلار، سالىھلار بىلەن بىرگە بولۇشقا تىرىشىش؛ ئۇلارنى قوغداش، ئۇلارنىڭ ئىزىدا مېڭىش...**

ئىبادەتكە سەل قارايدىغان بولۇش...

باشتا نامازدىن باشلاپ، ھەرقانداق پەرز ۋە نەپلە ئىبادەتلەرگە سەل قارىماسلىق...

**كۆزنى، قۇلاقنى ۋە قولنى ھارامدىن ساقلىماسلىق...**

**ھارامغا قاراش ۋە ھارام بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن قېچىش...**

نېمە بولسا شۇنى يەيدىغان، ھالال – ھارام پرىنسىپلىرىغا ھېچ پەرۋا قىلمايدىغان ئاشقازاننى تولدۇرۇش...

يېمەك - ئىچمەكتە ھارامدىن، ھەتتا شۈبھىلىك نەرسىلەردىنمۇ يىراق تۇرۇش...

**يالغانچىلىقتىن، غەيۋەتتىن، تۆھمەت چاپلاشتىن نىسۋە ئېلىش...**

**يالغانچىلىق، غەيۋەت ۋە تۆھمەتتىن تامامەن ئادا جۇدا بولۇش...**

يالغۇز، جامەئەتسىز ياشاش...

ياخشى كۆرۈشكە ۋە ياخشى كۆرمەسلىككە ﷲنىڭ ياخشى كۆرگەنلىرى ۋە ياخشى كۆرمىگەنلىرى دەپ ئۆلچەم قويۇش...

**جامائەت ئىچىدە ۋە ئىشچان بىر كىشى بولۇپ ياشاش...**

www.uyghurkitap.com

# تۇنجى ۋە يېگانە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**"ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ماڭا نىسبەتەن دوست - بۇرادەرلىك ۋە پۇل - مال جەھەتتە ئەڭ مەنپەئەتلىك بولغىنى ئەبۇ بەكرىدۇر. ئەگەر رەببىمدىن باشقىسىنى دوست تۇتسامتىم، ئەبۇ بەكرىنى تۇتاتتىم. ئەمما ئارىمىزدا ئىسلام قېرىنداشلىقى ۋە دوستلۇق بار".**

ھەدىس شەرىپ

**ئابدۇللاھ ئىبنى ئوسمان:**

**ئەبۇ بەكرى سىددىق** رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدىن چۈشكەندىن كېيىن، ھېچكىم يېنىغا يېقىنلاشمىغان، دەۋەتكە قۇلاق سالمىغان ئەڭ قىيىن كۈنلەردە "مەن ساڭا ئىشەندىم" دېگەن ئەرلەرنىڭ تۇنجىسى بولدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ھېچكىم بولمىغان كۈنلەردە بار ئىدى. كەلگۈسى كېيىللىك ۋە كۈچلۈك بىر ئۈمىد يوق ئىدى. بىرەر ياخشى خەۋەر كەلمەيتتى. ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەن كىشى ئىشىنى، كۈچىنى، ئۆيىنى، ھوزۇر - ھالاۋىتىنى تاشلاپ كېلەتتى. شۆھرەت ۋە مال - دۇنيا ئىرىپ توگەۋاتاتتى.مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارىماستىن، ھېچكىم كۆڭۈل بۆلۈشنى خالىمىغان كىشىگە كۆڭۈل بەردى. كۆزى بىلەن كۆرمىگەن، پەقەت ئاڭلىغان مەلۇماتلارنىڭ بۆلىقى تەرەپكە يۈگۈردى. تاغىلىرى يېقىنلاشمىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلاشتى. ھەممە كىشى يىراقلاشتى، ئەمما ئۇ يېقىنلاشتى. ھەممە كىشى ئىككىلەندى، ئەمما ئۇ تەستىقلىدى. ئۇ "اللەقا بەندە (قۇل) بولۇڭلار" دەپ چاقىرغان دەۋەتچىگە، نەق، ئوچۇق جاۋاب بەردى: بىر قېتىم "ماقۇل" دېدى، يىگىرمە بەش يىل كېيىن شۇ دېگەن سۆزى بىلەن ئۆلدى. سەممىيلىكىدىن ۋە ساداقەتمەنلىكىدىن

هېــچ ۋاز كەچمىدى. بــوران - چاپقۇنلار، ھەر خـــل قىيىنچىلىقلار ئۇنى تەۋرىتەلمىدى؛ دەل ئەكسىچە كۈچلەندۈردى. نازىل بولغان ھەربىر ئايەت ئۇنـــى تېخىمۇ كۈچلۈك مۇئمىن قىلدى. ئــۇ ئاڭلىغان ھەربىر ھەدىس ئۇنى مەســت قىلدى. ئۇ خۇددى بىــر كىچىك بالىدەك ئاڭلايتتـــى. جاۋابلار بىر قەلبتىن چىقاتتى: "بولىدۇ ئى رەسۇلۇللاھ، ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ"، ئەلەم چەكتى، لېكىن ئەلەملىرىنى يوشۇردى. يىغلىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرمىدى. ئۇ دوســت ئىدى، يول ھەمراھى ئىدى، ۋاپا ئابىدىسى ئىدى.

**"ئەبۇ بەكرى بىزنىڭ ئۇستازىمىز، ئەڭ خەيرلىكىمىز ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئارىمىزدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنىدۇر."**

**- ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)**

## ئۇ تۇنجى ۋە يېگانە ئىدى

ئىمــان ئېيتقاندىن كېيىن، ئەمــدى قۇتۇلدۇم، جەننەتكــە كىرىمەن دەپ ســۆيۈنۈپ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىپ يۈرمىدى. بەلكى جاھىلىيەت پاتقىقىغا چۆككــەن، قۇتۇلدۇرۇلۇشـــنى كۈتۈۋاتقــان ئىنســانلارنىڭ كۆپــۈر ئىچىدە ئەزۋەيلەشــلىرىدىن ئەندىشــىلىنىپ دەۋەتكــە چىقتى. ئىشىكمۇئىشــىك ئايلىنىپ، "مەن قۇتۇلدۇم، ســىلەرمۇ قۇتۇلۇڭلار" دېدى. بەزىدە يالۋۇردى، بەزىــدە قانائەتلەنــدۈردى. الله ئۇنىڭ دەۋىتىگە بەرىكــەت بەردى. ئۇنىڭ ئاۋازىغا كېيىن ئۈممەتنىڭ كاتتىلىرىدىن بولغان قانچىلىغان كىشــىلەر قۇلاق سالدى.

**ئوسمان ئىبنى ئەففان،**

**زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام،**

**تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ،**

**سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس،**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف**

قاتارلىق جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بەشى ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن مۇئمىنلەر ئارىسىغا قېتىلدى.

ئۇ يەنىلا ياستۇق قىرلاپ ياتمىدى. ئازاب - ئوقۇبەت ئاستىدا قىينالغان بىلالغا قول ئۇزاتتى. ئۇنى ئاسارەتتىن قۇتقۇزدى. قۇللۇقتىن پەيغەمبەر مۇئەززىنلىكىگە يۈكسەلگەن يولغا كىرىشكە ۋەسىلە بولدى.

**ئۇ تۇنجى ۋە يېگانە ئىدى**

ئۇ پەقەت ئاۋازى ۋە مېلى بىلەنلا خىزمەت قىلمايتتى. بەدىنى بىلەن ھەم خىزمەت قىلدى. مۇشرىكلارغا تىكىلدى. ئۇلارغا قارشى ئۆزى ئىمان ئېيتقان پەيغەمبىرىنى قوغدىدى. "گۇناھى ﷲقا دەۋەت قىلىش بولغان بىرىگە قانداقمۇ ئەزىيەت يەتكۈزۈسىلەر؟" دېدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىمانىنى جاراڭلىق ھالدا جاكارلىدى ۋە ئۆلگۈدەك ئۇرۇلدى. ھوشىغا كەلگىنىدە تۇنجى سورىغان سۇئالى "رەسۇلۇللاھ قانداقراق؟" بولدى.

نە جان، نە جانان! ئۇ پەقەتلا سۆيۈملۈك پەيغەمبەرنى ياخشى كۆردى! شۇقەدەر ياخشى كۆردىكى، ئۇ ياخشى كۆرۈشىنىڭ ئالدىدا ئۆز جېنى ۋە جانانىنىمۇ ئېرىپ كەتتى.

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ مۇسنەدىدە رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**"ھېچكىمنىڭ مېلى ماڭا ئەبۇ بەكرىنىڭ پۇل - مېلىدەك ئەسقاتمىدى".**

**ئۇ تۇنجى ۋە يېگانە ئىدى.** ئۇ مېلىنى ﷲ يولىدا سەرپ قىلدى ۋە قۇللارنى ئازات قىلىپ، كۆپلىگەن بىلاللارنى مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىغا قاتتى. كېيىن ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىپ قويمىدى، يۈزىگە سالمىدى. ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى پەقەت ﷲ بىلدى. ئۇ يول يۈرگەندە ياخشىلىق قىلغان بىر كىشىنىڭ مېڭىشىدەك، پەخىرلەنگەن ھالەتتە ماڭمىدى. ئۇنى سىرتتىن كۆرگەنلەر ئۇنى ياخشىلىق قىلغۇچى

كىشــى ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ھېسداشــلىقىغا ئۇچرىغان مىسكىن دەپ ئويلاپ قېلىشتى. ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى، سەدىقىلىرى ئۆرنەك بولدى. ئۇ ئارقىســـدىن يۇگۇرۇلگەن، ئەمما ھېچ يېتىشكىلى بولمايدىغان، ئۇنىڭغا ئوخشاش بولۇش ئارزۇ قىلىنغان، ئەمما تەقلىد قىلىنىشى مۇمكىن بولمىغان بىرى بولدى. ئۇنىڭغا قانداقمۇ يېتىشــكىلى بولسۇن!؟ ئۇ مېلىنى الله يولىدا چىقىم قىلغان تۇنجى مۇئمىن ئىدى.

**ئۇ تۇنجى ۋە يېگانە ئىدى**

ئۇ پەيغەمبــەر ئەلەيھىســـالامغا ھىجرەتتە ھەمراھ بولــدى، غاردا ئۇنىڭ يالغۇزلۇقىنى كەتكۈزدى. ئۇلار چىققان بۇ سەپەردە بىخەتەرلىك كېپىللىكى، ئۇلارنى كۈتۈۋالىدىغان بىرەر كىشى يوق ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار ئۆلۈم بىلەن قول تۇتۇشــقان بىر سەپەرگە چىقىشقان ئىدى. كېتىش بار ئىدى، ئەمما قايتىش زور ئىدى. ئۇلار تاشلاپ ماڭغان مەككىدە ئىجارىكەش ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ نەسىللىرى، چوڭ دادىلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىســالامغىچە ئۇزىراتتــى. مۇنداقچــە قىلىپ ئېيتقانــدا، ئەجداد زېمىنىنى تاشــلاپ مېڭىشــقان ئىدى. قاراپ باققىنىكى، ئۇ ھېچ ئارقىسىغا قارىمىدى. تاشــلاپ ماڭغان نەرســىلەرگە كۆز قىرىنى سالمىدى.بارماقچى بولغــان يەرنىمۇ قانداق يەردۇ دەپ ئويــلاپ يۈرمىدى. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى بىرلا ئىدى: رەســۇلۇللاھ! ئۇ بولسىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن غەم - قايغۇ يوق ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرگە ھىجرەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىشى بىلەن تەڭ خۇشاللىقىدىن ئۆچۈپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ خۇشاللىق بىلەن غارغا كىردى. ئۇ خۇشاللىق بىلەن چۆللەرگە يول ئالدى.

الله تائالا ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ ســەپىرىنى، ئۇ سەپەردىن بىر ئارىيە بىلەن قۇرئاندا ئەبەدىيلەشتۈردى: ﴿إِذْ أَخْرَجَهُ الَّذِينَ كَفَرُواْ ثَانِيَ اثْنَيْنِ إِذْ هُمَا فِي الْغَارِ إِذْ يَقُولُ لِصَاحِبِهِ لاَ تَحْـزَنْ إِنَّ اللّهَ مَعَنَـا﴾ **﴿ئۆز ۋاقتىدا كافىرلار ئۇنــى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشــى (يەنى ئەبۇبەكرى ســىددىق) ھەمــرا ئىــدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىســى غــاردا ئىدى. (رەســۇلۇللاھ) ھەمراھىغــا: «غەم قىلمىغىن الله ھەقىقەتەن بىــز بىلەن بىللە» دەيتتى﴾**

سۇرە تەۋبە، **40** – ئايەت.

www.uyghurkitap.com

**ئۇ تۇنجى ۋە يېگانە ئىدى.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئارىسىدا ئەڭ ياخشى كۆرگىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۈممىتىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزىلى، پەيغەمبەرلەردىن كېيىن جەننەتكە تۇنجى كىرىدىغان كىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىغان تۇنجى يېقىنى ئۇ بولدى. پەقەت بۇ ئۈممەتنىڭلا ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ئادەم بالىلىرى ئىچىدە ئەڭ ئەۋزەل ئىنسان ئۇ بولدى. اللە ئۇنى پۈتۈن ئۆمرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىمىدى. ئۆلگەن ۋاقتىدىمۇ پەيغەمبىرىنىڭ يېنىغا قويدى.ئۇلار قىيامەتكىچە يانمۇيان ياتىدۇ. ئۇلارنىڭ دوستلۇقى مەككىدە باشلىندى، غاردا، چۆلدە، مەدىنىدە، بەدرىدە، ئۇھۇدتا، خەندەكتە داۋاملاشتى. رەۋزەدە ئەبەدىيلەشتى.

**ئۇ تۇنجى ۋە يېگانە ئىدى.**

اللە ئۇچۇن كىم نېمە بېرىدۇ دېيىلگەندە، قول ئىلكىدە نېمە بولسا ھەممىنى ئېلىپ كەلدى. "بالا - چاقىلىرىڭغا نېمە قالدۇردۇڭ؟" سوئالىغا "اللە ۋە رەسۇلىنى..." دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئىمان ئېيتقان ئىدى. اللە بالا - چاقىلىرىمغا ئۆزى كۇپايە دەپ ئويلايتتى.ئۇنىڭ نەزىرىدە اللە ئۇچۇن بېرىلىدىغان نەرسىنىڭ مىقدارى مۇكەممەل، پۈتۈن، ھەممىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. پۈتۈندىن ۋە جاندىن تۆۋەن نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ئۇيغۇن دەپ قارىمايتتى. كاشكى مىڭلارچە جېنى بولسا، ھەركۈنى ئۇلاردىن بىرىنى اللەقا ۋە رەسۇلىغا بەرسە ئىدى، بەلكى بۇ ۋاقىتتا بىرئاز راھەتلىنگەن بولار ئىدى.

**ئۇ تۇنجى ۋە يېگانە ئىدى.**

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىئراجغا چىقتى. ئۇ يەردە كۆرىدىغىنىنى كۆردى. مۇشرىكلارنىڭ كاللىلىرى ئەسلىدىلا تېڭىرقاش ئىچىدە ئىدى. يالغانغا چىقىراتتى، رەت قىلىشاتتى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە قايتقاندا، ئۇلارغا تازا ياخشى بىر باھانە چىقتى.

ئـــۇلار تازا كۆڭلىنى ئاچىدىغان بىر مەســـىلە تاپقان ئىـــدى. ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشـــتى. ئەمدى ئۇنىمۇ شۇبھىگە چۈشۈرۈشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئەمما ئەبۇ بەكرى ئۇچۇن ھېچنەرسە ئۆزگەرمىدى. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن نەرســـىگە ئىشـــەنگەندەك، مىئراج ھەققىدىكى خەۋەرنىمۇ تەستىقلىدى. ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى ۋە سىددىق بولدى.

**ئۇ تۇنجى ۋە يېگانە ئىدى.**

پەيغەمبـــەر ئەلەيھىســـسالامنىڭ پۈتۈن ئۇرۇشـــلىرىغا ئىشتىسناســـىز قاتنىشـــىپ، داۋاملىق ئۇنىڭ يېنىدا بولدى. ئۇنى بىر قالقان كەبى قوغداشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى گۈشتىن بولغان بىر سىپىلدەك تۇردى.

**ئۇ تۇنجى ۋە يېگانە ئىدى.**

**"ئى ئىنســـانلار! ئىپىشلارىڭىدىكى ئەڭ ياخشـــى كىشـــىلەر بولماي تۇرۇپ، سىلەرگە باش بولۇپ قالدىم. ياخشى ئىش قىلسام ماڭا ياردەم قىلىڭلار. خاتا قىلســـام مېنـــى ئوڭشـــاڭلار. دورۇســـتلۇق ئامانەتتـــۇر. يالغانچىلىق خىيانەتتـــۇر. ئاراڭلاردىكى ئاجىز كىشـــى، مەن ئۇنىـــڭ ھەققىنى ئالغانغا قـــەدەر كۈچلۈكتۇر. كۈچلۈكمۇ، مـــەن ئۇنىڭدىن ھەققى ئالغانغا قەدەر ئاجىزدۇر... اللەقا ۋە رەســـۇلىغا ئىتائەت قىلغان مۇددەتتىمچە ماڭا ئىتائەت قىلىـــڭلار. ئەگەر اللە ۋە رەســـۇلىغا ئاســـى بولســـام، ماڭا ھېـــچ ئىتائەت قىلماڭلار".**

پەيغەمبەر ئەلەيھىســـسالامدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدا تۇنجى خەلىپـــە ئۇ بولـــدى. ئۇنىڭ تۇنجى خەلىپە بولۇشـــىغا پۈتۈن مۇســـۇلمانلار رازى بولۇشـــتى. پەيغەمبـــەر ئەلەيھىســـسالام ئۇنى ياخشـــى كۆردى دەپ ياخشى كۆرۈشـــتى. ئۇمۇ ئۆزىنى بىر خەلىپىدەك كۆرمىدى.قول ئاستىدىكى ئىنسانلارنىڭ خىزمەتچىسى بولۇشتىن خۇشـــاللاندى. ئۇممەتنىڭ بېشىدا ئىككى يىل ئۈچ ئاي خەلىپىلىك قىلدى. بۇ قىســـقىغىنە ۋاقىتتا ئەســـىرلەر بويى ماختالغان ئىشـــلارنى قىلدى. ھەممەيلەننىڭ بىـــردەك ئاۋازى بىلەن خەلىپىلىككـــە تاللانغان كـــۈن، بىر خەلىپە بولۇش ســـۈپىتى بىلەن قىلغان

www.uyghurkitap.com

تۇنجى نۇتقىدا، بىر مۇسۇلمان رەھبەرگە ئائىت كۆرۈنۈشنى سىزدى. تارىختا ئۆرنىكى تېپىلىشى قىيىن بولغان نەرسىلەرنى يازدۇردى.

**ئۇ تۇنجى ۋە يېگانە ئىدى.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىدىن كېيىن، ئۇ شىددەتلىك مۇسىبەتنىڭ ئەلىمىنى تۇنجى بولۇپ ئۇ ئۆتكۈزدى. شۇنچىلىك قاتتىق ياخشى كۆرۈشكە قارىماستىن، مۇھەممەدكە ئەمەس، مۇھەممەدنىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتىپ، قۇللۇق قىلىشۋاتقانلىقىنى ئەسلەتتى. (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم). ئۇ كۈنى ئۇ مەشھۇر ياخشى كۆرۈشنىڭ قارىغۇلارچە بىر ياخشى كۆرۈش بولمىغانلىقىنى، نېمىنى، نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرگەنلىكىنى بىلىدىغان بىرسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بولدى. تاغلار بېشىغا كۆمتۈرۈلۈپ چۈشكەندەك ئېغىر بىر خەۋەر ئالدىدىمۇ يىقىلمىدى. كېيىن، بىرلىككە ۋە ئىبادەتكە چاقىردى. ئىنسانلارنىڭ پانىيلىقىنى، اللهنىڭ ئەبەدىيلىقىنى ئۆگەتتى.

**ئۇ تۇنجى ۋە يېگانە ئىدى.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھازىرلىغان ئۇسامە ئىبنى زەيد قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ھەرىكەت قىلىشۋاتقان پەيتتە، ئۇ ئەلەملىك ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى. قوشۇن شۇ يەردىلا توختاپ قالدى. مەدىنە چېگرىسىدا ساقلاۋاتاتتى. بەزى ساھابىلەر ئەھۋالىمىز جىددىي تۇرىدۇ، قوشۇننى سىرتقا چىقارمايلى، دۆلەت ئىچىدە ئېھتىياتتا تۇرسۇن دېيىشتى. جاۋابى ئېنىق ۋە كەسكىن بولدى: "رەسۇلۇللاھ باشلاتقان بىر ئىشنى يېرىم يولدا تاشلاتقۇزمايمەن. ھەتتا يالغۇز قالغانلىقىم ئۈچۈن مېنى قۇشلار پارچىلىۋەتسىمۇ، بۇ قوشۇن چوقۇم ماڭىدۇ!"

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئەڭ چوڭ بالا مۇرتەدلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى مۇستەھكەم مەيدانىنى نامايان قىلدى. "مەدىنىدە بۆرىلەر تەرىپىدىن پارچىلانسامۇ" دەپ، قەتئىي ئىرادىسىنى كۆرسەتتى. اللهمۇ ئۇنى يالغۇز قويمىدى. خالىد

ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك بىر مۇجاھىدنى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسى بىلەن خالىدنىڭ پاراستى بىرلىششى نەتىجىسىدە، ئوتتۇرىغا ئىسلامنىڭ ياڭراق ساداسى چىقتى. تۇغۇلغان يېرىگە كۆمۈلۈشتىن قۇتۇلۇشنى الله ئۇنى ۋەسىلە قىلدى.

**"الله مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، سىلەر ماڭا: "يالغان سۆزلىدىڭ" دېدىڭلار. لېكىن ئەبۇ بەكرى: "راست ئېيتتىڭ" دەپ تەستىقلىدى. ئۇ ئۆزىنى، ئۆز مېلىنى ئاتاپ، ماڭا يار - يۆلەك بولۇپ كەلدى، بۇرادىرىمنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار! بۇرادىرىمنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار!"** - ھەدىس شەرىپ.

**ئۇ تۇنجى ۋە يېگانە ئىدى.**

قۇرئاننى بىر يەرگە جەملەپ مۇھاپىزەت قىلدى. ئايرىم - ئايرىم پارچىلارغا يېزىلىپ ساقلانغان قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ، بىر كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلۈش ئىشىغا جاسارەت بىلەن قارار بەردى.بۈگۈن بىرلا كىتابتا، بىرمۇ ھەرپى يوقالمىغان شەكىلدە قولىمىزدا تۇرۇۋاتقان قۇرئان، ئۇنىڭ غەيرىتىنىڭ مەھسۇلاتى سۈپىتىدە بىزگە يېتىپ كەلدى. بىز ۋە قىيامەتكىچە بولغان پۈتۈن مۇئمىنلەر، ئۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە اللهقا بولغان ئىماندا سەمىمىيەت كۆرسەتكەن، ئۇ تۇنجى مۇئمىنلەرنىڭ خىزمەت ۋە ھىممەتلىرىنىڭ مىۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولماقتىمىز.

**ئۇ تۇنجى ۋە يېگانە ئىدى.**

الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن. بىزنىمۇ ئۇ سەمىمىيەت ۋە ساداقەت بىلەن، دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىپ شەرەپلەندۈرسۇن. ئۇنى ۋە بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەۋزى كەۋسىرى ئەتراپىدا ئۇچرىشىدىغانلاردىن قىلسۇن.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

**بۈگۈن سىلەردىن كىم روزىدار؟ ئەبۇ بەكرى: "مەن" دېدى.**

كىتاب نۇر بىكتى ئۇيغۇرچە كىتابلار بىكتى www.uyghurkitap.com

**بۇگۈن سىلەردىن كىم بىر جىنازا كۆتۈردى؟ ئەبۇ بەكرى: "مەن" دېدى.**

**بۇگۈن ئاراڭلاردا كېسەل يوقلىغانلار بارمۇ؟ ئەبۇ بەكرى: "مەن" دېدى.**

**بۇگۈن ئاراڭلاردا سەدىقە بەرگەن كىشى بارمۇ؟ ئەبۇ بەكرى: "مەن" دېدى.**

**شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدىكى: "كىمدە بۇ ئالاھىدىلىكلەر تېپىلسا، جەننەت ئەھلىدۇر".** - مۇسلىم

ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھقا ”ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنى ياخشى كۆرۈش سۈننەتتىنمۇ؟ دېيىشتى“. ئۇ بولسا: ”دەل ئەكسىچە، پەرزدۇر“ دەپ جاۋاب بەردى.

# ”ئاھ ئەبۇ بەكرى!
# تەكرارلىنىشى بەكمۇ قىيىن بىر يول ئاچتىڭ“

## رەبىئە ئىبنى كەئب ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى:

”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا بىر يەر بەرگەندى. مېنىڭ يېنىمدىكى يەرنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەردى. ئۇنىڭ بىلەن بىر خورما دەرىخى ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدۇق. مال سۆيگۈسى بىزگە غالىب كەلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ دەرخنىڭ ئۆزىنىڭ يېرىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۆزەمنىڭ يېرىدە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلدىم. تالاش - تارتىشتا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا ئېغىرراق سۆزدىن بىرنى قىلىپ سالدى. كېيىن ئۇ سۆزنى سۆزلىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا:

- رەبىئە! سەنمۇ ماڭا مەن سۆزلىگەن سۆزنىڭ ئۆزىنى سۆزلىگىن، تەڭلىشەيلى، - دېدى. مەن:

- الله بىلەن قەسەمكى، مەن ساڭا ياخشى سۆزدىن باشقا ھېچنەرسە دېمەيمەن، - دېدىم.

- چوقۇم دەيسەن، شۇندىلا مەن راھەتلەيمەن، بولمىسا سېنى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئاپىرىمەن.

- الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ساڭا ياخشىلىقتىن باشقا بىر نەرسە دېمەيمەن.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەرنى تاشلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ماڭدى. مەنمۇ ئارقىسىدىن ماڭدىم. يولدا تونۇشلىرىم:

- الله ئەبۇ بەكرىگە رەھمەت قىلسۇن؛ ئۇ ساڭا دەيدىغاننى دەپ بولۇپ، يەنە سېنى شىكايەت قىلماقچىمۇ؟ - دېيىشتى. مەن ئۇلارنى شۇنداق ئاگاھلاندۇردۇم:

-ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ ئەبۇ بەكرىدۇر. غاردىكى ئىككى كىشىنىڭ ئىككىنچىسىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مويسىپىتىدۇر. سىلەرنىڭ

مېنى كۈشكۈرتكىنىڭلارنى كۆرۈپ غەزەپلەنسە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى غەزەپلىنىدۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ غەزەپلەنگىنىگە اللهمۇ غەزەبلىنىدۇ ۋە رەبىئە هالاك بولىدۇ.

مەن ئۇلارغا بۇنى سۆزلەپ بولۇپ، يەنە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ بولسا مەندىن بالدۇر بېرىپ، بولغان ئىشنى سۆزلەپ بوپتۇ. مەن كىرىشىمگە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ماڭا قاراپ ۋە:

- رەبىئە، سىددىق بىلەن نېمە دەردىڭ بار؟ - دېدى. مەنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا بولغان ئىشنى ئەينەن ئېيتتىم ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ چىڭ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىلغان سۆزىنىڭ ئوخشىشىنى ئۇنىڭغا قىلمىغانلىقىمنى ۋە ساڭا ياخشىلىقتىن باشقا هېچقانداق سۆز قىلمايمەن، دەپ تۇرۇۋالغانلىقىمنى ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

- شۇنداق، سەن ئۇنىڭ ساڭا دېگىنىنى دېمىگىن، لېكىن: ئەبۇ بەكرى! الله سېنى مەغپىرەت قىلسۇن، دېگىن، - دېيىشى بىلەنلا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ يىغلىغىنىچە ئۇ يەردىن چىقىپ كەتتى".

- هاكىم، مۇستەدرەك

## رەبىئە ئىبنى كەئب رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ

ياش بىر پادىچى ئىدى.

مەدىنىگە هىجرەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىدى.

بېرىپ كۆرگۈسى كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا باردى، تەسىرلەندى ۋە شۇ يەردە ئىمان ئېيتتى.

مەدىنىگە يەرلەشتى. ئۆيسىز، هېچ نەرسىسى بولمىغانلىقتىن سۇففە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھلىنىڭ ئارىسىغا قوشۇلدى ۋە مەسجىدنىڭ ئارقىسىدا يېتىپ - قوپۇشقا باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ، ئۇنى كۆرمىسە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: "ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى خىزمەتچىلىككە قوبۇل قىلامسەن؟" دەپ ئارزۇسىنى بىلدۈردى. ئارزۇسى قوبۇل قىلىندى.
يايپاشلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلىش شەرىپىگە ئېرىشتى. پادىچى ئىدى، ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ خىزمەتچىسى بولدى. سائادەتكە ئېرىشتى. ئۇ خۇشاللىقتىن ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئىدى. كېچە - كۈندۈز دېمەستىن رەسۇلۇللاھقا خىزمەت قىلدى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ساداقىتىدىن، خىزمىتىدىن مەمنۇن بولدى. رەبىئە ئۆزى خىزمىتىنى قىلىۋاتقان پەيغەمبىرىنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلدى.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەبىئەگە مۇنداق دېدى:

"مەندىن بىر نەرسە سورىغىن، ساڭا بېرەي". ئۇ نېمە سورىسام بولار؟ دەپ، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ۋە:

"ماڭا بىر ئاز ۋاقىت بەرگىن ئى رەسۇلۇللاھ، تەلىپىمنى ساڭا دەيمەن" دېدى.

ئۇ دەيدىكى: "ئۆز - ئۆزەمگە دېدىمكى، دۇنيالىق بىر نەرسە تەلەپ قىلسام، كېلىپ تۈگەيدۇ ۋە ۋاقىتلىق بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە يەتكىدەك نەرسەممۇ بار، قالغىنى ھەم كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاخىرەتىمگە ئالاقىدار

نەرسە سوراي. ئۇنىڭ ئاللاھ نەزىرىدىكى ئورنى بەك ئۇلۇغدۇر“.

**ئۇ دەيدۇكى:**

**”كۈندۈزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن خىزمەتلىرىنى قىلاتتىم. خۇپتەن نامىزى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، بىرەر ئېھتىياجى بولۇپ قالار دەپ، ئىشىكى ئالدىدا ساقلايتتىم. كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ كەلسە، شۇ يەردىلا ئولتۇرۇپ ئۇخلايتتىم. تەھەججۇد نامىزىغا تۇرغىنىدا، ئۇنىڭ نىمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتىم“.**

بىر مەزگىلدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆردى ۋە نىمە قارار بەرگەنلىكىنى سورىدى. "رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا ماڭا شاپائەتچى بولۇشىڭنى سورايمەن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام؛ "ساڭا بۇ ئەقلنى كىم ئۆگەتتى؟" دەپ سورىدى. "سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھقا قەسەمكى، ماڭا ھېچكىم ئەقىل ئۆگەتمىدى"، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئاز جىم بولۇپ قالدى ۋە كېيىن دېدىكى:

"بولىدۇ، ئەمما سەنمۇ كۆپ سەجدە قىلىش بىلەن بۇ مەسىلدە ماڭا ياردەمچى بولغىن".

ئۇ خىزمەتتە بولۇۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن جىھادلىرىغا قاتناشتى. ھەتتا جىھادقا چىقارماي قويۇپ قويارمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن ئۆيلىنىشنى خالىمىدى. ئۆيلىنىشنى خالىماسلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، رەبىئە ئۆيلىنىشكە ئالاقىدار ۋەقەنى شۇنداق سۆزلەپ بېرىدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە ئىدىم. بىر كۈنى ماڭا: "سەن ئۆيلەنمەمسەن؟" دېدى. مەن دېدىمكى: "ئۆيلىنىشنى خالىمايمەن،

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ئايالىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغىدەك بىر نەرسەم يوق. ھەمدە مېنى سەندىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدىغان بىر ئىشنىمۇ خالىمايمەن"، دېدىم. بىر مەزگىل يەنە خىزمەتنى داۋام قىلدىم. ئوخشاش سوئالنى يەنە سورىدى، مەنمۇ ئوخشاش جاۋاب بەردىم. كېيىن ئۆز - ئۆزەمگە دېدىمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ دۇنيالىقىم ۋە ئاخىرىتىم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بولغىنىنى بىلىدۇ. يەنە بىر قېتىم سوراپ قالسا "ماقۇل، بۇيرۇغىنىڭنى قىلىمەن"، دەيمەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئوخشاش سۇئالنى سورىدى."ماقۇل، خالايمەن. خالىغىنىڭنى بۇيرۇغىن"، دېدىم. دېدىكى: "ئەنسارىلاردىن پالانى مەھەللىنىڭ ئادەملىرىنىڭ يېنىغا بارغىن ۋە مېنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەۋەتتى، سىلەرنىڭ مېنى پالانى ئايال بىلەن تويۇمنى قىلىپ قويۇشىڭلارنى بۇيرىدى، دېگىن". مەن باردىم، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدۇم.

ئۇلار: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ۋە ئۇنىڭ ئادىمىمۇ بېشىمىزنىڭ ئۈستىدە، ئۇنىڭ ئادىمىنىڭ ئىشى پۈتمەستىن قايتمايدۇ" دېيىشتى. مەندىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىشمىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم. ئۇ نېمە بولغانلىقىنى سورىدى.

مەن دېدىمكى: "سېخى ئادەملەرنىڭ قېشىغا باردىم. مېنى ئۆيلەندۈرۈپ قويدى.كۆڭۈل بۆلۈشتى. يەنە كېلىپ مەندىن ھېچبىر نەرسە تەلەپ قىلىشمىدى. ئەمما مەندە ئايالغا بېرىدىغان مېھر ھەققى يوق. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەرگە مەن ئۈچۈن مېھر ھەققى بولغىدەك بىر نەرسە توپلاشقا بۇيرىدى ۋە يىغىلغاننى ماڭا بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئاپىرىپ، مېھر ھەققىنى بېرىشىمنى بۇيرىدى.

مېھر ھەققىنى ئاپىرىپ بەردىم. قوبۇل قىلىشتى. "كۆپ بوپتۇ، بەك ياخشى بوپتۇ" دېيىشتى. ئەمما بۇ قېتىممۇ قۇرۇق - قول قايتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە بولغانلىقىنى سورىدى. توي تاماقى بېرىدىغانغا ئىمكانىم يوقلۇقىنى ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۈچۈن بىر قوچقار تەييارلاشنى بۇيرىدى ۋە ئۇلار چوڭ بىر قوچقار ھازىرلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدىكى ئارپىنى ئېلىپ كەلگۈزدى. ئارپا بىلەن

قوچقارنى كېلىن تەرەپكە ئېلىپ باردىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نان، بىز قوچقار پىشۇردۇق. توي زىياپىتى بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىمۇ تاماققا چاقىردىم“.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەدىنىدە تۇرۇش ئۇنىڭغا قىيىن كەلدى. مەسجىدكە كىرگىنىدە يىغلاشتىن ئۆزىنى تۇتالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆز يېزىسىغا قايتتى ۋە ھىجرىيىنىڭ 63 ـ يىلىدا شۇ يەردە ۋاپات بولدى. الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن.

# ئۇلۇغ ئادەملەردىن
# بۈيۈك دەرسلەر

1 ـ ئىنسان ئىنساندۇر. ساھابە بولسىمۇ، ياكى يولدا كېتىۋاتقان بىر ئاددى ئىنسان بولسىمۇ خاتالىشىپ قېلىشتىن، سەۋەنلىكتىن مەسۇم ئەمەستۇر. خاتالىشىپ قېلىشى، ھېچ كۈتۈلمىگەن بىر خاتالىقنى قىلىپ سېلىشى مۇمكىن. قىلغان خاتالىقى ئۇنى ئۆز كىملىكىدىن چىقىرىۋەتمەيدۇ. **خاتالىقنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن قايتىش يوللىرىنى ئىشلىتەلىسە، زىيانلىق ئەمەس.** ئىسىملىرىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيدىغان قانچىلىغان ئىنسانلىرىمىزنىڭ ئۆتمۈشىدە "ئەيىب" ۋەياكى "گۇناھ" دەپ بىلىنگەن ئىشلىرى بار. **ئەمما ئۇلار قىلغان ئەشۇ گۇناھلىرى بىلەن ئەمەس، كېيىنكى ئىستىقامەتلىرى ۋە ساباتلىرى بىلەن ئەسلىنىمەكتە.** ئەسلىدە توغرا بولغىنىمۇ بۇدۇر. بۇ پرىنسىپ ئىنساننىڭ رەببى بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدىمۇ شۇنداق بولغىنىدەك، باشقا ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدىمۇ شۇنداقتۇر. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان "گۇناھ ياكى ئەيىب" بولسۇن، ئەڭ مۇھىم مەسىلە، خاتادىن كېيىنكى ئەھۋالنىڭ قانداق بولغانلىقىدۇر. ئىنسان بولۇشىمۇ بۇنى تەقەززا قىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسان بىلەن پەرىشتىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ روشەن پەرق

www.uyghurkitap.com

بۇدۇر. پەرىشتىلەر ھېچقانداق خاتا ئۆتكۈزمەيدىغان شەكىلدە يارىتىلدى. تېخىمۇ ئاددىي بىر ئىپادە بىلەن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، پەرىشتىلەر گۇناھ قىلىشنى خالىسىمۇ گۇناھ قىلالمايدۇ. ئۇلار بۇنداق بىر ئىمتىھان ئۈچۈن يارىتىلمىغان. گۇناھقا پېتىش، كېيىن ھوشىغا كېلىپ خاتالىقنى تونۇش، خاتالىقنى تونۇغاندىن كېيىن، ئۆتمۈشى ئۈچۈن اللهتىن كەچۈرۈم سوراش قاتارلىق ئىمتىھانلار ئىنسان ئۈچۈندۇر.

شۇنداق بىر ھەقىقەتنى دېيىشىمىزمۇ مۇمكىن: تاغ قانچە چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭ پايدىسىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ھىممىتى ۋە مۇھەببىتى چوڭقۇر مۇئمىنلەرنىڭ ئىمتىھانلىرىمۇ، ئۇ مۇھەببەتكە يارىشا بولىدۇ. ئەلۋەتتە تەۋبىلىرى ھەم.

بولۇپمۇ، ھەققىلىرىدە ئايەت ياكى ھەدىس بولغان مۇئمىنلەرنى بۇ شەكىلدىكى شەخسى ۋەقەلەر سەۋەبلىك ئەيىبلەش ئورۇنسىز ۋە كېرەكسىزدۇر. ھەركىشىنىڭ ھېسابى اللهقا قالغاندۇر.

2 - **مال دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ھەر ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاساسى مەسىلىسىدۇر. دۇنيالىق بىر نەرسىلەرنى تېپىش ۋە تاپقانلىرىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىش ئارزۇسى تومۇرلىرىمىزدىن چىقىرىلىپ تاشلىۋېتىلەلمەيدىغانلىقىغا كۆرە، قۇللىقىمىزنى ۋە ئىنسانلىقىمىزنى تەسىرگە ئۇچراتمايدىغان بىر دائىرە ئىچىدە تۇتۇلۇشى كېرەك.** بىر تۇپ خورما دەرىخى بولسىمۇ، مال مالدۇر ۋە ئەڭ ياخشى مۇئمىنىنىمۇ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا ھېسابىنى بېرىشتە قىيىنچىلىققا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. **ئاغزىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ساھابە كىراملارنىڭ مال ھەققىدىكى ئەڭ روشەن ئىمتىھانلىرىدىن بىرى بولغان، بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىنكى غەنىيمەت تالاش - تارتىشلىرىدا بۇ ھەقىقەتنى ئوچۇق بىر شەكىلدە كۆرەلەيمىز.**

3- پۈتۈن مۇئمىنلەر قېرىنداشتۇر. بۇ قېرىنداشلىقنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئۆرنەكلىرىنى ساھابىلەر كۆرسەتتى. بىر - بىرلىرىگە مال ۋە جان ئىچىدە بولغان ھەر نەرسىنىڭ پىداكارلىقىنى قىلىشتى. مەدىنىدىكى ئەنسار -

مۇھاجىــر قېرىنداشــلىقى ۋە كۆرســتىلگەن پىداكارلىقــلار، قۇرئان بىلەن خاتىرىلەنگەن ئەمەلىي ئىشــلاردۇر. ئۇ يەردىكى ۋەقەدە بىر - بىرلىرىدىن قانداق كەچۈرۈم ســورىغانلىقىغا دائىر ئۆرنەكلەردىــن بىرىنى ھەم كۆرگەن بولدۇق.

**4 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام ســاھابىلەرنىڭ ھەممە نەرسىســى ئىدى: پەيغەمبىــرى، ھۆكــۈم قىلغۇچىســى، ئاقســاقىلى، دەرتلەشكۈچىســى، سەپەرداشى... قىسقىسى، ھەممە نەرسىسى ئىدى.**

5 - رەبىئە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتقاندا (اللّٰه ھەر ئىككىسىدىن رازى بولســۇن)، تونۇشلىرى رەبىئەنى خاتا يولغا يۈزلەندۈرمەكچى بولۇشتى. **رەبىئــە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە بىر قېتىــم بۈيۈك بولدى، بۈيۈك ئويلىدى.** باشقىلارنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكەت قىلمىدى. نەتىجىدە بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتى.

**6 - بۇ ئۈممەتتە ئۆتمۈشــنى ئۇلۇغلاش، قەدىرلەش بــار. رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى ھەقلىق بولغانلىقى ئوچۇق بولغان بىر مەسىلىدىمۇ، ئۈممەتنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن دەپ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دەۋا قىلىشتىن، ئۇنى ئازارلاشتىن چېكىنگەن. شۇڭلاشــقا، ئۆتمۈشنى ئاياقلىرىمىزنىڭ ئاستىدا دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىش بىزگە لايىق بولغان سۈپەت ئەمەس.**

7- قانچە ئەسىرلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، قايسى ساھابىنىڭ مۇئامىلىسى يەنە بىرسىگە نېسبەتەن تېخىمۇ تەمكىن، مۇكەممەل ئىدى؟ دېگەن سۇئالنىڭ جاۋابىنى تېپىش قىيىن. **ئىككى ســاھابە ئارىسىدا خۇددى ئاجايىپ چوڭ بىر پەزىلەت مۇسابىقىســى ئېلىپ بېرىلدى.** ئۆزرە سوراشتىكى سەممىيلىك، ئۆزرە سوراشــنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قاراش... ھەر ئىككىســىلا ئۆزلىرىگە ياراشــقان شەكىلدە پەزىلىتىنى كۆرسىتىشتى. ئۇلار بۇ ئىشنى بولدى پۈتتى دەپلا توگەتمىدى، بەلكى بۇ ئىمتىھاننى ئەجرىگە ئايلاندۇرالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىككىنچى

www.uyghurkitap.com

### ئىككىنچى قەلىپە

### مۇئمىنلەرنىڭ ئەمرى

### جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن

### فارۇق

# ئۆمەر ئىبنى خەتتاب

**رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ**

## قوپال، ئەمما ئادىل!

مۇشرىك، بۇتپەرەست بىر ئائىلىنىڭ ئوغلى بولۇپ تۇغۇلدى. ئۇ ئائىلىنىڭ سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن ھالدا تۆۋەن بىر ھاياتتا ياشايتتى. كۆپ خوتۇنلۇق، ھاراق - شاراپلىق، جىنايەت بىلەن تولغان بىر ھاياتى بار ئىدى. قىلىچى كېسەتتى، سۆزى رەت قىلىنمايتتى. قوپال ۋە ئاچچىقى يامان ئىدى.

ﷲنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىگە قارشى قۇرەيشلەرنىڭ تۇتقان دۈشمەنلەرچە پوزىتسىيىدە ئالدىنقى قاتاردا يەر ئالدى. ۋارقىرىدى، جارقىرىدى، تەھدىت سالدى. ئاخىرىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قارار بەردى. پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىچىنى ئېسىپ چىقتى. ئۇ ھەممىسىگە قارشى چىققان قۇرئاننىڭ پەقەت بىر سۈرىسىنىڭ بىر - ئىككى ئايىتىنى، تاھا سۈرىسىنىڭ تۇنجى ئايەتلىرىنى - ئىشىك ئارىلىقىدىن ئاڭلىدى. ئۇ ئۇرۇشماقچى بولغان نەرسە ئۇنى ئۆز تەسىرىگە ئالدى. كۆپ ئەمەس، بىر قانچە سائەت ئۆتمەستىن ئۇنىڭ شەخسىيتى ئۆزگەردى. تېزدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. دارۇلئەرقەمگە كىرمەكچى بولغاندا، ئۇ يەردىكىلەر ئەندىشىلەندى. تۇنجى ۋەھيي چۈشكىنىگە ئالتە يىل بولغان

ئىدى. شــۇ كۈندىن ئېتىبارەن خىلمۇخىل تەھدىتلەر بىلەن يۈرگەن ئۆمەر، قولىــدا قىلىچ تۇتقان ھالدا ئىشــىك ئالدىــدا ســاقلاۋاتاتتى. ئالدى بىلەن ھەمــزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنــى كۈتۈۋالماقچى بولدى. بىــراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام ئۆزى بىۋاســتە تــۇرۇپ، ئۇنى كۈتۈۋالــدى. ئەمما ئۆمەر بىر ســائەت بۇرۇنقى ئۆمەر ئەمەس ئىدى. كېيىن ئىســلامنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق ئىسمى بولىدىغان ئۆمەر كەلگەن ئىدى.

**ئۆلتۈرۈش مەقســىتى بىلەن كەلگــەن پەيغەمبەرنىڭ ئالدىدا شــاھادەت ئېيتىــپ ئىمان ئېيتتى.** پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالاممۇ، ئــۇ يەردىكىلەرمۇ، پەرىشــتىلەرمۇ خۇشال بولدى. يېڭى بىر باســقۇچ باشلىدى. يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولغان مۇســۇلمانلار ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمانلار سېپىگە قوشۇلغانلىقىغا ھاياجانلاندى. **ئۇنىڭ مۇســۇلمانلار ســېپىگە قوشۇلۇشــى يەككە بولدى؛ ئەمما ئومۇمىي نەتىجە ئېلىپ كەلدى.**

مۇســۇلمان بولغاندىن كېيىنمۇ يەنــلا قوپال ۋە كەســكىن قارارلىق ئۆمەر دەپ بىلىنــدى. ئەمما بۇ قېتىم مۇســۇلمانلارنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشــقان، يۈرەكلەندۈرگــەن بىــرى بولــدى. ئۇ مۇســۇلمان بولغانغا قــەدەر كەئبىدە ئاشــكارا ئىبادەت قىلغىلى بولمايتتى. مۇســۇلمانلار ئۆمەرنىڭ باشچىلىقىدا مۇشــرىكلارنىڭ ئالدىغا ئوچۇق - ئاشكارا چىقىپ، تەكبىر ئېيتىشتى. **ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ جەھىل ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى تېڭىرقىتىپ قويدى.**

يېڭى مۇســۇلمان نەســىل جانلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزى كۈلــدى ۋە ئۇنى بەكمۇ ياخشــى كــۆردى. ئۇ قەدەر ياخشــى كۆردىكى، ئۇ ھايــات تۇرۇپلا ئۇنىڭغا جەننــەت بىلەن خۇش خەۋەر بــەردى. ئۇنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئادىمى قىلدى. كۆپرى بىلەن ئىمان ئارىسىدىكى كەسكىن پوزىتسىيىسى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا فارۇق ئۇنۋانىنى بەردى. **پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام ئۇنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئائىلە بېغى قۇردى.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈممەتنىڭ بېشى بولدى. ئۇمۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈممەتنىڭ خەلىپىسى بولدى. **10 يىل 6 ئاي مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى بولۇپ ياشىدى.**

ئۇنىڭ خەلىپىلىكىدە ئۆتكەن كۈنلەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى تارىخ يازدى. ئەسىرلەرچە تۈگىمىگەن بىر ئىپتىخار تاپتى. ئۇ توختاۋسىز ھەرىكەت قىلدى، ئۈممەت بەختلىك بولدى. تارىخنىڭ ئوقى ئۆزگەردى. ئاجىزلار كۈچلۈك بولدى. كۈچ - قۇۋۋەت چۈشەنچىسى ئۆزگەردى. **ئىنسانىيەت سايىلىغا ئەمەس، ئاخىرەتكە مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن ھامماللىق قىلغان ۋە قولىدا قانچىلىغان ئىمپېراتورلۇقلار چۆككەن بولسىمۇ، ياماقلىق كىيىم كەيگەن بىر خەلىپە تونىدى.**

ئۇ ۋەزىپىلەندۈرگەن قوماندانلار ئارقىمۇئارقا غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلىدى. ئىسلامنىڭ ساداسى ئەڭ ياڭراق ئاۋازى بىلەن قىتئەلەر ئارىسىدا يېيىلدى. قولىغا پارس ئىمپېراتورلۇقىنىڭ خەزىنىلىرى چۈشتى، قۇددۇسنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئالدى، باشقۇرۇش دائىرىسى كاسپىي دېڭىزىغىچە ئۇلاشتى...

ئۇ بولسا مەدىنىدە ئىنتايىن ئاددىي ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى. ھېچ ئۆزگەرمىدى؛ ئەمما بارغانسىرى تەمكىنلەشتى. ياماقلىق كۆينەكلەرنى كەيدى، زىياپەتلەردە ئولتۇرمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئاللاھتىن قورققانلىقتىن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى... ئارقىمۇ ئارقا بولۇۋاتقان زەپەرلەر ئۇنى ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىن قىلدى. ئۇنىڭ نە قورسىقى تويغان ۋاقتى، نە كۆلگەندە چىشلىرىنى كۆرگەن كىشى بولمىدى. ئۇنى كۆرگەنلەر داۋاملىق ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرىنى

**مۇسۇلمان بولۇشى فەتھى، ھىجرىتى زەپەر، خەلىپىلىكى رەھمەت ئىدى.**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆرۈشتى. ئىنسانلارنىڭ دەرتلىرى تۈپەيلى ئۆز دەرتلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى. ماختاشلارغا ئالدانمىدى. تەنقىدلارگە دىققەت قىلدى. تارىخنىڭ ئېقىشىدا سۈرۈلۈپ كېتىپ قالمىدى. دەل ئەكسىچە، تارىخ يازدى، ھەتتا شەپقەت قىلىنىشىنىمۇ سۈيئىستېمال قىلمىدى. **ساھابىلەرنىڭ پۇتلىرى چېغىدا ئۇنىڭ شەپقىتىلىكىگە ھەۋەس قىلىشقان بولسا، ئۇ ياشلانغان كۆزلىرى بىلەن رەببىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلدى.**

**ھەيۋەتلىك ئەمما كەمتەر...**

دۆلەتلەرنى فەتھى قىلدى. شەھەرلەرنى بىنا قىلدى.ئىسلامنىڭ تۇنجى دۆلىتى ئۇنىڭ قولىدا شەكىللەندى. ئەمما ھېچبىر زامان ئىستىبداتلىق قىلمىدى. ھەر ئىشتا ئىستىشارىنى ئاساس قىلدى. ئادالەت ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن يادلىنىدىغان بولدى. تۇل ئاياللارنىڭ، يېتىملەرنىڭ، غېرىبلارنىڭ باشپاناھى بولدى. بىر كۈنى قارىسىغىز تاغار كۆتۈردى، بىر كۈنى قارىسىغىز سۈت ساغدى. تاڭ ئاتقانغا قەدەر كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ، دەرتمەنلەرنى ئىزدىدى. ئوتى يوقنىڭ ئوتىنى يېقىپ، سۈيى يوقنىڭ سۈيىنى توشدى. ئىنسانلارنى ھەقىقىي ياشاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆچۈرۈلۈشى ئىنتايىن قىيىن بولغان ئىزلارنى قالدۇردى. **مەدىنىدە ئولتۇرۇپ ئىراقتا بىر تۆگە بوتىلىقىنىڭ دۆڭدىن يىقىلىپ پۇشۇپ كېتىشىدىن ئۆزىنى مەسئۇل تۇتتى.**

ئىسلامىي بىلىملەرنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىجرائاتلارغا ئىمزا قويدى. ئۇنىڭ يازغان مەكتۇبلىرى، قىلغان سۆزلىرى، بەرگەن بۇيرۇقلىرى ھەممىسى ئۆرنەك بەلگە شەكلىدە قالدى. نەسىللەر بويى داۋام قىلىدىغان گۈزەل ئۈلگىلەر كۆرسەتتى. جاسارىتىنى ۋە يۈرەكلىك، قەھرىمانلىقىنى ئىشلىتىشتىن ھېچ چېكىنمىدى. ئۇنىڭ كارامەتلىرى تىللاردا داستان بولدى. قۇرئانغا بولغان باغلىنىشى، سۈننەتكە كۆرسەتكەن ئەھمىيىتى بىر ئوخشىشى تېپىلىشى قىيىن بولغان ساداقەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ياخشى كۆرگەنلەرمۇ، ياخشى

كۆرمىگەنلەرمۇ ئۇنىڭغا ھەيران ئىدى. **ئۇ شۇ زامانى ئۈچۈن تاللانغان، ئەمما كەلگۈسى نەسىللەر ئۈچۈن غايىۋى بىر ئۆرنەك ئىدى.**

**ئۇ زاھىد ئىدى. ئالىم ئىدى. ئابىد ئىدى. كۆزلىرى ياش ئىدى. بەسىۋىر ئىدى ۋە ھەق ئالدىدا ھەرگىزمۇ مۇرەسسە قىلمايتتى.**

**اللّٰه ئۇنىڭدىن ئەبەدىلئەبەد رازى بولسۇن.**

## ئۇنىڭغا ئائىت بىر بەلگە،

قوماندانلىرىدىن سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى مۇجاھىدلارغا شۇ ۋەسىيەتنى قىلغان:

"ساڭا ۋە ھەمراھلىرىڭغا ھەر قانداق ئەھۋالدا اللّٰهتىن قورقۇشۇڭلارنى بۇيرۇيمەن. تەقۋالىق دۈشمەنگە قارشى ئەڭ يۇقىرى ھازىرلىقتۇر. جەڭدە ئەڭ كۈچلۈك قورالدۇر. ساڭا ۋە ھەمراھلىرىڭغا شۇنى بۇيرۇق قىلىمەنكى:

**سىلەردىن سادىر بولىدىغان گۇناھلاردىن، دۈشمەنلىرىڭلاردىن ھەزەر ئەيلىگەندىن كۆپرەك ھەزەر ئەيلەڭلار.**

**بىر جامائەتنىڭ گۇناھلىرى ئۇلارغا نىسبەتەن، دۈشمەنلىرىدىن بەكرەك خەتەرلىكتۇر.**

مۇسۇلمانلار ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ اللّٰهقا قىلغان ئاسىيلىقلىرى تۈپەيلى اللّٰهتىن ياردەم كۆرىدۇ. بۇنداق بولمىغان بولسا ئىدى، بىز ئۇلارغا كۈچ جەھەتتە يېتىشەلمەيتتۇق.

**نە سانىمىز، نە كۈچىمىز ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ ئەمەس.**

ئەگەر گۇناھتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش بولساق، كۈچلىرى بىلەن بىزدىن ئۈستۈن بولغان بولىدۇ.

بىزدىكى پەرق سەۋەبلىك اللّٰهنىڭ ياردىمىنى ئالالمىساق، ئۆز كۈچىمىز بىلەن

ئۇلارنى يېڭەلمەيمىز.

شۇنى ياخشى بىلىڭلاركى: بۇ سەپىرىڭلاردا سىلەر بىلەن بىرگە بولىدىغان، قىلغانلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدىغان، الله تەرىپىدىن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن پەرىشتىلەر بار. ئۇلاردىن هايا قىلىڭلار!

ھەرگىزمۇ الله يولىدا تۇرۇپ، اللهقا ئاسىيلىق قىلىپ گۇناھ قىلماڭلار!

شۇنداق بىر ۋەھىمىگە ھەرگىزمۇ چۈشۈپ قالماڭلار:

- دۈشمەنلىرىمىز بىزدىن بەتتەردۇر. بىز گۇناھ قىلساقمۇ، ئۇلار بىزدىن غالىب كېلەلمەيدۇ.

قانچىلىغان قەۋملەرگە ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە بەتتەر كىشىلەر مۇسەللەت قىلىنغان!

اللهتىن دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى ياردەم سورىغىنىڭلاردەك، ئۆز نەپسىڭلارغا قارشىمۇ ياردەم سوراڭلار".

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

كەسكىن ۋە مۇرەسسەسىز!

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدىم. ماڭا رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن: "**قېرىندىشىم، مېنىمۇ دۇئايىڭدا ئۇنتۇما**!" دېدى. بۇ مەن ئۈچۈن شۇنداق بىر سۆز ئىدىكى، ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا تېگىشمەيتتىم». **ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى.**

"الله ھەقنى ئۆمەرنىڭ تىلى ۋە قەلبى ئۈستىدە قىلدى". **ئەھمەد، تىرمىزى.**

"ئاھ شۇ ئۆمەر! الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ بىر ۋادىغا كىرسە، شەيتان ئۇ يەرگە كىرەلمەيدۇ". **ئىبنى ئەساكىر.**

"ئۆمەر ياشىغان مۇددەتچە، ئۈممىتىمگە فىتنە ئىشكى تاقاقلىقتۇر.

www.uyghurkitap.com

ئۆمەر ئۆلۈشى بىلەن فىتنىلەر ئارقىمۇئارقا كېلىدۇ". دەيلەمى.

"مەندىن كېيىن بىر پەيغەمبەر بولسا ئىدى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بولاتتى". ئەھمەد، تىرمىزى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ھېچقانداق نەرسىگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ **"سەن ياخشى كۆرگىنىڭ بىلەن بىرگە بولىسەن"** دېگەن سۆزىگە خۇشال بولغاندەك خۇشال بولمىدۇق.

**مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى،**

**ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنى ياخشى كۆرىمەن.**

ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە ئوخشاش ئەمەلىم بولمىسىمۇ، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش سايىسىدە ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

# ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

## بىر دەرس

ئىبنى ئەۋنىنىڭ ھەسەندىن نەقىل قىلىشىچە، بىر گۇرۇپ كىشلەر مىسىردا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭغا:

**"قۇرئاندا ئىجرا قىلىنىشى بۇيرۇلۇپ تۇرۇپ، ئىجرا قىلىنمىغان مەسىلىلەرنى كۆرۈۋاتىمىز، بۇ مەسىلىنى كۆرۈشۈش ئۈچۈن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايمىز"** دېيىشتى.

بىرلىكتــە مەدىنىگە كېلىشــتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئۆمــەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆردى.

**"قاچــان قايتــىپ كەلدىڭ؟"** دەپ ســورىدى. پالانى كۈنــى دەپ جاۋاب بەردى. **"رۇخسەت سوراپ كەلدىڭمۇ؟"** دەپ سورىدى. (رىۋايەت قىلغۇچى ئابدۇللاھنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن دېگەن).

ئابدۇللاھ دېدىكى:

<ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مىسىردا بىر جامائە كىشلەر يېنىمغا كېلىپ، قۇرئاندا ئىجرا قىلىنىشــى بۇيرۇلۇپ تۇرۇپ، ئىجرا قىلىنمىغان مەسىلىلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى ۋە سېنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى> ئېيتىشتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

**"ئۇلارنــى چاقىرىــپ كەل"** دېدى. مــەن چاقىرىپ كەلدىــم. ئۇ ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىچىدىكى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن تۇرغان بىر كىشىگە دېدىكى:

**"اللّٰه ئۈچۈن ۋە ئۇستۇڭدىكى ئىسلام ھەققى ئۈچۈن ئېيتقىن: قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى ئوقۇدۇڭمۇ؟"** ئۇ ئادەم: **"ھەئە"** دېدى. **"ئۇنى ئۆزەڭدە تەتبىقلىدىڭمۇ؟"** دېدى. ئۇ ئادەم: **"اللّٰه بىلەن قەسەمكى، ياق"** دەپ جاۋاب بەردى. (ئىبنى ئەۋن مۇنداق دېگەن: ئەگەر ھەئە دېگەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تارتىشاتتى).

**"كۆزۈڭدە ئىجرا قىلدىڭمۇ؟ سۆزۈڭدە ئىجرا قىلدىڭمۇ؟ ئىشلىرىڭدا ئىجرا قىلدىڭمۇ؟"**

ئەڭ ئاخىرقى كىشىگە مۇشۇنداق سورىدى ۋە دېدىكى:

**"ۋاي بىچارە ئۆمەر! مېنى ئىنسانلارنى قۇرئاننى تولۇق ئىجرا قىلىشقا زورلىسۇن دەمسىلەر! رەببىمىز بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ سەۋەبتىن دېدىكى:**

﴿إِن تَجْتَنِبُواْ كَبَآئِرَ مَا تُنْهَوْنَ عَنْهُ نُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَنُدْخِلْكُم مُّدْخَلاً كَرِيمًا﴾ **﴿ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار (كەرىمىمىزگە ئىلىپ) كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئىسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىمىز﴾**. سۈرە نىسا، 31 ـ ئايەت.

كېيىن ئۇلارغا:

**"سىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگىنىڭلارنى بىرەرسى بىلەمدۇ؟"** دەپ سورىدى. **"ياق"** دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن دېدىكى: **"ئەگەر بىلگەن بولسا سىلەرگە بىر دەرس بېرىپ قوياتتىم!"**. (دۇررۇل مەنسۇر، 2 ـ 145).

ئىسلامنىڭ

مەدىنىسى؛

مەدىنىنىڭ

# مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرىسى

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

## قەيەردىن قايەرگە؟

## باي ئىدى، مەشھۇر ئىدى

ساھابە كىراملارنىڭ ئالدىنقى قاتارلىرىدىن بولغان مۇسئەبنىڭ تەخەللۇسى ئەبۇ مۇھەممەدتۇر. ئۇ مەككىنىڭ پۇلدار ئائىلىلىرىدىن بولۇپ، كېلىشكەن ۋە ئېسىل كېيىنىدىغان بىر يىگىت ئىدى. ئاتا - ئانىسى ئۇنى بەكمۇ ئەتىۋارلايتتى. بولۇپمۇ مەككىنىڭ ئەڭ بايلىرىدىن سانىلىدىغان ئانىسى، ئوغلىغا ئەڭ گۈزەل كىيىملەرنى كەيدۈرەتتى ۋە ئېسىل خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى سۈرەتتى. مەككىلىكلەرمۇ ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىشاتتى. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

«مەككىدە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرىدىن بەكرەك چىرايلىق كىينگەن، ئۇنىڭدىن بەكرەك كېلىشكەن ۋە نېئمەتلەر ئىچىدە بولغان باشقا بىر ياش كۆرمىدىم».

## ھىدايەت تاپتى، مۇشرىكلارنىڭ نىشانى بولدى

مۇسئەب مەككىدە شۇ كۈننىڭ شارائىتىغا كۆرە، بايلىق ۋە ھەشەمەت ئىچىدە ياشاۋاتقان مەزگىلىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. كۆپ ۋاقىت قاچۇرماستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇ ۋاقىتتا مەككىلىكلەر مۇسۇلمانلارغا ئېغىر بېسىم ئىشلىتىۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئائىلىسىدىن يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئەمما ئۇ پەيغەمبىرىمىزنى مەخپىي زىيارەت قىلىشقا سەل قارىمايتتى. بىر كۈنى ئوسمان ئىبنى تەلھە مۇسئەبنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭ ئانىسى ۋە تۇققانلىرىغا بىلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنى تۇتۇپ سولاپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، مەككىنىڭ بۇ ئېسىل ۋە پۇلدار يىگىتى ئۈچۈن ئەلەملىك ۋە زور كۈنلەر باشلىدى.

## ئاللاھ يولىدا، قۇرئان يېشىدا ھەر نەرسىنى تەرك ئەتتى ۋاقتى كەلگەندە ھىجرەت قىلدى

ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان تۇنجى كارۋانغا قوشۇلغىچە ھەپسخانىدا تۇتۇلغان ھەزرىتى مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرەت ئىمكانى ھازىر بولۇشى بىلەنلا، دىنىنى تېخىمۇ راھەت بىر شەكىلدە ياشاش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى. ھەبەشىستاندىن قايتقاندا، ھەزرىتى مۇسئەبنىڭ ئەھۋالى تامامەن ئۆزگەرگەن ۋە بۇ كېلىشكەن يىگىتنىڭ ئورنىنى قەلبى ئىسلام ۋە ئىمان بىلەن تولغان، ئىرادىسى كۈچلۈك، قەيسەر بىر يىگىت ئالغان ئىدى.ئانىسى ئۇنىڭدىكى بۇ قەتئىيلىك ۋە كۈچلۈك ئىرادىنى كۆرۈش بىلەن، ئۇنىڭغا قىلىۋاتقان بېسىمنى بىر ئاز يېنىكلىتىشكە مەجبۇر بولدى.

## تۇنجى ئوقۇتقۇچى، تۇنجى ئەلچى بولدى

بۇ مەزگىلدە بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى ئېلىپ بېرىلىپ، مەدىنىلىك

مۇســۇلمانلاردىن بىر گۇرۇپ كىشى مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش ۋە باشقىلارغا تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھتىن بىــر ئوقۇتقۇچــى تەلەپ قىلىشــتى. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام بۇ مۇھىم ۋەزىپە ئۈچۈن مۇســئەب ئىبنى ئۇمەيرنى تەيىنلىدى. مۇســئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەم ئۇلارغا ئىمام بولاتتى ھەم قۇرئان ئۆگىتەتتى، ھەمدە ئىسلامنى چۈشەندۈرەتتى ۋە يېڭى كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتى.

بۇنىڭ بىلەن مەدىنىگە تۇنجى ھىجرەت قىلغان ســاھابە مۇســئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولغان ئىدى.

مەنبەلــەردە مەدىنــدە تۇنجــى جۈمە نامىزى مۇســئەب ئىبنــى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمام بولۇشى بىلەن ئوقۇلغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە.

**يالغۇز ھالدا پەقەت بىر يىلدا ئىسلامنى يايدى، كۆڭۈللەرنى فەتھى قىلدى، مەدىنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھازىرلىدى**

بىــر يىــل كېيىن، ھــەج مەۋســۇمدا يېنىــدا 70 نەچچە كىشــى بىلەن مەككىگــە كەلگەن مۇســئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالامغا ئىســلامنىڭ مەدىنىدە تىز ســۈرئەتتە يېيىلغانلىقىنىڭ خۇش بېشارىتىنى بەرگەن چاغدا، شۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئىسلام كىرمىگەن ۋە ئۇ ھەقتە سۆز قىلىنمىغان ئۆي قالمىدى».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام ۋە پۈتۈن مۇســۇلمانلار بــۇ خەۋەرگە ئىنتايىن سۆيۈنۈشتى.

ئوغلىنىڭ مەككىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئانىسى، ئۇنى قايتىدىن ســولاپ قويماقچى بولــدى. ئەمما مۇســئەب بۇلارنىڭ ئالدىــدا ناھايىتى تەمكىــن بىر مۇســۇلماننىڭ پوزىتسىيىســى بىلەن ئىماندا مۇســتەھكەم تۇردى ۋە ئانىســىنى بۇنىڭدىن ۋاز كەچتۈردى. ئۇنىڭ ئانىســىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشــى بىر نەتىجە بەرمىگىنىدەك، ئانىسمۇ مۇسئەبنى يولىدىن قايتۇرالمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىككى ئايچە قالغان مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، ھىجرەتتىن 12 كۈن بۇرۇن مەدىنىگە يېتىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن قېرىنداش قىلىپ قويدى.

## جىھاد كۈنى مۇجاھىد ئىدى
## بەدىر غازىتىغا قاتناشتى
## ئۇھۇدتا رەببىگە ئۇچراشتى

بەدىر ئۇرۇشىدا مۇھاجىرلارنىڭ بايرىقى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. «رەسۇلۇللاھنىڭ بايراقدارى» بولۇپ مەشھۇر بولغان ئىدى. ئۇھۇد غازىتىدىمۇ بايراق ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇرۇش ئەسناسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ چېكىنگەنلىكىنى كۆرگەن مۇسئەب ئىبنى ئوڭ – سولغا چاپتۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن شۇ ئايەتنى ئوقۇيتتى:

﴿وَمَا مُحَمَّدٌ إِلاَّ رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِ الرُّسُلُ أَفَإِن مَّاتَ أَوْ قُتِلَ انقَلَبْتُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ وَمَن يَنقَلِبْ عَلَىَ عَقِبَيْهِ فَلَن يَضُرَّ اللّهَ شَيْئًا وَسَيَجْزِي اللّهُ الشَّاكِرِينَ﴾ **﴿مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن) ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن) ئۇ اللّٰهقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اللّٰه شۈكرى قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ﴾.**

**سۈرە ئال ئىمران، 144 - ئايەت**

بۇ ئايەتنىڭ ئۇھۇد كۈنىگىچە نازىل بولماي، دەل شۇ كۈنى نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت، مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ اللّٰه دەرگاھىدىكى قىممىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

**ھەم دەۋەتچى ھەم بايراقدار**

**ھەر ئىشنىڭ ئەھلى بولىدى**

ئۇھۇد غازىتىدا ئىسلام قوشۇنىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن مۇسئەبنىڭ ئالدى بىلەن ئوڭ قولى كېسىلدى. دەرھال بايراقنى سول قولىغا ئېلىپ، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئەمما سول قولىمۇ كېسىلدى. (ھەر ئىككىلى قول جەينەكتىن كېسىلگەن ئىدى) بۇ قېتىم ۋۇجۇدى بىلەن بايراققا ئېسىلدى ۋە يۇقىرىدىكى ئايەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئاخىرىدا مۇشرىكلارنىڭ بىر نەيزە زەربىسى بىلەن شېھىد بولدى ۋە بايراقنى دەرھال مۇسۇلمانلاردىن بىرى ئالدى.

مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد بولۇپ ياتاتتى، كەچ بولاي دېگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسئەبنى قولىدا بايراق تۇتقان ھالدا كۆردى ۋە ئۇنىڭغا: "ئىلگىرلە ئى مۇسئەب!" دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئەمما ئۇ كىشى ئارقىغا قاراپ: "مەن مۇسئەب ئەمەس" دېيىشى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مۇسئەب سۈرىتىدە ئۇرۇشقان اللەنىڭ پەرىشتىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئۇھۇد غازىتىدا ساھابە كىراملارنىڭ ئالدىنقى قاتارلىرىدىن بىرمۇنچە كىشى شېھىد بولدى. مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شېھىتلەر ئارىسىدا ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قانچىلىك غەمكىن ئىكەنلىكى ئۇنىڭ مۇبارەك يۈزىدىن چىقىپ تۇراتتى. مۇسئەبنىڭ مۇبارەك جەسىتىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، ئۇھۇد شېھىتلىرى ھەققىدە نازىل بولغانلىقى بىلدۈرۈلگەن شۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدى:

﴿مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُم مَّن قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُم مَّن يَنتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا﴾ **﴿مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللا بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) اللەغا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى بەزىسى (شېھىت**

**بۇلۇشىنى) كۈتمەكتە. ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق﴾.**

سۈرە ئەھزاب، 23 – ئايەت

كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ساھابىلەرگە شېھىتلەرگە يېقىنلىشىپ سالام بېرىشلىرىنى ئېيتتى ۋە بېرىلگەن سالاملارنىڭ شېھىتلەر تەرىپىدىن ئىلىك ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تەكشۈرىمىز

**نەدىن نەگە...**

**كىملەردىن ئايرىلدى**

**كىملەرگە ئېرىشتى...**

مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد قىلىنغاندا 40 ياشتا ئىدى. ساھابىلەر بىر زامانلار بايلىق ۋە پاراغەت ئىچىدە ياشىغان بۇ قىممەتلىك كىشىنى كېپەنلەيدىغان بىر پارچە رەخت تاپالمىدى. مۇسئەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈلگەندە، بىر كونا توننىڭ ئىچىدە چاچلىرى چۇۋۇلغان، بەدىنى بولسا قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ ئىزلىرى بىلەن تىتىلغان ھالدا ياتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەمكىن ھالدا مۇنداق دېدى:

**”سېنى مەككىدە كۆرگىنىمدە، سەندىن چىرايلىقىراق كىيىنگەن ۋە سەندىن كېلىشكەن ھېچكىم يوق ئىدى. ئەمدى بولسا بېشىڭ كېپەنسىز ھالدا ئوچۇق قالدى“.**

الله يولىدا جېنىنى پىدا قىلغان بۇ ئەزىز شېھىد ساھابە ھەققىدە، ساھابىلەردىن خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنۇلارنى دەيدۇ:

”بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە پەقەت الله رىزالىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلدۇق. ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى اللهتىنلا كۈتىمىز. قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىدا دۇنيا نېمەتلىرىنى تېتىماستىن ئاخىرەتكە

كەتكەنلــەر باركى، مۇسـئەب ئىبنـى ئۇمەير ئۇلاردىن بىرىــدۇر. ئۇ ئۇھۇد كۈنى شــېھىد بولغانىدى، ئەممــا ئۇنى يۆگەيدىغان بىــر كېپەن تاپالمىغان ئىدۇق. پەقەت ئۇنىڭ بىر كونا تونى بولۇپ، بۇ ئەزىز شېھىدنى ئۇنىڭ بىلەن كېپەنلەشــكە تىرىشتۇق. ئەمما بېشىنى ياپســاق پۇتلىرى ئوچۇق قالاتتى، پۇتلىرىنى ياپساق بېشــى ئوچۇق قالاتتى. بۇ يوقسۇللۇق ئالدىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە؛ ئۇنىڭ بېشىنى يېپىشىمىزنى ۋە پۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە ئىزخىر دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىدىن قويۇشىمىزنى بۇيرىدى“.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۈممەتنىڭ ھەسرىتى: بىر ئۆي تولۇق ئادەم

www.uyghurkitap.com
كىتاب نۇر بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

زەيد ئىبنى ئەسلەم دادىسىدىن نەقىل قىلىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى دوستلىرى بىلەن ئولتۇرغاندا، ئۇلار ئارىسىدا شۇنداق بىر پاراڭ بولغان:

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"**قېنى ھەممىڭلار بىر نەرسە تىلىسۇن!**" دېگەن. ئۇ يەردىكىلەردىن بىرى:

"**مەن مۇشۇ ئۆي توشقىدەك كۈمۈشۈم بولسا، ئۇنى اللّٰه يولىدا ئىشلەتسەم دەيمەن**" دېگەن. يەنە بىرى:

"**مۇشۇ ئۆي توشقىدەك ئالتۇنۇم بولسا ۋە ئۇنى اللّٰه يولىدا چىقىم قىلسام دەيمەن**" دېگەن. يەنە باشقا بىرى:

"**مۇشۇ ئۆي توشقىدەك زىبۇزىننەتلىرىم بولسا، ئۇنى اللّٰه يولىدا ئىشلەتسەم دەيمەن**" دېگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: باشقىچۇ؟ دېگەندە،

"**باشقا بىر نەرسە قالمايمىز**". دېيىشكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ئارزۇسىنى مۇنداق تىلغا ئالغان:

"**مەن،**

**ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنۇل جەرراھ،**

**مۇئاز ئىبنى جەبەل ۋە**

**ھۇزەيفە ئىبنى يەمانغا ئوخشاش كىشىلەردىن**

**مۇشۇ ئۆي توشقىدەك ئادەم بولسا، ئۇلارنى اللّٰه يولىدا ۋەزىپىلەندۈرسەم دەيمەن**". بۇخارى، ئەتتارىخۇل ئەۋسەت، 54

## ئۆمەرنىڭ ئۆيىنى تولدۇرغانلاردىن ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئىسلامنىڭ تۇنجى كۈنلىرىدە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولۇپ، تۇنجى ئون ساھابىنىڭ ئىچىگە كىردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن پۈتۈن جىھادى ھەرىكەتلەرگە قاتناشتى. بەدىر ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا قىلىچ كۆتۈرگەن ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان مۇشرىك دادىسىنى ئۆلتۈردى. جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرىدۇر. دۇنيانىڭ ئەڭ باي زېمىنلىرىنى فەتھى قىلغان قوماندان ۋاقتىدىمۇ، قورسىقى تەستە تويىدىغان بىر ھالدا ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئۆيىنىڭ پۈتۈن ئەشيالىرىنىڭ بىر ئۆچكە، بىر تۇلۇم ۋە بىرقانچە لوقما يېمەكلىكتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يىغلاپ كەتكەن ۋە شۇنداق دېگەن ئىدى: ”دۇنيا ھەممە ئادەمنى ئۆزگەرتتى، ئەمما يالغۇز سېنى ئۆزگەرتەلمىدى. اللهقا ھەمدۇسانا بولسۇنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق كىشىلەر بار“. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئىشىنەتتىكى، ئۇنى ”ئەمىنۇل ئۇممە“ يەنى ”ئۇممەتنىڭ ئامانەتدارى“ لەقىمى بىلەن ئاتايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان كۈندە، بەزى ساھابىلەر ئۇنى تۇنجى خەلىپە قىلىپ تەيىنلىمەكچى بولۇشقاندا، ئۇ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىشارەت قىلدى. ئۇ، قۇرئاننى تولۇق يادا بىلىدىغان ساھابىلەرنىڭ بىرىدۇر.

## تۈنۈگۈنمۇ، بۈگۈنمۇ ئىزدەلگەن ئادەم ئوخشاش

يەر ئىگەللىگەن ئەمەس، بوش يەرنى تولدۇرغان، ئىستىمال قىلغىنىدىن كۆپرەك ئىشلەپ چىقارغان، لاياقەتلىك، ئەخلاقلىق، ۋاپادار، سەۋرچان، قىيىن كۈنلەرنىڭ ئادىمى بولالايدىغان كىشى: ئىزدەلدى، ئىزدىلىۋاتىدۇ.

ئۆزىدىن بەكرەك ئۈممىتىنى ئويلايدىغان، ئىنسان بولۇشنىڭ ئىنسان سىرتىدىكى مەخلۇقلاردىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان، اللهتىن قورققانلىقى ھەر ھالدىن نامايەن بولۇپ تۇرغان، شەھۋەتلەر ئالدىدا ئېرىپ كەتمىگەن، سۆزى بىلەن ئەملى ئوخشاش بولغان، قەيسەر ۋە جەسۇر، ئىككىلىنىپ قالمىغان ئادەم: ئىزدەلدى، ئىزدىلىۋاتىدۇ.

ئەيىبلەشلەرگە پەرۋا قىلمايدىغان، دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق قۇرالىغان، كىچە ئابىد، كۈندۈز مۇجاھىد، قولى بىلەن، تىلى بىلەن، مېلى بىلەن جىھاد قىلغان

ئادەم: ئىزدەلدى، ئىزدىلىۋاتىدۇ.

باي بولغاندا كەمبەغەللىك كۈنلىرىنى ئۇنتۇمىغان، ئۇستىگە ۋەزىپە يۈكلەنسە نازلانمايدىغان، باھانە ئويدۇرمايدىغان، "ئەمما، پەقەت" دېيىشنى بىلمەيدىغان، دىنىدىن مۇرەسسە قىلىشقا رازى بولمايدىغان ئادەم: ئىزدەلدى، ئىزدىلىۋاتىدۇ.

ئۇ داۋاملىق ئىزدەلدى؛ بىر كۈنلەردە هابىل بولۇپ چىقتى، ئىسمائىل بولۇپ چىقتى.

يەنە بىر كۈنى قارىسىڭىز، بىر توپ بولۇشتى، غارغا يوشۇرۇندى، "ئەسهابۇل كەهف" بولۇشتى.

يەسرىبتە مۇسئەب بولۇپ، مەدىنە قۇردى.

دارۇل ئەرقەم ئەهلى بولۇشتى. ئەهلى سۇففە بولۇشتى، بەدىر ئەهلى بولۇشتى.

غاردا ئەبۇ بەكرى بولۇشتى.

ئەهلى سەلىبلەرنىڭ ئالدىدا سالاهىددىن، مۇهەممەد فاتىه بولۇشتى.

## ئۆمەرنىڭ ئۆيىنى تولدۇرغانلاردىن مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

18 ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە مۇسۇلمان بولدى. 18 ياشتا ئىدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا "ئۈممەتنىڭ هالال- هارامنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان كىشىسى" گە ئايلاندى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ زامانىدا، 35 ياشلار ئەتراپىدا ۋاپات بولدى. ئۇ شۇنچە قىسقا ياشىغان بولسىمۇ، باشتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بولۇش بىلەن بىرگە، چوڭ ساهابىلەرنىڭ ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن، ئۆز ئىسمىنى قەلبلەرگە نەقىشلەتكەن ئىدى. ئەخلاقى ۋە مال - دۇنياغا بېرىلمەسلىكى بىلەن تونۇلدى. ئۇقەدەر بېرەتتىكى، ئۆزى ئېلىشقا موهتاج هالغا كېلىپ قالغان ئىدى.ئەمما بېرىشتىن هېچ ۋاز كەچمىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئۇنىڭ هەققىدە مۇنۇلارنى دەيدۇ: "مۇئاز ئۆزى يالغۇز بىر ئۈممەت ئىدى.الله ئۈچۈن ياشايتتى. بىز ئۇنى ئىبراهىم ئەلەيهىسسالامغا ئوخشىتاتتۇق". ئۇ مۇبتىلا بولغان تائۇن كېسىلى سەۋەبلىك ئۆلىدىغانلىقىنى بىلگەندە شۇنداق دۇئا قىلدى: "ئى الله! مەن سەندىن قورقاتتىم. ئەمدى بولسا سەندىن ئارزۇ قىلىمەن. ئى رەببىم! سەن بىلىسەنكى، مەن دەريالىرى ئاققان، دەرەخلىرى تىكىلگەن بىر دۇنيا ئۈچۈن ياشىمىدىم. پۈتۈن هاياتىم سۇسىز ۋە قىيىن زامانلار ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ ئىلىم، ئىمان ۋە تائەت ئۈچۈن ئىدى". ئۇنىڭ قەيسەرلىكىگە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمۇ هەيران ئىدى. بۇ سەۋەبتىن "مۇئاز بولمىسا ئىدى، ئۆمەر هالاك بولاتتى" دېگەنىدى. ئۇ قۇرئاننى ياد بىلىدىغان ۋە ناهايىتى گۈزەل ئوقۇيدىغانلاردىن ئىدى. ئىلىمگە ئىشەنچ قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىۋاستە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئېيتقانىدى. بۇ سەۋەبلىك، ئۇنى دىن ئۆگىتىش ئۈچۈن ۋەزىپىلەندۈردى. شەهەرلەرنىڭ، دۆلەتلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەنىدى.

## ئۆمەرنىڭ ئۆيىنى تولدۇرغانلاردىن ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

بەدىر غازىتىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھېچ ئايرىلمىدى. پۈتۈن جىھادلارغا قاتناشتى، فەتھلەر بولدى، ئىلىم يايدى. شەھەرلەرنى باشقۇردى. ھېچقاچان تەرەپسىز بولمىدى. داۋاملىق ھەق تەرەپتە ۋە مۇرەسسەسىز بىر پوزىتسىيە كۆرسەتتى. زاھىد ئىدى. شۆھرەتكە ۋە مال - دۇنياغا بېرىلمىدى. مەدائىن شەھرىگە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەندە، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە قانچىلىك مائاش تەلەپ قىلىدىغانلىقى سورالغاندا، قورسىقىنى تويغۇزغۇدەك تاماق بىلەن ئۇلىغىغا ئوت - چۆپ تەلەپ قىلىغانىدى. ئۆزىگە كەيگۈزۈلىدىغان كېپەنىنىڭمۇ قىممەت لاتىدىن بولماسلىقىنى تەلەپ قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن ئىدى: ”نېمىلا بولمىسا بۇ كېپىنىمنى قەبرىدە يا ئۇنىڭدىن ياخشىسى بىلەن، ياكى ئۇنىڭدىن ناچىرى بىلەن ئالماشتۇرىمەن!“ مۇناپىقلىقنىڭ دۈشمىنى، مەرتلىكنىڭ دوستى بولۇپ ياشىدى. داۋاملىق تىك تۇردى، ئېگىلىپ پۈكۈلمىدى. ئاجىزلىق، زەئىپلىك ۋە ئىمكانسىزلىق ئۇنىڭ لۇغىتىگە كىرمىدى. خەندەك ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، مەلۇمات توپلاش ئۈچۈن ۋەزىپىلەندۈرگەن ئىدى. ئۆلۈمگە نەپەستەك يېقىن بولغان بىر ۋەزىپە بولۇشىغا قارىماستىن ياق دېمىدى. يولغا چىقتى. مەخپىي مەلۇماتلارنى ئىگەللىدى. قايتىپ كەلدى. خۇش خەۋەرنى ئېلىپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈندۈردى. ئۇ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغان بىر مۇئمىن ئىدى. كىشىلەرگە قىلغان نەسىھىتىنىڭ بېشىدا شۇ سۆزنى تىلغا ئالاتتى: ”سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئاخىرەت ئۈچۈن دۇنيانى ۋەياكى دۇنيا ئۈچۈن ئاخىرەتنى تەرك ئەتكەنلىرىڭلار ئەمەس. ياخشىلىرىڭلار ھەر ئىككىسىنى تەڭ تۇتقانلاردۇر“.

ئۇلار، ھەق ۋە باتىل ئىككى زىت قۇتۇپ شەكلىدە يەر يۈزىگە چۈشكەندىن بېرى ئىزدەلدى، ئىزدىلىۋاتىدۇ؛ اللهنىڭ دىنىي ئۈچۈن ”پىداكار، كېچىسى كۈندۈزىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ئادەم“ ئىزدەلگەنچە ئىزدىلىدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىزدىگەن كېسەك تاملىق ئۆيىنى توشقۇزغۇدەك ئادەملەر، ئۇ ئادەملەر ئىدى. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئادەم ئىزدەيتتى. بەدەنلىرى ئۆيلەرنى، ھەيۋەتلىرى كۆزلەرنى تولدۇرۇدىغان، پەرىشتىلەر ھەۋەس قىلغان ئادەملەرنى ئىزدەيتتى.

ئابىد، زاھىد، تەقۋادار،فەتھى قىلغان زېمىنلاردا قولى ۋە بۇيرۇقى ئاستىدىكى بايلىق دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاچ يۈرەلەيدىغان؛ ئەمما دەۋاسى ئارقىلىق جان باقمايدىغان ئادەم ئىزدەيتتى. ئۆزىگە كېپەنلىك قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان لاتىنى كۆرۈپ: ”ئۈچ كۈندىن كېيىن چۈرۈپ كېتىدىغان بىر بەدەن ئۈچۈن، بۇنچىلىك لاتىنى زايا قىلماڭلار، ئىككى قات كېپەن ماڭا يېتىدۇ“ دېيەلەيدىغان دەرىجىدە قولى ۋە دىلى پاك بولغان

ئادەملەر ئىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىزدىگەن ئادەملەر...

ئۇ ئادەملەر فەتھى قىلىپ شېرىكتىن تازىلىغان زېمىنلاردىكى چۇشەنچىلەرنى، ھايات شەكىللىرىنى ئۆزگە يۇقتۇرۇۋالمىغىنىدەك، پۈتۈن تىل ۋە جۇغراپىيىلىك توساقلارغا قارىماستىن، ئۆز ئەقىدىلىرىنى ئۇ يەردىكى ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە يەرلەشتۈرۈشتى. تەسىرگە ئۇچرىماستىن تەسىرگە ئۇچراتتى. ئىلىشنىڭ ئورنىغا بېرىشتى. ئۆزلىرى تەمسىل قىلىۋاتقان پەيغەمبىرىنىڭ يۈزىنى ئاق قىلدى. ئۇنى ھېچبىر يەردە يەرگە قاراتمىدى.

كۆزلىرى ۋە قوللىرى ئىشەنچ ئاتا قىلدى. تىللىرىدىن ھەسەل ئاقتى. دوستلىرىنىمۇ، دۈشمەنلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇرۇشتى. نە ئىبادەتتىن، نە جىھادتىن قالمىدى. دۇنيادىكى نېسىۋىسىنىمۇ ئۇنتۇشمىدى. ھەر قەدەمدە ئاجايىپ كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ھېچقاچان مەغرۇرلانمىدى. ھېچقاچان نىشانلىرىدىن ۋاز كەچمەستىن سادىق مۇسۇلمان بولۇپ ياشاشنى ئەڭ چوڭ كارامەت ۋە ئاخىرقى نىشان دەپ قاراشتى.

ئۆمەر ئۇلار بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ بېشىدا ياشىدى. كېيىن ئادەملىرىدىن بىر - بىرلەپ ئايرىلغاندا، كەلگۈسى نەسىللەرگە ھەقىقىي فەتھى قىلغۇچى ئەرلەرنىڭ ئاساسى خاراكتېرلىرىنى، سۈپەتلىرىنى بىلدۈرۈشنى خالىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ئۇبەيدە، مۇئاز ۋە ھۇزەيفەلەر ئۈممەتنىڭ ھەسرىتىنى ئەمەلىي ھاياتىدا كۆرسىتىشتى...

## ئائىلىلىكنىڭ ھەققىنى بەرگەنلەر؛
## ئەبۇ ئۇبەيدەلەر، مۇئازلار، ھۇزەيفەلەر

1 - ئۇلار شېرىكتىن تامامەن ئايرىلىپ ئىماننىڭ ھەققىنى بېرىشتى. اللهنى ئۆز ئىگىلىرى دەپ بىلىشتى. ئۇنىڭ دوستىنى دوست، دۈشمىنىنى دۈشمەن بىلىشتى. ئۇنىڭ ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىشتى؛ خۇددى ئوتتىن قاچقاندەك ھارامىلاردىن قېچىشتى. ئۇنى زىكىر قىلىشنى خۇددى نەپەس ئېلىشقا ئوخشاش مۇھىم بىلىشتى. ئۇنىڭ قۇرئانىنى تويماستىن ئوقۇپ، ئەمەلىي ھاياتىدا تەتبىقلاشتى. ئۇنىڭغا ئىشەندى. تەۋبە قىلىشقا ۋە ئىستىغفار ئېيتىشقا ئالدىراشتى. پەرزلەرنى، ۋاجىپلارنى بىرمۇبىر ئىجرا قىلىشتى. دىنى ھەققىدە ئەسلا مۇرەسسە قىلىشمىدى. جانلىرىنى بەرسىمۇ دىنىدىن بىر نەپەس چاغلىق ۋاز كەچمىدى. الله مۇبارەك دېگەن يەرلەرنى مۇبارەك بىلىشتى.

**2 - رەببى بىلەن ئۇچرىشىش كۈنى ئۈچۈن تىترەشتى، ئۈركۈشتى. جەننەتكە كىرىدىغان پەقەت بىرلا ئىنسان بولسا، ئۇ مەن، جەھەننەمگە كىرىدىغان پەقەت بىرلا ئىنسان بولسا، ئۇ ھەم مەن بولۇشۇم مۇمكىن دەپ ئېتىقاد قىلىشتى. تۇپراق ئۈستىدە ياشاۋېتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى ھاياتىنى ۋە ئەندىشىسىنى ھېس قىلىشتى. كۆز ياشلىرى قۇرۇمىدى. يېرىم كېچىلەردە، تاڭ سەھەرلەردە رەببىگە مۇناجات قىلىپ، ئىچ - ئىچىدىن يالۋۇرۇپ يىغلىشاتتى. ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن بىرى، ئۇلارنىڭ ھالىنى كۆرسە، ئۇلارنى پۈتۈن جىنايەت ۋە يامانلىقلارغا مۇبتىلا بولغان كىشىلەر بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلىپ سالاتتى. خۇددى ئۇ بۈيۈك فەتھىلەر، ئۇ ئىخلاس بىلەن قىلىنغان خىزمەتلەر ئۇلارنىڭ ئەسىرى ئەمەستەك.**

3 - جەننەتنىڭ بەدەلسىز ئەمەسلىكىنى، دۇنيا ھاياتىنىڭ ئۇنىڭغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن كۆۋرۈك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىشتى. شاھادەت، غازىلىق، پىداكارلىق، سەۋرچانلىق، ساباتلىق، ۋاپادارلىق، شىجائەت...

تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان قان بولدى. ئۇلار ھەقىقىي يىگىت ئىدى.

**4 – ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەركىمدىن، ھەتتا ئۆز جانلىرىدىن بەكرەك ياخشى كۆرۈشتى. بەدەنلىرىنى ئۇنىڭ يولىغا ۋە خىزمىتىگە پىدا قىلىشتى، دىللىرىنىمۇ ئۇنىڭغا دۇرۇت ئېيتىش بىلەن نۇرلاندۇرۇشتى. سۈننىتىگە ئېسىلىشتى؛ ئۇنى ئۆز جېنى بىلىشتى، ھاياتلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرە ئورۇنلاشتۇردى. ۋەدە قىلغانلىرىنى، مۇنداق بولىدۇ دېگەن سۆزلىرىنى خۇددى بولۇپ بولغاندەك سانىدى. ئۇنىڭ خالىس تەبلىغچىلىرى بولۇشتى. ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى ياخشى كۆرۈشتى، باغرىغا بېسىشتى. ئەھلى بەيتىگە مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى.**

5 ـ مەسجىدلەرگە يىغىلىشتى. ئەزاننى مەسجىدلەردە ئاڭلاشقا تىرىشتى. مەسجىدلەرنى پانىي دۇنيانىڭ جەننىتى دەپ قاراشتى. ئەگەر تالىشىپ ئۇرۇشۇش كېرەك بولغان بىر زېمىن پارچىسى بولسا ئىدى، ئۇ ئەلۋەتتە مەسجىدلەرنىڭ بىرىنچى سېپى بولاتتى. مېيىپ، كېسەل، چارچاش، قىسقىسى، ھەرقانداق ئەھۋالدا مەسجىدنى تاشلاپ قويۇشمىدى.

**6 ـ فىتنىدىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشتى. سەۋر قىلىپ، ئاقىۋەتنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشتى. گۇناھ ۋە شەھۋەتلەرنىڭ بېسىمىغا، مۇسىبەتلەرنىڭ شىددىتىگە؛ پېقىرلىق ۋە يوقسۇللۇقنىڭ ئېغىرلىقىغا سەۋر قىلىشتى. خارلىققا چۈشمىدى، خارلىقنىڭ سەۋەبلىرىدىن قېچىشتى. ئاچ قالدۇق، يالىڭاچ قالدۇق دېيىشمىدى؛ ئۇلارغا يىراقتىن قارىغان كىشى ئۇلارنى توق دەپ گۇمان قىلىشتى.**

7 ـ قىلغانلىرىنى يېتەرلىك دەپ قاراشمىدى. جىھادنىڭ ئەڭ چوڭىنى قىلىپ تۇرۇپ، قوللىرى دۇئادىن چۈشمىدى. ئۆز نەپسلىرىنى نۇقسانلىقتىن ئەيىبلەشتى؛ نەپسلىرىنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەشتى. ئۆزلىرىدىن ياخشى بولغانلاردىن ئۆرنەك ئېلىشتى. ياخشىلىق قىلىشتا ۋە چىقىم قىلىشتا مۇسابىقىلەشتى. كېچىنى كۈندۈزگە قوشۇۋەتتى؛ كۈندۈزنى ھەم كېچىگە...

**8 ـ ئاللاھتىن ھېچقاچان ئۈمىد ئۈزۈشمىدى. قىيىن ئەھۋالدا قالغانچە،**

**زېرىككەنچە، ئەندىشىلەنگەنچە زىكرىگە ۋە قۇرئانغا ئېسىلىشتى. ھەرگىزمۇ "بولمايدۇ" دېيىشمىدى.**

9 - ئىنسانلاردىن ئايرىلىشمىدى. ئۇلارنىڭ ئازارلىرىغا سەۋر قىلىپ، جەمئىيەت ئىچىدە ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشنى ۋە بىر كىشىگە بولسىمۇ پايدىلىق بولۇشنى، بىر جاننى بولسىمۇ جەھەننەمدىن قۇتقۇزۇشنى ئۆزلىرىنىڭ دەردى بىلىشتى. ۋاقتى كەلسە بىر سالام بېرىش ئۈچۈن، بىر كۆڭۈلنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن قىزىق قۇياش ئاستىدا سەپەر قىلىشتى. كەمتەر، خۇشچىراي، دۇرۇس بولۇشتى. ئۆزلىرى ئۈچۈن خالىغاننى دىنى قېرىنداشلىرى ئۈچۈنمۇ خالىدى.بىر - بىرىگە ھەدىيە قىلىشتى، بىر - بىرلىرىنى زىيارەت قىلىشتى. ياخشى كۆرۈشتى ۋە ياخشى كۆرۈلدى. كۆڭۈللەرنىڭ سۇلتانلىرى بولۇشتى. ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئەخلاقسىزلىقىدىن سۆز ئاچمىدى. ئۇلار مېڭىۋاتقان قۇرئان، ياشاۋاتقان سۈننەتكە ئوخشايتتى.

**10 - مال - دۇنياغا بېرىلىشمىدى، ئۇنىڭ جەزبىدارلىقىغا ئالدانمىدى. يولۇچىنىڭ ئوزۇق – تۈلۈكىگە ئوخشاش مال يىغىشتى. ئارتۇقىنى دەرھال ئاللە يولىدا چىقىم قىلىشتى. چىقىم قىلغانلىرى ئۈچۈن ئاللاھىدىن سورۇن تۈزۈشمىدى. ئۇلار قولىدا قىلغانلىرىنى سول قولىدىن يوشۇرغان ۋاقىتلىرى بولدى. ھارام ۋە شۈبھىلىك نەرسىلەرنى تۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆز پېشانە تەرلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان ماللىرىنىمۇ قولىلىرىدىن چىقىرىۋېتىشكە ئالدىراشتى. خۇددى ئالغانىدەك بېرىشتى. بېرىشتىن زوقلاندى. سارايلارنىڭ ساھىبلىرىنى ئەسىرگە ئېلىشتى؛ ئەمما ساراي ئۇلارنى ئەكسى بولۇشمىدى. يەر - زېمىن، باغ - ۋاران ئىگەللىشىپ، راھەت - پاراغەتتە ياشىمىدى. ئۇلار دەل بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئارام ئېلىپ، يولىنى داۋاملاشتۇرغان مۇساپىرغا ئوخشاش ياشاپ كېتىشتى.**

11- بۈيۈك ئويلاشتى، بۈيۈك ئىشلارنى قىلىشتى. ئۈچ كىشى بىلەن بىر مىللەت بولغانلىقلىرىغا ئىشىنىشتى. قەلبلىرى مۇشتۇمچىلىك، ئەمما يۈرەكلىرى تاغلاردەك چوڭ ئىدى. يالغۇز ھالدا بىر قوشۇننىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشتىن ھېچ ئىككىلىنىپ قېلىشمىدى. "قىلالايمەن" دېگەنلىرىنى قىلىشتى. "ئاللە مەن بىلەن بىرگە بولسا، باشقىسى مۇھىم ئەمەس" دېگەن چۈشەنچە بىلەن، يوللارغا چىقىشتى. خىيال قىلىنىشى

زور بولغان ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتى. ئۇزۇن - ئۇزۇن كىلومېتىرلارنى بىر قەدەمچىلىك كۆرۈشمىدى.

12- **ئۆيلەرنى ۋە مەنسەپلەرنى تولدۇرۇپ ھەققىنى بەرگەن ئۇ شەخسىيەتلەر، يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە ۋە ئىقلىملارغا كۆرە شەكىللەنمىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا قايسى ھالدا بولغان بولسا، 20 يىل كېيىنمۇ يەنە شۇ ھالدا بولۇشتى. ئۇلار باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى، بەلكى باشقىلارنى تەسىرگە ئۇچراتتى. قارىغۇلارچە تەقلىدكە ھېچ كىرىپ قېلىشمىدى. خارلىق ھېس قىلىشمىدى. كىسرانىڭ ئالدىدا ئىسلامنىڭ ئىززىتىنى قوغداپ، تىك تۇرۇپ سۆز قىلىشتى. ئۆلتۈرۈلۈش تەھدىتلىرىگە كۈلۈپ قويغانىدەك، ماددىي ئىمكانلارغىمۇ ئۆزلىرىنى سېتىشمىدى. ئارقىغا چېكىنىشمىدى، ئۆز ئورۇنلىرىدا ھەم ھېچ تەۋرەنمىدى.**

# جەننەت ياشلىرىنىڭ سەردارى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى نەۋرىسىدىن بىرى، ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ شاھادىتى ۋە ئۇنى شېھىت بولۇشقا ئېلىپ بارغان فىتنىنىڭ ئېقىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## كالېندارنىڭ ياپراقلىرى

## فىتنىنىڭ تۇغۇمىدىن چىققان كۆنلىرى

### ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى ئاخىرقى ئاي:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيۈملۈك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ئوغلى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن توي قىلدى. شۇ كۆنگىچىلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆچۈن يېڭى ئۆي سېلىندى.

### ھىجرىيىنىڭ ئۈچىنچى يىلى رامىزان ئېيى:

ئەلى ۋە فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ توي قىلىشىدىن كېيىن، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇغۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى خۇشال بولدى. نەۋرىسىنىڭ ئىسمىنى ئۆزى قويدى. قۇلىقىغا ئەزان ئوقۇدى ۋە ئەقىقىسىنى قىلدى.

### ھىجرىيىنىڭ تۆتىنچى يىلى شەئبان ئېيى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى نەۋرىسى ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇغۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭمۇ ئىسمىنى قويدى ۋە ئەقىقىسىنى قىلدى. نەۋرىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەكمۇ روھلاندۇرۇۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى سۆيەتتى، باشلىرىنى سىلايتتى، ھەتتا نامىزىدىمۇ يېنىدا ئېلىپ يۈردى. ئۇلار ئۆيدە، مەسجىدتە گۈلگە ئوخشاش گۈزەللىك چېچىپ تۇرۇشتى.

### ھىجرىيىنىڭ ئونىنچى يىلى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ دەرگاھىغا كەتتى. ساھابە كىراملار دەپنە ئىشلىرىدىن بۇرۇن، ئۈممەتنىڭ بېشىدا كىمنىڭ بولىدىغانلىقىنى

تېپىش ئۈچۈن يىغىلىشــتى. ئەبــۇ بەكرى رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئۈممەتنىڭ بېشى بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىســـسالامنىڭ مەسجىدىدە ئېلان قىلىندى ۋە ئۈممەتنىڭ ئاقساقاللىرى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىشتى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەيئەت قىلمىدى.

ئالتە ئاي كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ سـۆيۈملۈك قــىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھــا ۋاپات بولدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىـــڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلدى.

**ھىجرىيىنىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى يىلى:**

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد قىلىندى.

ئۇ شــېھىد قىلىنىشـــتىن بــۇرۇن يېڭى خەلىپىنى ســايلاش ئۈچۈن شــۇرا مەجلىســـى تەيىنلىگەن ئىـــدى. ئۇ مەجلىســـتە ئەلى ئىبنـــى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار ئىـــدى. مەجلىس ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قويغان پرىنســـىپ بىلەن خىزمەت قىلدى ۋە ئوســـمان ئىبنـــى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچىنچى خەلىپە بولۇپ سايلاندى.

**ھىجرىيىنىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى ۋە ئوتتۇز بەشىنچى يىللىرى ئارىسى:**

ئۈچىنچى خەلىپە كېڭەيگەن ئىسلام زېمىنلىرىنى ۋە يېڭى مۇسۇلمان بولغان نۇرغــۇن قەۋملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈممەتنـــى ئىدارە قىلدى. داۋاملىق يېڭى مەسىلىلەر ۋە يېڭى ئىنسانلار كۈنتەرتىپكە كېلىپ تۇردى. ئۈممەتنىڭ ئالدىنقى قاتارلىرىدىن بــىرى، ئىلىم بۇلىقى بولغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خاتا دەپ قارىغان بەزى ئىشــلارغا ئېتىراز بىلدۈردى. تېخىمۇ ياخشىسىنى مەســلىھەت بــەردى. جەننەت بىلەن خــۇش خەۋەر بېرىلگــەن تەلھە ۋە زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ بۇ مەسىلىلەردە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوللىدى.

www.uyghurkitap.com

قەلبلىرىدە كىبىرلىك بولغان بىر گۇرۇپ كىشىلەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىد قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىسيان ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. بۇ ھەرىكەتنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا چاتماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭغا قاتتىق قارشى چىقتى. دىنىي ۋە ئىلمىي مەقسەتلەر بىلەن كۆرسەتكەن پوزىتسىيىسىنىڭ يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ ئويۇنىغا ئايلىنىپ قېلىشىنى خالىمىدى.

نىھايەت، ھىجرىيىنىڭ 35 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈچىنچى خەلىپە قۇرئان ئوقۇۋاتقان ئەسنادا قانخورلارچە شېھىد قىلىندى.

**ھىجرىيىنىڭ ئوتتۇز بەشىنچى يىلى ئاخىرى:**

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب تۆتىنچى خەلىپە بولدى. ئەسلىدە بار بولغان خىلمۇخىل مەسىلىلەرگە قوشۇلۇپ، ئۈچىنچى خەلىپىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ئالاقىسى بولغانلارنىڭ جازالاندۇرۇلۇشى ھەققىدىكى مەسىلىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئۈچىنچى خەلىپىنىڭ قاتىللىرى گۇرۇھ شەكلىدە جىنايەتنى ئۈستىگە ئېلىشقان بولۇپ، مىڭغا يېقىن كىشى: «بىز ئۆلتۈردۇق» دېگەنلىكى ئۈچۈن، قاتىلنى بەلگىلەش قىيىن بولغان ئىدى. قاتىل ئېنىقلانسىمۇ، ئۇنى بىر نىيمە قىلالىغۇدەك كۈچ يوق ئىدى. مەدىنىدە ئۈچىنچى خەلىپىنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلغۇدەك ئەللىك كىشى تېپىلمىغانىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەدىنىدە تېررور شامىلى چىقىۋاتاتتى.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېقىنلىرى بولغان ئۈممەييە جەمەتى بۇ جىنايەتنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈلۈشى ھەققىدە تەلەپلىرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. خەلىپە بولسا پۇت - قولى باغلاقتەك بىر ئىش قىلالمايتتى. شام ۋالىيسى مۇئاۋىيە ئىبنى سۇفيان بۇ ئەھۋالنى خەلىپىنىڭ قاتىللارنى قوغدىشى دەپ قارىدى ۋە قارشى چىقتى. بۇ سەۋەب بىلەن يېڭى خەلىپىگە بەيئەت قىلمىدى.

**ھىجرىيىنىڭ ئوتتۇز ئالتىنچى يىلى:**

ئىشلار تېخىمۇ قالايمىقانلاشتى. تەلھە ۋە زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار

خەلىپىگە قارشــى تەرەپتە بولۇشــتى. يەنە بىر قارشــىلىق مۆئمىنلەرنىڭ ئانىســى ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھادىن كەلــدى. كۆرۈشۈشــلەر نەتىجە بەرمىدى. ئاخىرى ئائىشــە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ باشــچىلىقىدا بىر گۇرۇھ بىلــەن ئەلــى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشــۇنى بەسىــرە ئەتراپىــدا جەڭگە كىردى. جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بېرىلگەن ئىككى ساھابە تەلھە ۋە زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار خەلىپىنىڭ ئەســكەرلىرى تەرىپىدىن شېھىد قىلىندى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى ئائىشە ئانىمىز ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى ۋە بۇ ۋەقە جەمەل ۋەقەسى دەپ ئاتالدى.

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىچىدە ســاھابىلەرمۇ بولغان بىر قوشــۇن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشــۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. سىففىن دەپ ئاتالغان يەردە 70 مىڭ كىشى ئۆلگەن ئۇرۇش بولدى. ئاخىرىدا ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولىدىغان بىر ھۆكۈم قىلىش ھەيئىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قارار بېرىلدى. ئەمما ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشۇنىدا بۇ قارارغا ئېتىراز بىلدۈرگەنلەر بولدى ۋە قارشــى چىقىپ ئايرىلىپ چىقتى. شــۇنىڭ بىلەن خەۋارىجلار دەپ ئاتالغــان يېڭى بىر گۇرۇپ مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن خەلىپىنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئاجىزلىــدى. ئىراقلىقلار مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئوتتۇرىدا يالغۇز قويۇپ قويدى.

ھۆكۈم قىلىش ھەيئىتىنىڭ قارارلىرى ھەققىي ئادالەت ئېلىپ كېلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ھاكىمىيەتلىك بىر جەمئىيەت ئوتتۇرىغا چىقتى: ئىراق رايونىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، شام رايونىدا مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

**ھىجرىيىنىڭ قىرىقىنچى يىلى:**

خەۋارىجلاردىن بىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇممەتنىڭ تۆتىنچى خەلىپىسىمۇ شېھىد ھالدا الله دەرگاھىغا كەتتى.

ئوغلى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كۇفەدە خەلىپە دەپ بەيئەت قىلىندى. بۇنىڭغا شامدىكى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قارشى چىقتى ۋە كۆرۈشۈشلەر ئېلىپ بېرىلدى، قوشۇنلار ھازىرلاندى.

**ھىجرىيىنىڭ قىرىق بىرىنچى يىلى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىكنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭ ئۆز ھەققىدىن ۋاز كېچىشىگە ئىنىسى ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قارشى چىقتى. ئەمما ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قارارىنى ئۆزگەرتمىدى.

شۇنىڭ بىلەن تولۇق شەكىلدە بىرلىك ھاسىل قىلىندى. يېڭىدىن بىر كۆچكە ئايلاندى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەركىزى شام بولدى.

**ھىجرىيىنىڭ قىرىق توققۇزىنچى يىلى:**

ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە ۋاپات بولدى.

**ھىجرىيىنىڭ ئەللىك ئالتىنچى يىلى:**

خەلىپە مۇئاۋىيە ئۆزىدىن كېيىن خەلىپە بولۇشقا ئوغلى يەزىدنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ تەلىپىدە يېرىم ئۈمىد، يېرىم بۇيرۇق ئۇسلۇبىنى ئىشلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدىكى ھۇزۇر يوقۇلۇشقا ۋە سۈكۈنات بوزۇلۇشقا يۈز تۇتتى.

**ھىجرىيىنىڭ ئاتمىشىنچى يىلى:**

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلدى. يەزىد شامدا مۇئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى دەپ ئېلان قىلىندى.

ساھابە كىراملاردىن ھايات قالغانلىرىنىڭ ئىچىدىكى مۆتىۋەرلەر بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشمىدى. ئەمما جەمەل ۋە سىففىن ۋەقەلىرى تېخى ئەسلىمىلەردە يېڭى بولغاچقا، فىتنىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەشتى.

مەدىنىگە ئەۋەتىلگەن تەلىماتلاردا، مۆتىۋەرلەرنىڭ بەيئەت قىلىشى بۇيرۇلدى.

شۇنداق قىلىپ رەجەب ئېيىنىڭ بەشىنچى كۈنى ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

بەيئەت قىلماسلىق ئۈچۈن، مەدىنىنى تاشلاپ، ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە مەككىگە كۆچۈپ كەتتى.

**ھىجرىيىنىڭ ئاتمىشىنچى يىلى:**

ئىراقتىكى كۇفەلىكلەر جىددىيي ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن خەت - ئالاقە قىلىشتى ۋە ئۇنى كۇفەگە دەۋەت قىلىشتى. شۇنداقلا كۇفەگە كېلىشىنى ۋە ئۇ يەردە خىلاپەتنى دادىسى قالدۇرغان يەردىن باشلاپ داۋام قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بەيئەت قىلىشقا ھازىر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشتى.

شۇنىڭ بىلەن ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ چاقىرىققا جىددىيي قارىدى ۋە تاغىسىنىڭ ئوغلىنى ئەھۋال ئىگەللەش ئۈچۈن كۇفەگە ئەۋەتتى. ئۇمۇ ئەھۋالنى ئىگەللىدى ۋە تەخمىنەن 30 مىڭ كىشى بەيئەت قىلىپ، ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى.

بۇ ئەسنادا يەزىد، ئەسكىرى تەدبىر ئالدى. كۇفەلىكلارگە تەھدىت سالدى، قورقۇتتى، نەتىجىدە ئۇلار تارقىلىپ كەتتى. ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئاخىرقى ئەھۋاللارنى خەۋەر بېرىش پۇرسىتى تاپالماستىن ئۆلتۈرۈلدى.

ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۇفەگە بېرىشىنى قارار قىلدى. ساھابە كىراملارنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىقلار، ئىراقلىقلارنىڭ ئىلگىرىمۇ ئۇنىڭ دادىسىغا ۋەدە قىلىشقانلىقىنى، ئەمما يېنىۋالغانلىقىنى، شۇڭلاشقا ئۇلارغا ئىشەنمەي يولغا چىقماسلىقنى تەۋسىيە قىلىشتى. ئەمما ئۇ قارارىنى ئۆزگەرتمىدى. ئۇلار: «ھېچ بولمىسا بالا - چاقىلىرىڭنى بىرگە ئېلىپ بارمىغىن!» دېيىشتى. ئۇ بۇنىمۇ قوبۇل قىلمىدى.

**ھىجرىيىنىڭ ئاتمىش بىرىنچى يىلى مۇھەررەم ئېيى:**

ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۈتۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

كۈفەگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئۆزىگە بەيئەت قىلىدىغانلارنىڭ قوللىشـى بىلەن خەلىپىلىكنــى ئېلان قىلماقچى ئىدى. كۈفەلىكلەر بولســا، ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن تارقىلىپ كېتىشكەنىدى. ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ فىرات دەرياسى قىرغىقىدا، كەربالا دەپ ئاتىلىدىغان يەرگە كەلدى ۋە ئۇ يەردە چېدىر تىكتى. ئەمما يەزىدنىڭ ئادەملىرى كۈچلۈك قوشـۇن بىلــەن كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن يەزىدكە بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ بەيئەت قىلمىدى. ئەمما قوغۇۋەتســە كەينىگە قايتىپ كېتىدىغانلىقىنــى ئېيتتى. لېكىن ئۇلار ئۇنى قويۇۋەتمىدى.

ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەتراپىدا 500 كىشىمۇ يوق ئىدى.

شـۇنداق قىلىپ ھۈســەيىن رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇ، ھىجرىيىنىــڭ 61 – يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 – كۈنى كاللىسى ئېلىنىپ شېھىد قىلىندى.

يەزىــد بۇ ۋەقەنى ئۇققانــدا، كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنــى بىلدۈردى؛ ئەمما ھېچكىمنى جازالاندۇرمىدى.

**بىزنىڭ نېسىۋىمىز:**

1 - ھۈسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋەقەسى، مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 – كۈنى كەربالادا شېھىد قىلىنىشىدىنلا ئىبارەت ئەمەس. بەلكى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپە بولۇشىدىن ئېتىبارەن باشلىنىلغان، قەدەممۇ قەدەم ئېلىپ بېرىلغان فىتنە باسقۇچلىرى ئۇنىڭ شاھادىتى بىلەن ئاخىرلاشقان. شۇڭلاشقا بۇ ۋەقەلەرگە باھا بەرگەندە، ئۆتمۈشتە قالدۇرغان ئىزلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى نەدىن كەلگەنلىكى ھەققىدىمۇ تەھلىل يۈرگۈزۈشكە مەجبۇرمىز. خەرىتە ئۈستىدە كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كىچىك بىر سىزىقنىڭ، 20 يىل كېيىن نېمىلەرگە بەدەل بولىدىغانلىقى نامەلۇم. شۇنداقلا بىر قانچە ئەسىرلەردىن كېيىن، نېمىلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىمۇ تامامەن مەجھۇلدۇر.

**2 – بۇ ۋەھىيمىلىك ۋەقەنىڭ مۇئمىنلەر نەزىرىدىكى تەسىرىنى مۇناقىشە قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. ئەمما دادىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىد بولۇشى، ئوغلى ھۈسەيىننىڭ شېھىد بولۇشىدىن يېنىكرەك كۆرۈلۈدىغان تۈردىن ئەمەس. ئىسلام بىر - ئىككى جىنايەت، ئىككى- ئۈچ تەھدىت بىلەن تاقىلىپ قالىدىغان دىن ئەمەس. چۈنكى ئۆمەر، ئوسمان، تەلھە، زۇبەير، ئەلى ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق مۇھىم ئىسلامنىڭ قانخورلارچە جىنايەتلەرگە قۇربان كەتكەنلىكىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەممىسىنى دېگۈدەك كۆرگەن ساھابىلەر بار ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بۇلاردىن ئىدى. ئۇلار كۆرگەن بۇ جىنايەتلەر، نە ئۇلارنى دىنلىرىدىن سوۋۇتالمىدى، نە كەلگۈسىگە ئۈمىدسىز قارىمىدى. دەل ئەكسىچە، ئاجايىپ چوڭ بىر ئىمتىھاننىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكلىرىنى، فىتنىگە چېتىلىپ قالماسلىقنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى، فىتنە – پاسات زامانىدا تىك تۇرۇشنىڭ مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئەسلى مەقسەت ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. ۋەقەلەرنىڭ بىر**

**تەقدىرگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشتى، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىبرەتلىك دەرس چىقىرىشتى. بۈگۈن ياشاۋاتقان مۆئمىنلەر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، تۈنۈگۈن ئىچىدە بولۇشتىن ساقلىنىپ قالغان ۋەقەلەرنىڭ ھۆكۈم قىلغۇچىسى بولۇپ يۈرسەك، قولىمىز تەگمىگەن قانغا تىلىمىزنى ۋە ئىمانىمىزنى تەككۈزگەن بولىمىز. بۇ ۋەقەدىكى ھەر ئىككى تەرەپ رەببىلىرىنىڭ ھوزۇرىغا كېتىپ بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردىنبىر نەۋرىسىنىڭ قاتىلى بولۇپ، اللّٰەنىڭ ھوزۇرىغا چىقىدىغانلار، قىيامەتكىچە ھاللىرىغا ئەپسۇسلىنىدىغان دەرىجىدە، ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا قالىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى قازى رولىدا ئەمەس، دەرس ئالغان ئوقۇغۇچى رولىدا كۆرۈشىمىز كېرەك.**

3 - مەنسەپ ۋە مال – دۇنيا سۆيگۈسىنىڭ بىر ئىنساننى – مۆئمىن بولسىمۇ – قايەرلەرگە ئېلىپ بارالايدىغانلىقىنى چۈشىنەلىشىمىز ئۈچۈن، قۇياشقا ئوخشاش ئوپئوچۇق بىر ئۆرنەك ئالدىدا تۇرۇپتىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسىنى ئۆلتۈرگەنلەر، نامازخان ۋە قۇرئان ئوقۇيدىغان كىشىلەر ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇلار ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىنى، ئۇلارنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلىشەتتى. سىياسي خىرىس، قولدىكىلەردىن ئايرىلىپ قېلىش ئەندىشىسى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى قاپلىدى. كىمنى ئۆلتۈرگەنلىكىگىمۇ قارىيالمىدى. ئويلىنىش قابىلىيەتلىرى، ئەقىل كۆزلىرى ئىشلىمىدى. سىياسەت ۋە ياكى باشقا بىر ئىمكان بىلەن ئىنسانلار ئۈستىدە ھاكىمىيەت قۇرغان بىر ئورۇندا بولغانلار، ئوتتىن كۆڭلەك كىيگەنلىكىنى ئىدراك قىلىشى لازىم.

**4 – تارىختىن بۇيان قانچىلىغان قېتىم كۆرۈلگەن ھەقىقەتتۇر: قار تاغقا كۆرە ياغىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر، ئۇ مەزگىللەرنى كۆرگەن ئىنسانلار ئۈستىدە باھا بېرىلگەندە تېخىمۇ ۋەھىيمىلىك، تېخىمۇ ئەلەملىك بولىدۇ. بەلكى باشقا بىر مەزگىلدە،**

**باشقىلار قىلغان بولسا، بۇ قەدەر ئەلەملىك كۆرۈلمەس ئىدى دېيىلىشى مۇمكىن. ئەمما شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، بولغان پۈتۈن ئىشلار ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. يۈز بەرگەن ئىشلار، شۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ سىناقلىرىدۇر. ئۇلار ئىمانلىرىغا ۋە ئۆز دەرىجىلىرىگە ئۇيغۇن بولغان ئىمتاھان بىلەن سىنالدى. غەلىبە قىلغاندىمۇ ۋەياكى مەغلۇب بولغاندىمۇ، ئىمتاھاننىڭ ھەجمىگە ۋە شەكلىگە ئۇيغۇن غەلىبە ۋەياكى مەغلۇبىيەتلەر بولدى. ئەمما ھەركىمنىڭ قىلغىنى ئەسلا زايا بولمىدى. ھەر تىنىق كۆزىتىلدى، ھەر سۆز يېزىلدى. بەزىلىرىنىڭ دۇنيالىق مەنسەپلىرى، قوللىرىدىكى نېئمەتلىرى قىيامەت كۈنىدە نادامەتكە ۋە يۈرەك ئاغرىقىغا ئايلىنىدۇ، بەزىلىرىنىڭ بولسا پانىي دۇنيادا ئايرىلغانلىرىنىڭ، تارتقان ئازابلىرىنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە جەننەتنى ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ.**

5– بۇ ۋەقەلەرگە ئائىت مەلۇماتلار قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەردىن ئېلىنغان ئەمەس ۋە ياكى مۇتەۋاتىر دەرىجىسىدىكى مەلۇماتلارمۇ ئەمەس. بەلكى بۇ ۋەقەلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىشى كىلاسسىك تارىخى مەلۇماتلار بىلەن بولغان. ۋەقەلەرنى بىزگە يەتكۈزگەنلەرنىڭ، كۆرگەنلىرىدىن تەسىرلىنىپ تەرەپ تۇتۇپ قالغان بولۇشى، كۆرگەنلىرىدىن بەزى تەپسىلاتلارنى كۆزدىن قاچۇرۇپ قويغان بولۇشى ۋەياكى ۋەقەنى خاتا چۈشىنىپ قالغان بىرىلىرىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن تەبىئىيدۇر. بىر تارىخ كىتابىنى، قۇرئان ئوقۇغاندەك قەتئىي شەكىلدە ئوقۇش ۋە چۈشىنىش خاتادۇر. اللهقا ھاۋالە قىلىنغان، يەنە كېلىپ يۈز بەرگىنىگە ئەسىرلەر ئۆتكەن بىر ۋەقەنى ۋە ئۇنىڭ قىلغۇچىلىرىنى پەقەت ئىبرەت نەزىرى بىلەن تەكشۈرۈش ئەڭ ئۇيغۇن بولغىنىدۇر. قايغۇلىنىمىز، ئەپسۇسلىنىمىز، قايغۇلىرىمىز كۆز يېشىغا ئايلىنىشىمۇ مۇمكىن. بۇ بىزنىڭ ئۇ ۋەقەدىن تەسىرلەنگەنلىكىمىزگە دالالەت قىلىدۇ. ئەمما مۇھىم بولغىنى، ۋەقەلەردىن تەسىرلىنىش ئەمەس، شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قايتا ياشىماسلىقتا يەتكۈدەك دەرىجىدە دەرس ئېلىشتۇر. بۈگۈن ئۇ ۋەقەلەردىن ئەسىرلەر كېيىن ياشىغان مۇسۇلمانلار بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، يەنە ئوخشاش سەھنىگە دۈچ كەلسەك، كەربالا بولمايدىغان بىر يەردە

www.uyghurkitap.com

ياشاۋاتامدۇق؟ دېگەن سۇئالنىڭ جاۋابىغا تەييار بولۇشقا مەجبۇرمىز.


**6 – مانا بۇ ئىنسانلار پسىخولوگىيىسى! مىڭلارچە ئىنسان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسىگە ۋەدە بېرىپ، ئۇنى ئۆز زېمىنلىرىغا دەۋەت قىلىشتى. بولمىسا ئۇلاردىن بۇنداق بىر تەلەپتە بولغان كىشىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى چاقىرىشقان ئىدى. ئەمما قىلغان چاقىرىقلىرىنىڭ ئۇلارغا ئېغىر توختاپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىشى بىلەنلا، كەلمەسلىكى ئۈچۈن ئىككىنچى بىر ئاگاھلاندۇرۇشمۇ بەرمەستىن ئۆيلىرىگە كىرىشىۋالدى. ئۆز جانلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئەڭ قىممەتلىك جانلاردىن بىرىنى ئوتقا تاشلاپ بەردى. تارىخنى قاپقاراڭغۇ زۇلمەتكە تولدۇردى. يەنە كېلىپ بۇ ئۇلارنىڭ ئون يىل ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم تەرك ئېتىشى ئىدى. ئىلگىرى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تاشلاپ قويۇشقان ئىدى. شۇ ھەقىقەت ئېنىقكى، ھاياجان بىلەن توپلانغان جامائەتنىڭ نە قوللىشى، نە قارشى چىقىشى، داۋاملىشىش ۋە بىخەتەرلىك جەھەتتىن ئىشەنچىلىك ئەمەس. ئالقىشلارغا ۋە پۇلاڭلانغان قوللارغا تايانغان يارەملەر ئۇزۇن يوللاردا ئىشەنچسىزدۇر.**

7 – بۇ ۋەقەنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى رولچىلىرىدىن ئەڭ ئاستىدىكى چاپارمەنلىرىگە قەدەر، ئاساسىي جەھەتتىن ھەممىسى ئۈچۈن ئېيتىلىشقا مۇمكىن بولغان بىر ھەقىقەتتىن سۆز قىلالايمىز: ئۇلار بۇنداق ئاقىۋەتنى كۈتۈشمىگەن ئىدى. ھەتتا بۇنداق بولۇشنى خالىمايتتى. ھېچبولمىغاندا ئىسلام جەمئىيىتىدە يوقاتماقچى بولغان كىملىكلىرىنى ئويلىغانلىرىدا بولسىمۇ، ئاقىۋەتنىڭ مەيلى يېقىن، مەيلى ئۇزاق بولسۇن ئۆز مەنپەئەتلىرى تەرەپتە بولمايدىغانلىقىنى بىلىشەتتى ۋە نەتىجىدە ئۇمەۋىيلەرنىڭ قۇرغان دۆلىتى 100 يىل بەرداشلىق بېرەلمەستىن ۋەيران بولدى. ئەمما بىر قېتىم پىتنىنىڭ ئۈچى ئۇزۇلگەندىن كېيىنلا، پۈتۈن ۋەقەلەرگە ھاكىم بولىدىغان دەل شۇ پىتنە بولىدۇ. پىتنە ھېچقاچان باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلمايدۇ، بەلكى ئۇ باشقىلارنى ھەر تەرەپكە ئېلىپ بارىدۇ، ھەر تەرەپكە ھەيدەيدۇ.

8 – بۇ ھادىسىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە بەدىلى ئېغىر بولغان دەرس ئىكەنلىكى تالاش – تارتىش قىلىنمايدىغان ھەقىقەتتۇر. ئەمما تەقدىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردا ھەر نېمە بولسا بولسۇن، بىر ھېكمەتنىڭ بارلىقىغا بولغان ئىشەنچىمىز، بىزنى شۇنداق بىر نەتىجىگە ئېلىپ بارىدۇ:

شۇنداق، بەدەل ئېغىر بولغان. ئەمما بۇ بەدەلنى تۆلىشى تەلەپ قىلىنغان ئۈممەت، قىيامەتكىچە يەر يۈزىدە ئىنسانىيەتنى اللّٰەقا دەۋەت قىلىپ، ئۇنىڭ دىنىنى ئىجرا قىلىدىغان، اللّٰە نامىدا قۇرۇلىدىغان دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان ئۈممەتتۇر. شۇڭلاشقا باشتىن ئۆتكۈزۈلگەن بۇ ئېغىر قىسمەتلەرگە بۇ تەرەپتىن قارىغىنىمىزدا، دەرس بولۇش قىممىتى ئىنتايىن يۈكسەكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## تارىختا كۆپلىگەن جانغا بەدەل بولغان

# بەيئەت

لۇغەت مەنىسى: «سودىلاشقاندا قول تۇتۇشۇپ قارار بېرىش، سېتىش توختامى تۈزۈش، كېلىشىش» تۇر. ئىسلامىي ئاتالغۇ مەنىسى بولسا: «سىياسىي ۋەياكى ئەسكىرى شەرتلەر تەلەپ قىلغان سۈپەتلەردىن بىرىگە لايىق بولغان بىر رەھبەرگە ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىتائەت قىلىشقا ئەھدە بېرىشتۇر».

كۈنتەرتىپتىكى مەسىلىگە كۆرە، بەيئەتنىڭ ماھىيىتىمۇ ئۆزگىرىشى مۇمكىن. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان بەيئەتلەرنى 5 كاتوگورىيىگە ئايرىشىمىز مۇمكىن:

1 – ئىسلامغا كىرىش بەيئەتلىرى (ئەمما بۇ تۈردىكى بەيئەتلەر پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلمىغان. ئۇ چاغدا ئىسلامغا كىرىدىغانلار بەيئەتسىز كىرگەن). رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاقتىدىمۇ ھەممە كىشى بەيئەت بىلەن مۇسۇلمان بولغان ئەمەس.

2 – ياردەم ۋە قوغداشقا قىلىنغان بەيئەتلەر.

3 – جىھاد قىلىشقا بېرىلگەن بەيئەتلەر.

4 – ھىجرەت قىلىشقا بېرىلگەن بەيئەتلەر.

5 – ئىتائەت ۋە تولۇق باغلىنىشقا بېرىلگەن بەيئەتلەر.

بەيئەت مۇتلەق ئېلىپ بېرىلغاندا ئەڭ ئاخىرقى تاللاشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىرىنچى بەيئەت ئەقەبە بەيئىتىدۇر. ئەقەبە بەيئىتى مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتىگە زېمىن هازىرلاش، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىدا تۇنجى ئىسىملار بولىدىغان دەۋەتچىلەرنىڭ بەلگىلىنىشى قاتارلىق تەرەپلەردىن سىيرىدە ئىنتايىن مۇھىم ماۋزۇلار ئارىسىدىدۇر.

بىر بەيئەتنىڭ شەرئى يەنى توغرا بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك:

1 – بەيئەت قىلىنغان شەخس تە ئىمامەتكە، يەنى رەھبەر بولۇشتا تەلەپ قىلىنغان شەرتلەر تېپىلىشى كېرەك. (ھەربىي ئۆزگىرىش ۋەياكى قوزغىلاڭ يولى بىلەن ئىمامەت ماقامىغا كەلگەنلەرگە ئالاقىدار مەخسۇس فىقھى ھۆكۈملەر بۇ يەردىن ئىستىسنا قىلىنغان).

2 – ئىمامغا (رەھبەرگە) بەيئەت قىلغان كىشىلەر – بەيئەتنىڭ قانۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن- كىشىلەر ئارىسىدىكى مۆتىۋەر كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك. ئىمام بۇخارىنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان شۇ سۆزى بۇ شەرتكە دەلىل بولىدۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ مەسلىھەت كېڭىشى بولماستىن بەيئەت قىلغان ـ ئۇ ۋە بەيئەت قىلغان كىشى – ئۆزىنى ئالداپ ئۆلۈمگە ئېلىپ بارغۇچىدۇر». (فەتھۇل بارى، 12/149)

3 – بەيئەت قىلىنغان كىشى بەيئەتنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. پەرز ئەين بولمىغان مۇددەتچە، ھېچكىم بەيئەت قىلىنىشقا زورلانمايدۇ.

4 – بەيئەت بىر كىشىگە بولۇشى كېرەك. يەريۈزىدە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى كىشىگە «مۇئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى» دېگەن سۈپەت بىلەن بەيئەت قىلىنمايدۇ.

5 – بەيئەت سۆز ۋە ئەمەلدە اللهنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلىنىڭ سۈننىتى ئۈستىگە

بولۇشى شــەرتتۇر. بۇ ئارقىلىق بەيئەت قىلىنغان كىشىنىڭ كېيىنكى قىلغان ئىشلىرىدا قۇرئان ۋە سۈننەتكە خىلاپ ئەمەللىرى كۆرۈلگەن تەقدىردە، ئۇنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاش شەرئى مەجبۇرىيەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

6 – بەيئەت قىلىغان كىشى تولۇق ئەركىن ۋە ھۆر بولۇشى كېرەك. كىشىلەردىن زورلاش يولى بىلەن بەيئەت ئېلىنمايدۇ.

7 – بەيئەت شــاھىتلار بىلەن كۈچلەندۈرۈلىشــى كېــرەك. ئەمما بەيئەت كۆپلىگەن كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان ۋە بۇ شەرت كۆپلىگەن ئۆلىمالارنىڭ بىردەك پىكرى بىلەن شەرتلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلمىگەن.

قۇرئاندا ئەھدە – ۋاپاغا بۇيرىغان ئايەتلەرنىڭ يەكۈنىدىن بەيئەتنى بۇزۇشنىڭ جايىز ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

﴿وَأَوْفُواْ بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْـؤُولاً﴾ ﴿ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار (قىيامەت كۈنى) ئەھــدە ئۈســتىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپــا قىلغان- قىلمىغانلىق ئۈســتىدە) ئەلۋەتتە سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر﴾.

**سۈرە ئىسرا، 34 – ئايەت.**

﴿يَـا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَوْفُواْ بِالْعُقُودِ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى اللە بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار﴾.

**سۈرە مائىدە، 1- ئايەت.**

﴿**وَأَوْفُـواْ بِعَهْدِ اللّهِ إِذَا عَاهَدتُّمْ وَلاَ تَنقُضُواْ الأَيْمَـانَ بَعْدَ تَوْكِيدِهَا وَقَدْ جَعَلْتُمُ اللّهَ عَلَيْكُـمْ كَفِيلاً إِنَّ اللّهَ يَعْلَمُ مَا تَفْعَلُونَ**﴾ ﴿ســىلەر ئەھدە تۈزۈشــكىنىڭلاردا اللەنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار قەسەمڭلارنى (اللەنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ)

www.uyghurkitap.com

پۈختىلىغاندىــن كېيىن بۇزماڭلار چۈنكى سىــلەر اللەنى گۇۋاھچى قىلدىڭلار شۈبھىسىزكى، الله قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾.

**سۈرە نەھل، 91 – ئايەت.**

شــەرئى ســەۋەب بولماســتىن ئىتائەت، ۋاپا ۋە ياردەم قىلىــش ھەققىدە بەيئەت قىلغان بىر مۇسۇلماننىڭ بەيئىتىدىن چېكىنىشى چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. بۇخــارى ۋە مۇســلىم رىۋايــەت قىلغان بىر ھەدىســتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەمىردە ياخشــى كۆرمەيدىغان بىر ئىشــنى كۆرگەن كىشــى سەۋر قىلســۇن. چۈنكى جامائەتنى بىر غېرىچ تەرك ئېتىپ ئۆلگەن كىشى، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلىدۇ».

بەيئەتنــى ئىمامنىڭ (رەھبەر ياكــى خەلىپە) ئۆزى بىۋاســتە ئالالىغىنىغا ئوخشــاش، ئۇ تەيىنلىگەن تەمســىلچىمۇ ئالالايدۇ. بەيئەت كۆپىنچە ئۈچ خىل ئېلىپ بېرىلغان:

1 – قول ئېلىشــىپ كۆرۈشۈش ۋە سۆزلىشــىش. رىزۋان بەيئىتى مۇشۇنداق ئېلىپ بېرىلغان.

﴿**لَقَدْ رَضِيَ اللَّهُ عَنِ الْمُؤْمِنِينَ إِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ الشَّــجَرَةِ فَعَلِمَ مَا فِي قُلُوبِهِمْ فَأَنزَلَ السَّــكِينَةَ عَلَيْهِــمْ وَأَثَابَهُــمْ فَتْحًا قَرِيبًا**﴾ ﴿الله مۇئمىنلەردىــن ھەقىقەتەن رازى بولدى (ئى مۇھەممەد!) ئۇز ۋاقىتتا ئۇلار (ھۆدەيبىيەدە) دەرەخ (سايىســى) ئاســتىدا ســاڭا بەيئەت قىلــدى. الله ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راســتلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدى الله ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ فەتھ قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئــۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەر بىلــەن مۇكاپاتلىدى. الله غالىبتۇر ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾.

**سۈرە فەتھ، 19 - ئايەت**

2 – پەقەتلا سۆزلىشىش بىلەن: ئاياللارنىڭ بەيئىتى مۇشۇنداق بولغان.

3 – پەقەت يازما ئارقىلىق قىلىنغان بەيئەت.

شەرئى بەيئەت نورمالدا ئىككى باسقۇچتا ئاخىرلىشىدۇ: بىرىنچى باسقۇچتا كىشىلەر ئىچىدىكى ئاقساقال، مۆتىۋەر كىشىلەر بەيئەت قىلىدۇ. بەيئەتنىڭ ئەسلىسى بۇدۇر. ئىككىنچى باسقۇچتا، باشقا كىشىلەرنىڭ بەيئەت قىلىشى باشلىنىدۇ. ئىسلام تارىخىدا بۈگۈنكى كۈنىمىزگە ئەڭ ياخشى ئۆرنەك بولۇپ، تەتبىقلىنىشى مۇمكىن بولغان ئەڭ گۈزەل بەيئەت ئۆرنىكى؛ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلىنغان بەيئەتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۆلتۈرۈلمىگەن ۋە ئۆلتۈرۈلمەيدىغان ئادەم

ئىسلام تارىخىنىڭ ئەڭ بۈيۈك مۇجاھىدلىرىدىن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

"اللّەنىڭ قىلىچى"

دەپ سۈپەتلىگەن ساھابە

## خالىد ئىبنى ۋەلىد

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قالدۇرغان چوڭقۇر ئىزلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**شەرەپلىك ئۆتمۈش، ئالتۇن ھالقا:**

نەسەبى رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەتتىنچى چوڭ دادىسىدا ئالتۇن ھالقا بىلەن بىرلەشكەن.

**دۈشمەن قەبىلىنىڭ دۈشمەن يىگىتى:**

قۇرەيشـــنىڭ چوڭ قەبىلىلىرىدىن بولغان بەنى مەخزۇمە باشقا قەبىلىلەرگە نىسبەتەن ئىســلامغا بولغان دۈشـــمەنلىكتە بەكرەك كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىچە ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇشـــىنى توسالايدىغاندەك، زۇلۇم قىلىشتا بىر – بىرى بىلەن بەسلىشەتتى. بەنى مەخزۇمە قەبىلىسىدىن بولغان خالىدمۇ قەبىلىسىنىڭ كەينىدە قالماي، ئۇ ئۇرنى ئۆچۈرمەكچى بولاتتى. مۇشرىكلەر نەدە بىر ئازگال كولىغان بولسا، ئۇمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە كولىشاتتى. ھەتتا ئۇھۇد پاجىئەسىنى تەييارلىغانلاردىن بىرى ئۇ بولدى. مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن تۈگەي دەپ قالغان بىر ئۇرۇشـــنى مۇئمىنلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ ئىنتايىن ئىنچىكە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئىدى.

خەندەكتىمۇ باشقىچە ئىدى. خەندەكنى بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولدى، ئەمما ئۆتەلمىدى. مۇشـــرىكلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قېچىشـــتى. ئۇ تېرىپىرەڭ بولۇپ كەتكەن قوشۇننىڭ ئەڭ ئارقىسىدىن كەتتى.

ھۇدەيبىيــە كۈنىســـىمۇ بــاش رولــدا ئىــدى. مۇشـــرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىســـالامنىڭ ئالدىغا چىقارغان ئەســـكىرى قوشۇننىڭ بېشىدا ئۇ بار ئىدى. ھۇدەيبىيەدە ســـۈلھى تۈزۈلدى. ئۇ بولسا بۇ سۈلھىنى زادىلا ئىچىگە ســـىغدۇرەلمىدى. كېيىن ســـۈلھىگە ئاساســـەن مەككىگە ئۆمــرە قىلىش مەقســـتى بىلەن كەلگەن مۇئمىنلەرنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن مەككىنى تەرك ئەتتى.

مۇئمىنلەرنى كۆرۈشكىمۇ تاقەت قىلالمايتتى.

**ۋاقتى كەلگەندە...**

ئۇ ئەشەددى ئىسلام دۈشمىنى، ۋاقتى كەلگەندە قاناتلىرىنى يىغىپ، يەرگە قوندى. مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقىپ، مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا چىقتى. مۇئمىنلەر ئۇنى كۆرۈش بىلەن قاتتىق خۇشاللاندى. چۈنكى ئۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ بارلىقى ئىسلامغا يەنە كۈچ قوشقان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىقتى ۋە مۇسۇلمان بولماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەمما شەرتى بار ئىدى. اللە تائالانىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرىنى، ئىسلامغا قارشى قورغان بولغان كۈنلىرىنى كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇھۇدتىكى قىلمىشلىرىنىڭ كەچۈرۈپ كەچۈرۈلمەيدىغانلىقىنى بىلىشنى خالايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا؛ ئىسلامنىڭ ئىلگىرىكى ھەر نەرسىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما ئۇ يەنىلا چىڭ تۇرۇپ: «مەن يەنىلا شەرت قوشىمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئى اللە! خالىدنىڭ سېنىڭ يولۇڭنى توسۇش ئۈچۈن نېمە قىلغان بولسا، ئۇنى كەچۈرۈۋەتكىن» دەپ دۇئا قىلدى.

ۋاقىت تامام بولدى.

زېھنى ئېچىلدى.

خالىد مۇسۇلمان بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن اللەقا ھەمدە ئېيتتى:

«ساڭا ھىدايەتنى نېسىپ قىلغان اللەقا ھەمدۇسانالار بولسۇن. سېنىڭ ئەقلىڭنىڭ سېنى چوقۇم ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ئىدىم».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىدىن ئالتە ئاي بۇرۇن ئىدى.

مۇئتە داستانىدىنمۇ ئىككى ئاي بۇرۇن...

**ئۇ ئەمدى اللّٰهنىڭ قىلىچى:**

رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەدىنىگە ھىجرىتىنىڭ سەككىزىنچى يىلىدا، ئۇ ئەۋەتكەن ئەلچىلەردىن بىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن، 3000 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى مۇئتەگە ئەۋەتتى. قوشۇننىڭ قوماندانلىقىغا زەيد ئىبنى ھارىسەنى تەيىنلىدى ۋە ئۇ شېھىد بولسا جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئۇمۇ شېھىد بولسا ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوماندان بولسۇن، دېدى. خالىد ئىبنى ۋەلىدمۇ مۇسۇلمان بولۇپ ئىككى ئاي كېيىن تۇنجى قېتىم الله يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان بىر قوشۇندا، بىر مۇجاھىد بولۇپ ۋەزىپە ئالدى. الله ھەممىسىدىن رازى بولسۇن.

مۇئتەدە ئىنتايىن چوڭ بىر قوشۇن بىلەن يۈزلەشتى. 3000 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇننىڭ ئالدىدا 70000 مىڭدىن كۆپرەك قوشۇن بار ئىدى ۋە شىددەتلىك ئۇرۇش باشلاندى. ئۈچ قوماندانىنىڭ ئۈچىلىسى ئارقا – ئارقىدىن شېھىد بولدى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ سەپلىرى بولسا بۇزۇلايلا دەپ قالغان ئىدى. ئۇلار دەرھال ئۆزئارا قارارغا كېلىشىپ، تېخى ئىككى ئايلىق مۇسۇلمان بولغان خالىد ئىبنى ۋەلىدنى ئۆزىگە قوماندان قىلىپ تاللاشتى. رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم. (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن).

يېڭى قوماندان قوشۇننى يېڭىدىن رەتلىدى. ھەيۋەتلىك بىر قوشۇننىڭ ئالدىدا ياردار ۋە قاتتىق چارچىغان مۇجاھىدلىرى بىلەن كۈن بويى بەرداشلىق بېرىشتى. ئىنتايىن بۈيۈك جىھاد غەيرىتى كۆرسىتىشتى.

## ئۇ كۈنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا توققۇز قىلىچ پارچىلاندى.

ئالدىلىرىدىكى رۇم قوشۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنتايىن قەيسەرلىك ۋە چىدامچانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى كۆرۈنگەندىن

كۆپ ۋە كۆچلۈك دەپ ئويلاپ قېلىشتى ۋە ئۇرۇشۇشتىن ۋاز كەچتى. مۇسۇلمانلارمۇ بىر – بىرلەپ يوق بولۇشتىن قۇتۇلۇپ، مەدىنىگە قايتىشتى. جەڭ غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشمىغان بولسىمۇ، مىڭلارچە مۇسۇلماننىڭ ھالاك بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشمىدى.

بۇ ئۇنىڭ مۇسۇلمان ھالىتىدە كىرگەن تۇنجى ئۇرۇشى ئىدى.

***ئۇمىد ئۈزۈلۈي دېگەن بىر پەيتتە، شامالار ئۆچۈي دېگەندە ئوتتۇرىغا چىقتى. يۈرەك بولدى.*** ياردەمدە بولدى. ياخشى كۆرۈلۈشكە، ئەبەدىيلىشىپ مەڭگۈلۈك بولۇشقا لايىق بولدى. جىھادنىڭ بەلگىسى ھالىغا كەلدى.

مۇئتەدە باشلىغان جىھادنى مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىدا داۋام قىلدى. ئالاھىدە ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەندى. ئالتە ئايلىق مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىغا ئوخشاش تارىخى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولىدىغان بىر فەتىھ ھەرىكىتىدە، قوشۇننىڭ ئەڭ مۇھىم قىسىملىرىدىن بىرىگە قوماندان بولۇپ تەيىنلەندى. مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇززا ئىسىملىق بۇتنى ئۆرۈش ۋەزىپىسىمۇ ئۇنىڭغا بېرىلدى.

ھۇنەيىن غازىتىغا قاتناشتى ۋە ئىنتايىن چوڭ غەيرەت بىلەن جىھاد قىلدى. تارقىلىپ كەتكەنلەر سەۋەبىدىن ئېغىر خەتەر ئاستىدا قالدى. بىر قەبىلە بىلەن بىرلىكتە چىققان يولدا، ئۇلارنىڭ قېچىشى بىلەن يالغۇز قالدى. ئەمما ئۇ ۋەزىپىسىنى تاشلىماستىن جىھادنى داۋاملاشتۇردى. ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ، مەيداندىن قاچمىدى.

> مۇئتەدە شىددەتلىك ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا: «ئۈچ قوماندانىمىزنىڭمۇ شېھىد بولغانلىقىنى، ئارقىدىن خالىدنىڭ بايراقنى ئالغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە مۇنداق دۇئا قىلدى:
>
> «ئى اللّٰه! ئۇ سېنىڭ قىلىچلىرىڭدىن بىر قىلىچتۇر. سەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىن!» شۇنداق قىلىپ، تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا سەيفۇللاھ (اللّٰەنىڭ قىلىچى) دېگەن نام بېرىلگەن بولدى.

www.uyghurkitap.com

ھۆنەين ئۇرۇشــى ئەسناسىدا ۋۇجۇدى ئىغىر يارىلانغان بولسىمۇ، ئۇرۇشتىن كېيىنلا تائىف غازىتىغا قاتناشــتى. دەم ئــالاي ۋە ياكى داۋالىناي دېمىدى. رۇخسەت سوراش ھەققىنىمۇ ئىشلەتمىدى.

بىر يىل كېيىن دەۋمەتۇل جەندەلگە ئەۋەتىلدى ۋە ئۇ يەردە جىھاد قىلدى.

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ اللهنىڭ غىلىپىدىــن چىققان بىر قىلىچ ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ھەققىدە شۇ سۆزلەرنى نېمىدېگەن توغرا ئېيتقان:

«الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شەيتاننىڭ رۇملارغا قىلغان ۋەسۋەسىلىرىنى خالىد بىلەن ئۇنتۇلدۇرغۇزىمەن».

### *شەيتان رىددەت فىتنىسى چىقاردى*

### *ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خالىدنى:*

پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام ۋاپــات بولغانــدا ئىنتايىن چــوڭ پىتنە ئوتى يالقۇنلىدى. شــەيتان ئىســلامنى مەدىنىگە كۆمۈپ تاشــلىماقچى بولدى. بەزىلىرى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلدى، بەزىلىرى زاكات بەرمەسلىك ئۈچۈن ئىســيان چىقاردى. بەزىلىرى بولســا مۇرتەد بولۇپ، ئىســلامدىن تامامەن چىقتى. ھەر كۈنى بىر يامان خەۋەر مەدىنىگە كېلەتتى. تۇنجى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە كەســكىن پوزىتسىيىســى بىلەن بۇ داۋالغۇشــنى بېسىقتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى. ھەتتا ساھابىلەرمۇ ئىككىلىنىپ قالغــان مۇھىم قارارلار بىلەن ئاســىيلارنىڭ ۋە مۇرتەدلەرنىڭ جاجىسىنى بەردى.

خالىــد ئىبنى ۋەلىــد رەزىيەللاھۇ ئەنھــۇ ئەبۇ بەكــرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىــن باش قوماندان بولۇپ تەيىنلەندى. شــۇنىڭ بىلــەن ئىككى يىل بولماســتىن پۈتۈن ئىســيانلار ۋە دىندىن يېنىــش ھەرىكەتلىرى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇلدى.

ئىچكى ئىسيانلار بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلى سىرتىدا يېيىلىش باسقۇچىنى باشلاتتى. بۇ ئىش ئۈچۈنمۇ خالىد رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنى ۋەزىپىلەندۈردى. ئالدى بىلەن ئىراق زېمىنلىرىدا فەتھىلەر بولدى. ئارقىدىن سۈرىيە زېمىنلىرىدا رۇملارنىڭ

مەۋجۇتلىقىغا قارشى فەتھى تەييارلىقلىرى باشلىنىلدى.

يەرمۇك ۋادىسـىــدا رۇملار بىلەن ئاجايىپ چوڭ ئۇرۇش بولدى. مۇسۇلمانلار شىددەت بىلەن جەڭ قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا كۆپىنچىسى ساھابە بولغان 3000 غا يېقىن مۇئمىن شـېھىد بولغان ئىدى. مۇسۇلمانلار خالىدنىڭ زېرەكلىكى ۋە شىجائىتى بىلەن يەرمۇكتا زور غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى.

خالىــد ئۆتكۈر زېرەكلىكى بىلەن ھەر ئۇرۇشــتا يېڭــى پىلانلارنى ئوتتۇرىغا چىقىراتتــى. يەرمۇكتىمۇ شــۇنداق يېڭىلىق چىقارغان ئىدى. ئۇرۇشــنىڭ شــىددەتلىكى سەۋەبلىك يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ قېچىپ چېكىنىشى بىلەن، قوشۇن ئىچىدىكى مۇسۇلمان ئاياللارنى قوشۇننىڭ ئەڭ ئارقا سېپىگە نۆۋەتچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن قاچماقچى بولغانلار، ئاياللارمۇ تاشــلاپ كەتمىگەن بىر ئۇرۇشــتىن قاچقان بولاتتى. خالىــد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ پىلانىمۇ تازا جايىدا بولدى ۋە ھېچكىم قاچمىدى.

فەتھى قىلىش ئۈچۈن بارغان يەرلەرگە كىرىشتىن بۇرۇن، شۇ دىيارنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا مۇنداق خەت يېزىپ ئەۋەتەتتى:

**«بسم الله الرحمن الرحيم.**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن).

خالىد ئىبنى ۋەلىدتىن ۋالىيغا!.

سالام ھىدايەت ئۈستىدە بولغانلارغا بولسۇن.

اﷲقا ھەمدۇســانالار بولسۇنكى، ئۇ سىلەرنىڭ سىســتېما - نىزامىڭلارنى بۇزۇپ تاشلىدى. ھاكىمىيىتىڭلارنى ۋەيران قىلدى. ھىيلە – مىكرىڭلارنى بىتچىت قىلدى.

كىمكى بىزنىڭ نامىزىمىزنى ئوقۇســا، قىبلىمىزگە يۈز كەلتۈرسە ۋە بىز بوغۇزلىغان نەرسىنى يېســە ئۇ مۇســۇلماندۇر؛ بىزنىڭ ھەقلىرىمىــز ئۇنىڭمۇ ھەققىــدۇر، ۋەزىپىلىرىمىز ئۇنىڭمۇ ۋەزىپىسىدۇر.

بۇ خېتىم سىلەرگە تەككەندە، ماڭا بىر كاپالەت ئەۋەتىڭلار ۋە مەندىن ئامانلىق ئىلىڭلار.

ئەگەر بۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ بولمىغان اﷲ بىلەن قەسەم قىلىمەن، سىلەرگە شۇنداق ئادەملەر ئەۋەتىمەنكى، ئۇلار خۇددى سىلەر ياشاشنى ياخشى كۆرگەندەك، ئۆلۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## دۈشمىنىنىمۇ يەڭدى نەپسىنىمۇ:

يەرمۇك ۋادىسىدا جىھادنىڭ ئەڭ ئالدىراش كۈنلىرىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلگەن ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىش – ئىزلىرى داستانلاشقان خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا باشقا بىر تەرەپتىن قارايتتى. كىرگەن ھەر بىر ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇت ھالىغا كەلتۈرۈلۈشى مۇمكىن ئىدى. مۇسۇلمانلار ئارقا – ئارقىدىن كېلىۋاتقان زەپەرلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كېلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ، ھەر ئىشنى خالىدتىن كۆرۈشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بالدۇر ھەرىكەت قىلىپ، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوماندانلىقتىن ئېلىپ تاشلىدى. يەرمۇكتا شىددەتلىك جەڭ داۋام قىلىۋاتقان پەيتتە، ۋەزىپىسىدىن ئېلىنغانلىقى ھەققىدە مەكتۇبنى خالىدقا يەتكۈزدى. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلچى ئېلىپ كەلگەن خەتنى ئوقۇپ، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى ۋە بۇ ۋەزىپىنىڭ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بېرىلگەنلىكىنى كۆردى. ئەمما ئۇ بۇ خەۋەرنى يوشۇردى. چۈنكى قوشۇن ئىنتايىن شىددەتلىك ئۇرۇش قايىنىمىدا ئىدى ۋە بۇ يەردە قوماندان ئالماشتۇرۇش ئالدىنقى سەپنى ئاجىزلىتىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇرۇش تۈگىگەندە، ھەممەيلەننىڭ ھۇزۇرىدا خەلىپىنىڭ خېتىنى ئوقۇدى ۋە قوماندانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ۋە يېڭى قوماندانىنىڭ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

**ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋفنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:**

**«خالىدنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماڭلار. ئۇ ئاللاھنىڭ كاپىرلارغا قاراتقان قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچتۇر».**

قوشۇنىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى يۈرۈشلىرىدە، تۆنۇگۈن باش قوماندان بولغان خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۈگۈن ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئەسكەر بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىدى. سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغىنىدەك، ئوتتۇرىدا ھەم تۇرالىدى. ھېچقانداق مەسىلە چىقارمىدى. مېنىڭ ھەققىم بار ئىدى دەپ غەۋغا چىقارمىدى، خىزمەت تاللىمىدى. بۈيرۈق قىلىدىغان بىر قوماندانىدىن، قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان بىر ئاددىي ئەسكەر بولدى. ئەتراپىغا ئۆزىنى ياخشى كۆرگەنلەرنى يىغىپ، يېڭى بىر ھەرىكەت قۇرۇشقا ئوخشاش بىر يول سىنىمىدى. ئاجايىپ كۈچلۈك ئاۋازى بار ئىدى؛ ئەمما ئۇ ئاۋازى ھېچ چىقمىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ خاپا بولمىدى. چۈنكى ۋاپات بولىدىغاندا قولىدا قالغان مال – دۇنياسىنى ئۇنىڭغا ۋەسىيەت قىلدى. اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن.

***ئۇمۇ يانىدى ئىدى، ئەجەل ئۇنىمۇ تاپتى:***

ئەڭ چوڭ ئەملى ۋە ھەسرىتى جىھاد قىلىش ۋە شېھىد بولۇش ئىدى. ئۇ دەيدۇكى: «مەن ياخشى كۆرگەن بىر ئايال بىلەن توي كېچىسى بىللە بولۇش ۋەياكى بىر ئوغۇل پەرزەنت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىشتىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان نەرسەم، سوغۇق بىر كېچىدە مۇجاھىدلار بىلەن بىرگە دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ساقلاشتۇر».

ئارقا – ئارقىدىن قاتناشقان جىھاد ھەرىكەتلىرى سەۋەبلىك، ئۆزى خالىغان مىقداردا قۇرئانمۇ يادلىيالمىدى. بىر قېتىم جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى. نامازدا بىر سۈرىدىن باشقا بىر سۈرىگە يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولدى. سالامدىن كېيىن ئارقىسىغا قارىدى ۋە: «جىھاد مېنى قۇرئان ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قويىدى» دېدى.

ئەجەل ئۇنىڭغىمۇ كەلدى. ھىجرىيىنىڭ 21 – يىلى رامىزانىنىڭ 18 – كۈنى ۋاپات بولدى. ئۆلىدىغانلىقىنى بىلگەندە يىغلاشقا باشلىدى. يىغلىشى ئۆلۈمدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇ يۈرىكىنى پارچىلاۋاتقان ھەسرىتىنى شۇنداق سۆزلىدى:

**«مەن ئۆلۈمنى قايەرلەردە ئىزدىدىم، ئۇ بولسا مېنى كۆرپە ئۈستىدە تاپتى. ۋۇجۇدۇمدا قىلىچ، نەيزە بىلەن يارىلانمىغان بىر غېرىچ يەر يوق. ئەمما مەن بولسام، تۆگىلەرگە ئوخشاش كۆرپە ئۈستىدە ئۆلۈۋاتىمەن. قورقۇنچاقلارنىڭ قورقىشى كەتمىسۇن. مېنىڭ اللّەقا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئەڭ كۆپ ئۈمىد باغلىغان ئەملىم، قاتتىق يامغۇر ياغقان بىر كېچىدە، تاڭ ئاتقان ھامان كاپىرلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ساۋۇتۇمنىڭ ئاستىدا تاڭ ئاتقۇچە كۈتۈپ تۇرۇشۇمدۇر».**

ئۆلدى. ئەمما ھەممە ئادەمگە ئوخشاش ئۆلمىدى. ئۇ فەتھى قىلىغان زېمىنلاردا ئەسىرلەردىن بۇيان ئەزان ئوقۇلماقتا. ناماز ئادا قىلىنماقتا. بىر قىتئەچىلىك زېمىنغا ئىمان بايرىقىنى قاداپ كەتتى. مال – دۇنيا قالدۇرمىدى. ئىززەت ۋە شەرەپ قالدۇردى. ئۆلدى؛ يوق بولمىدى.

ئۇ ئۆلگەندە مەدىنىدە ھەممە كىشى يىغلىدى. خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: **«ئاياللار يەنە بىر خالىد تۇغالارمۇ؟»** دەپ قايغۇسىنى بىلدۈردى.

قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەردىن بىرىنىڭ بوخچىسىدا ھاراق ساقلىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئالدى. قاتتىق قايغۇردى. ئىسلام قوشۇنىدا بىر مۇجاھىدنىڭ بۇنداق خاتالىققا چۈشىشىدىن نومۇس ھېس قىلدى». ئى الله! ئۇنى ھەسەلگە ئايلاندۇرۇۋەتكىن» دەپ دۇئا قىلدى. كېيىن ئەسكەرنى چاقىردى ۋە بوخچىسىنى تەكشۈردى. ئىچىدىن ھەسەل چىقتى.

- ئەلئىسابە




**خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەش يىلغا يېقىن بىر ۋاقىتتا، ئات ئۈستىدە قولىدا قىلىچ بىلەن كەزگەن يەرلەرنىڭ خەرىتە ئۈستىدىكى كۆرۈنۈشى.**

**ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى *12.000* كىلومېتىردىن ئارتۇق.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# خالىدنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى

1 – خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىنىڭ فەتھىدىن ئالتە ئاي بۇرۇن مۇسۇلمان بولدى. بۇ ئىسلامنىڭ 21 – يىلىغا توغرا كېلىدۇ. **يەنى سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىلەن پەقەتلا ئىككى يېرىم يىل بىرگە بولالىدى.** قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان ۋاقتى بولسا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپە بولۇشى بىلەن بولغان. يەنى بۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، پەقەت ئىككى يېرىم يىل قوماندان بولغان بولىدۇ. مۇسۇلمان بولۇشى ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى، ۋەزىپىسىنىڭ ئاخىرلىششى ئارىسىدىكى مۇددەت تەخمىنەن بەش يىلدۇر.

**مۇسۇلمان خالىد ئىبنى ۋەلىد بولۇپ قىلغان جىھادى، ئېرىشكەن زەپەرلىرى، ئۇ مەشھۇر شۆھرەت پەقەتلا بەش يىلدەك بىر ۋاقىتقا سىغدۇرۇلغان غەيرەتنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇ ئاز ۋاقىتتا كۆپ ئىش قىلغان. بۇ ئارقىلىق كۆپ ۋاقىتنىمۇ ئاز ئىش قىلالمىغانلارنىڭ، قوللىرىدىكى ئىمكانلارنى ئىشلىتەلمىگەنلەرنىڭ ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرقانداق ئۆزرىلىرىنىڭ يولىنىمۇ توسۇۋەتتى.**

بىر ئەسىرگە سىغدۇرۇلۇشى قىيىن بولغانلىقى ئوچۇق بولغان، ئۇ بۈيۈك نەتىجىلەرنى بەش يىلچىلىك بىر ۋاقىتتا، ئۇ زامانىنىڭ بارلىق قىيىن ئىمكانلىرى بىلەن غەلىبە قىلىش خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەڭگۈ ئەسلىنىدىغان شەخسلەردىن قىلغان. يەمەندىن ئىراق ۋە شامغا قەدەر بولغان بىپايان جۇغراپىيىنى ئات ئۈستىدە ۋە قوشۇن ئالدىدا يۈرۈپ، بەزى يەردە ئۇرۇشۇپ، بەزى يەردە كۆرۈشۈپ، بەزى يەردە ئۇرۇش قىلىشنى كۈتۈپ ئۆتكۈزگەندە ، يىللار سىغدۇرالمايدىغان مۇساپىنىڭ بېسىلغانلىقىنى

كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ يالغۇز ھالىدا بىر قوشۇنغا ئوخشاش ئىدى. بەزى ۋاقىتلاردا غەيرىتى ۋە جاسارىتى بىلەن بىر قوشۇندىنمۇ بەكرەك كۈچلۈك بولدى.

**ئۇ نە ئۇخلىدى، نە باشقىسىنىڭ ئۇخلىشىغا رۇخسەت بەرمىدى. ئۇخلىمىدى، ئۇخلاتمىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىش، خىياللىرىغا، پىلانلىرىغا ئېرىشىش مۇشكۈل بىر ئىش ئىدى.**

## دەرس ئېلىنىشى كېرەك بولغان نەتىجە شۇدۇر:

خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىخلاسى ۋە غەيرىتى سايىسىدە ياشىغان ۋاقتىنىڭ بەرىكىتىنى كۆرگەن. بىر ئۆمۈر ئۈچۈنمۇ كۆپ كۆرۈلىدىغان نەتىجىلەرگە بىر قانچە ئايلار بىلەن ئېرىشىدە قىلىنىشى مۇمكىن بولغان زامان ئىچىدە يەتكەن. بىر قوشـۇندىن كۈتۈلگەنلەر يالغۇز ئۇنىڭدىنــلا كۈتۈلگەندە، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە كۈتۈۋاتقانلارنى ھېچ ئۈمىدســزلەندۈرمىگەن. خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇنىڭدىن كۈتكەن ئارزۇلىرىنى ئەمەلگەن ئاشۇرغان.

بولۇپمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىســـالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان مۇرتەدلىــك ھەرىكەتلىرى، ئــۇ كۈندىكى ئىســلام زېمىنلىرىنىڭ بۈيۈك بىر قىسمىنى قورشــاۋىغا ئالغان بولۇپ، بۇنىڭدىن شۇركۈنمەي تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇ كاپىرلارنىڭ ياشاشــنى ياخشــى كۆرگىنىدەك، اللە يولىدا ئۆلۈشــنى ياخشــى كۆرىدىغان مۇئمىن مۇجاھىدلىرى بىلەن چىققان يولدا، ھەقىقىي اللە يولىدىكى شــاھادەتنى، اللەنىــڭ دىنىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن جىھادنى ئەڭ گۈزەل نەمۇنىلىرى بىلەن كۆرسەتكەن ھالدا كەتتى.

يەنە بىر مۇھىم دەرس بولســا، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شــۆھرىتىنىڭ پۈتۈنلــەي پېشــانە تەرلــرى بىلەن، بىلىكىنىــڭ كۈچى بىلــەن ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدۇر. شــۆھرىتىنى شــىرە ئۈســتىدە ۋە ئاخباراتنىڭ كۆپتۈرۈشى بىلەن قولغا كەلتۈرگەنلەرگە ئوخشايدىغان ھېچقانداق تەرىپى يوقتۇر.

2 – ئەلۋەتتە نە خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، نە باشقا بىر ساھابە ئۆزى يالغۇز ھالدا بىر بۆت بولۇشــنى تەقەززا قىلىدىغان ئەمەلنىڭ ساھىبى ئەمەس. بۇنىڭغا ئوخشاش بىر مەسىلىنى تەھلىل قىلغاندا، ئىككى نەرسىگە ئەسلا سەل قارىمايمىز.

**بىرىنچىسى:** اللەنىڭ تەقدىرى ۋە تاللىغان بولۇشى ئۇ بەندىگە بولغان اللەنىڭ ياردىمىدۇر. پۈتۈن سەۋەبلەر بەندىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ھەرقانداق «**قىيىن**» نىڭ قىيىن بولمايدىغانلىقى ھەقىقەتتۇر.

**ئىككىنچىسى:** خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر جامائەتنىڭ پارچىسىدۇر. بىر – بىرىگە زىچ ئۇيۇشقان ۋە ئىتائەت قىلغان، رەھبىرىگە ئىتائەت قىلىشنى اللەقا ئىتائەت قىلىش دەپ بىلگەن جامائەتنىڭ پارچىسىدۇر. بۇنداق بىر جامائەتنىڭ بېشىدا قوماندان بولۇشنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ئەلۋەتتە پەرقلىقتۇر. خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدىغا قويۇلغان پۇرسەتلەرنى، زامانىنىڭ ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ بېرىۋاتقان ئىمكانلىرىدىن تولۇق پايدىلانغان. بەلكى ئۇنىڭ پەرقى، فىترەتتىن كەلگەن قابىلىيىتىنى ۋە پۇرسەتلەرنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئىشلىتىش بىلەن بىرگە، ئىخلاسى ۋە يۈكسەك ئىرادىسى بىلەن ئالدىغا قويۇلغان نېمەتلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ، شۈكۈر قىلغان بەندە بولۇش سۈپىتىنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇشىدۇر.

3 – نەپسى بىلەن قىلىنغان ئىنتايىن بۈيۈك ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ۋە ئىمتىھاننى ئىنسانى شەرتلەر بىلەن قارالغاندا، غەلىبە بىلەن تاماملىغان. كىرگەن دۆلەتلەرنى فەتھى قىلغان ۋە ئەپسانىگە ئايلانغان بىر قوماندانىنى ئېلىپ بېرىلىشى خىيال دەپ قارالغان بىر فەتھى ئۇرۇشى ئەسناسىدا، مەغلۇبىيەت سەۋەبكارى بىر قوماندانغا ئوخشاش تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، چۈشەندۈرۈلىشى قىيىن بولغان بىر ۋەقەدۇر. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەرمۇكتا ئالدىدىكى قوشۇننى ئەخلەت سۈپۈرگەندەك بىتچىت قىلىپ مېڭىۋاتقان بىر پەيتتە، قولىغا بىر مەكتۇپ تۇتقۇزۇلدى. مەكتۇبتا ۋەزىپىسىنى كىمگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقى يېزىلغان ئىدى. بۇ بىر چاقچاق ئەمەس، يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلىشى مۇمكىن بولغان بىرەرنىمە جىنايەت، كىرگەن ھەر ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشىدۇر.

**ئەڭ يۇقىرى ئورۇندىن پەقەت «چۈش» سۆزى بىلەنلا چۈشەلەش، نەپسىنىڭ ھەق ئىزدەشلىرىگە قۇلاق سالماسلىق، اللەتىن كېلىدىغانغا رازى بولۇش، سۆزلىگەندە ئاسان سۆزلىنىدىغان،**

www.uyghurkitap.com

**ئەمما ئەمەلىي قىلىنغاندا قىلىنىشى قىيىن بولغان ئىشلاردىندۇر.**

قانچىلىغان دۆلەتلەر بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەزىپىدىن ئىلىش سەۋەبلىك بۆلۈنۈپ پارچىلانغان. قانچىلىغان زەپەرلەر قولغا كەلتۈرۈلۈش ئىشىكىدە، مەنپەئەت بۆلۈشۈش مەسىلىسىدە كېلىشەلمەسلىك سەۋەبلىك مەغلۇبىيەتكە ئايلانغان. قانچىلىغان نەپس ئۇرۇشلىرى «اللە رازىلىقى ۋە ھەقلىق بولغاننىڭ ھەققىنى بېرىش» ئىسمى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. قانچىلىغان ئەسكەرلەر مەيدانلاردا ئېرىشكەنلىرىنى، يىللارچە يىغقانلىرىنى، ئۆمۈرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەۋەسلىرىگە قۇربان قىلىشقان.

خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلغىنى قىلىنىشى بەكمۇ تەس بولغان ئىشتۇر. ئەمما خالىد قىلدى.

قوماندان ئىدى، ئاددى ئەسكەر بولدى. ئېتىراز بىلدۈرمىدى. ھەق تەلەپ قىلمىدى. ئادەملىرىگە بۇيرۇپ مەخپىي تەشكىلات قۇرغۇزمىدى.

4 – خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشقا ساھابىلەردىمۇ كۆرۈلگەندەك، **رەببىگە تايىناتتى**. زەپەرنىڭ ئۇنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئاچقان يولنى ھېچكىمنىڭ تاقىيالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ ئېتىقادىغىمۇ جىددىيي شەكىلدە ئىمان ئېيتقان ئىدى.

بىر قېتىم ئۇنىڭغا مەخپىي ھالدا زەھەر ئىچكۈزۈلمەكچى بولدى. ئەتراپىدىكىلەر دۈشمەنلەرنىڭ سۇ ئىسمى بىلەن زەھەر بېرىشكە ئوخشاش ھىيلىلىرى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، ئۇ سۇنى ئىچمەسلىكىنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇ بولسا سۇنى تەلەپ قىلدى. قولىغا قاچىنى ئالدى ۋە بىسمىللاھ دەپ ئىچتى.

ئۇ ئىشەنگەن رەببى ئۇنى خىجىل قىلمىدى. نە ئۆلمىدى، نە خىجىلچىلىقتا چۈشۈپ قالمىدى بەلكى ياشىدى. ھېلىھەم ياشىماقتا ۋە ئۇ فەتھى قىلغان زېمىنلاردا ئەزان ئوقۇلۇپلا تۇرغان مۇددەتچە يەنىلا ياشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۈچ ئۇلۇغ پەيغەمبەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ئەييۇب ئەلەيھىسسالام

اللہ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلدى. مال – دۇنيا ۋە بالا – چاقىسى كۆپ بولدى. ئۇنىڭ يەتتە ئوغۇل، يەتتە قىز بالىسى بار ئىدى. ئۇ يېتىملەرگە ۋە ئىگە – چاقىسىزلارغا بەكمۇ كۆيۈمچان ئىدى. كىشىلەر ئارىسىدا «ياخشىلىق قىلغۇچى» دەپ تونۇلدى.

ھەر ئىش نورمال كېتىۋاتقان بىر پەيتتە، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمتىھان باسقۇچى باشلاندى. ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، باللىرى ئۆلدى. ئارقا – ئارقىدىن كەلگەن ئاپەتلەر بىلەن مال – دۇنيالىرىدىن ئايرىلدى. يىللارچە داۋام قىلغان كېسەلگە مۇبتىلا بولدى. ئەتراپىدا ھۆرمەت بىلەن ئايلىنىپ يۈرگەنلەر تارقىلىپ كەتتى ۋە ئايالى بىلەنلا يالغۇز قالدى. ئايالى بولسا ئۆي خىزمەتلىرى قىلىپ تاپقان پۇللىرى بىلەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

ئۇ قىيىن ۋە چىدىغۇسىز ئىمتىھان باسقۇچىغا سەۋر قىلدى.

ئۇنىڭ سەۋرى – تاقەتى تىللاردا داستان بولدى. «ئەييۇبنىڭ سەۋرى» دەپ مىسال قىلىنىدىغان بولدى. ئەمما ئۇ رەببىدىن ھېچبىر زامان شىكايەتچى بولمىدى.

چىدىدى... چىدىدى...

رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئۇنىڭ كېسەللىكى 18 يىل داۋام قىلدى. ۋارقىراپ – جارقىرىمىدى. «مەن كېسەلمەن مېنى ساقايتقىن!» دېيىشكىمۇ تىلى بارمىدى. پەقەتلا ئىگىلدى ۋە ئۇنىڭ ئىگىراشلىرى ئەرشكە يەتتى. قۇرئانغا نامايەن بولدى. قىيامەتكىچە ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىبرەت ۋە دەرس بولۇپ قالدى... سەۋر ۋە ئەدەبنىڭ ئەڭ چوققىسىدا بىر ئۆرنەك بولۇپ قالدى. قۇرئان ئۇنى ماختىدى.

﴿وَأَيُّوبَ إِذْ نَادَى رَبَّهُ أَنِّي مَسَّنِيَ الضُّرُّ وَأَنتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ فَاسْتَجَبْنَا لَهُ فَكَشَفْنَا مَا بِهِ مِن ضُرٍّ وَآتَيْنَاهُ أَهْلَهُ وَمِثْلَهُم مَّعَهُمْ رَحْمَةً مِّنْ عِندِنَا وَذِكْرَى لِلْعَابِدِينَ﴾ ﴿ئەييۇبنىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن» دەپ دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرىۋەتتۇق ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئىبرەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرنى زىيادە ئاتا قىلدۇق (يەنى ئۇنىڭ ئۆلگەن بالىلىرىنىڭ ۋە يوقالغان ماللىرىنىڭ ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ بالا بىر ھەسسە كۆپ مال بەردۇق)﴾. **سۈرە ئەنبىيا، 84 - ئايەت.**

## يۇنۇس ئەلەيھىسسالام

مەۋسىل (بۈگۈنكى ئىراقنىڭ بىر ۋىلايىتى) ئەتراپىغا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدى. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۇچرىغاندەك، ئۇمۇ جاھىل ۋە شىددەتلىك ئىنكارغا ئۇچرىدى. ئۇلار ئۇنى يالغانغا چىقاردى، ئىشەنمىدى. ئۇ ئۇلارغا 33 يىل دەۋەت قىلدى. ئەمما پەقەت **ئىككى كىشى** ئىمان ئېيتتى. نىھايەت ئۇلارنىڭ جاھىللىقى سەۋەبلىك اللەنىڭ ئازاب ۋاقتى كەلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن سىلەرگە ئازاب نازىل بولىدۇ، دەپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى. شۇنداق بولسىمۇ، جاھىللىقلىرىدىن ۋاز كەچمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ مۇئامىلىسىدىن قاتتىق قايغۇردى ۋە ئۇلار ياشىغان شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن قەۋمى، بۇ ھەقتە ئويلاندى ۋە ئۆزلىرىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ تەۋبە قىلىپ ئىمان ئېيتىشتى.

﴿فَلَوْلاَ كَانَتْ قَرْيَةٌ آمَنَتْ فَنَفَعَهَا إِيمَانُهَا إِلاَّ قَوْمَ يُونُسَ لَمَّآ آمَنُواْ كَشَفْنَا عَنْهُمْ عَذَابَ الخِزْيِ فِي الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَمَتَّعْنَاهُمْ إِلَى حِينٍ﴾ ﴿(ھالاك بولغان شەھەر ئاھالىلىرى ئېيتىدە)

**﴿يۇنۇس قەۋمىدىن باشقىسىغا (ئازابنىڭ ئالامىتىنى كۆرۈپ) ئېيتقان ئىماننىڭ پايدىسى بولغىنى يوق يۇنۇس قەۋمى ئىمان ئېيتقانىدا دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر دۇنيادىكى شەيئىلەردىن) بەھرىمەن قىلدۇق﴾**. سۈرە يۇنۇس، 98 - ئايەت

ئۇلارنىڭ بۇ تەۋبىسىدىن خەۋىرى بولمىغان يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ساھىلدىكى بىر كېمىگە مىنىپ كەتتى. دېڭىزدا بوران – چاپقۇنغا يولۇقتى. شۇنىڭ بىلەن كېمە كاپىتانى: يۈك – تاقلارنىڭ كۆپلىكىنى، يولۇچىلاردىن بىرى دېڭىزغا سەكرىگەن ئەھۋالدىلا قۇتۇلالايدىغانلىقىنى، ئېيتتى. كىم سەكرىسۇن؟ دېيىشىپ، ئاخىرى چەك تاشلاشتى. چەك يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقتى. يولۇچىلار ئۇنىڭ بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكلىرى ئۈچۈن قوبۇل قىلىشمىدى ۋە چەكنى قايتا تاشلىدى. يەنە ئۇنىڭغا چىقتى. تەكرار تاشلىدى، يەنە ئۇنىڭغا چىقتى.

﴿وَإِنَّ يُونُسَ لَمِنَ الْمُرْسَلِينَ، إِذْ أَبَقَ إِلَى الْفُلْكِ الْمَشْحُونِ، فَسَاهَمَ فَكَانَ مِنَ الْمُدْحَضِينَ﴾

**﴿يۇنۇس ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىندۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (قەۋمىدىن) قېچىپ (كىشىلەر بىلەن) توشقان بىر كېمىگە چىقىۋالدى. (كېمىدىكىلەر چەك چىققان ئادەمنى دېڭىزغا تاشلاپ كېمىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن) چەك تاشلايتتى يۇنۇس (چەكتە) مەغلۇپ بولغانلاردىن بولۇپ (دېڭىزغا تاشلاندى)﴾**. سۈرە ساففات، 141 - ئايەت

شۇنىڭ بىلەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىنى سېلىپ سۇغا سەكرىدى. ئۇ سۇغا سەكرىشى بىلەنلا اللهنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر بېلىق ئۇنى يۇتتى. بۇنىڭ بىلەن يېرىم كېچىدە ئۈچ قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە قالدى. كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى، دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە بېلىق قارنىنىڭ قاراڭغۇلۇقى...

اللهقا ئىمان ئېيتىشمىدى دەپ قەۋمىگە ئاچچىقلىنىپ، ئۇلارنى تاشلاپ ماڭغان ئىدى. ئەسلىدە اللهنىڭ بۇيرۇقىنى ساقلىشى تېخىمۇ ئۇيغۇن پوزىتسىيە ئىدى. شۇنداق، ئۇ رەببىگە ئاچچىقلانمىغان ئىدى. ئاچچىقلانغىنى ئۇنىڭ قۇللىرى ئىدى. ئەمما سەۋرنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن ئىدى. بۇ سەۋەبلىك

قىلغانلىرىنىڭ بەكمۇ ياخشى بىر ئىش بولمىغانلىقىنى چۈشەندى ۋە ئەرشكە يەتكەن يالۋۇرۇش بىلەن رەببىگە يالۋۇردى.

ئەمما ئەدەب بىلەن...

ئۆزىدىن كېيىنكى ئىنسانىيەتكە مەڭگۈ ئۆچمەس ئۆرنەك قالدۇرغان هالدا...

بۇرۇقتۇرما بولغانلارنىڭ، ئېزىپ خاتالىشىپ قالغانلارنىڭ نېمە قىلىشلىرى كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن هالدا... دۇئا ۋە يالۋۇرۇش قانداق بولىدۇ، بەندە خاتاسىنى قانداق ئېتىراپ قىلىدۇ... بۇلارنى كۆرسەتكەن هالدا...

بېلىق ئۇنى چىقىرىپ ساهىلدا بىر يەرگە تاشلىدى.

## زەكەرىيا ئەلەيهىسسالام

**﴿فَنَبَذْنَاهُ بِالْعَرَاءِ وَهُوَ سَقِيمٌ﴾ ﴿ئۇنى بىز (دېڭىز ساهىلىدىكى) بىر قۇرغاق يەرگە (بېلىقنىڭ قارنىدىن) ئاتتۇق ئەينى ۋاقىتتا ئۇ كېسەل ئىدى﴾.** ﴿وَذَا النُّونِ إِذ ذَّهَبَ مُغَاضِبًا فَظَنَّ أَن لَّن نَّقْدِرَ عَلَيْهِ فَنَادَى فِي الظُّلُمَاتِ أَن لَّا إِلَهَ إِلَّا أَنتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ الظَّالِمِينَ، فَاسْتَجَبْنَا لَهُ وَنَجَّيْنَاهُ مِنَ الْغَمِّ وَكَذَلِكَ نُنجِي الْمُؤْمِنِينَ﴾

﴿يۇنۇسنىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) خاپا بولۇپ (شەھىرىدىن) چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىزنى (بېلىقنىڭ قارنىدا) ئۆزىنى قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى ئۇ قاراڭغۇلۇقتا (يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا): «(پەرۋەردىگارىم!) سەندىن بۆلەك هېچ مەبۇد (بەرهەق) يوقتۇر سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن مەن هەقىقەتەن (ئۆز نەفسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق شۇنىڭدەك مۆئمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز﴾. سۈرە ئەنبىيا، 87 – 88 – ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

ئۇ بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىدىن ئىدى. ئايالىمۇ ھەزرىتى مەريەمنىڭ ھاممىسىدۇر. ھەم ئۆزى، ھەمدە ئايالى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ پەرزەنتلىرى بولمىغان ئىدى. ئۇ بولسا بىر ئىز باسار قالدۇرۇشنى خالايتتى. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام 100 ياشتا، ئايالى 99 ياشتا ئىدى. ئەمما ئۇ اللهقا يالۋۇردى، يېلىندى.

﴿قَالَ رَبِّ إِنِّي وَهَنَ الْعَظْمُ مِنِّي وَاشْتَعَلَ الرَّأْسُ شَيْبًا وَلَمْ أَكُن بِدُعَائِكَ رَبِّ شَقِيًّا، وَإِنِّي خِفْتُ الْمَوَالِيَ مِن وَرَائِي وَكَانَتِ امْرَأَتِي عَاقِرًا فَهَبْ لِي مِن لَّدُنكَ وَلِيًّا﴾ **﴿ئۇ ئېيتتى: پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن كۆچ - قۇۋۋىتىمدىن كەتتىم چېچىم ئاقاردى. پەرۋەردىگارىم! ساڭا دۇئا قىلىپ ئۈمىدسىز بولۇپ قالغىنىم يوق. مەن تاغىلىرىمنىڭ بالىلىرىنىڭ ئورنۇمنى باسالماسلىقلىرىدىن (يەنى دىننى قولدىن بېرىپ قويۇشلىرىدىن) ھەقىقەتەن ئەنسىرەيمەن مېنىڭ ئايالىم تۇغماستۇر (پەزلىڭدىن) ماڭا بىر (ياخشى) پەرزەنت ئاتا قىلغىن﴾.**

**سۈرە مەريەم 4 – 5 – ئايەتلەر.**

الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. مۇمكىن بولمايدىغان شارائىتلارنى مۇمكىن قىلغۇزدى ۋە بىر ئوغۇل پەرزەنتنىڭ خۇش بىشارىتىنى ئالدى:

﴿يَا زَكَرِيَّا إِنَّا نُبَشِّرُكَ بِغُلَامٍ اسْمُهُ يَحْيَى لَمْ نَجْعَل لَّهُ مِن قَبْلُ سَمِيًّا﴾ **﴿(اللّٰه ئېيتتىكى) ئى زەكەرىيا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا (پەرىشتىلەر ئارقىلىق) يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئىسىمداش قىلمىدۇق﴾.** **سۈرە مەريەم، 7 – ئايەت.**

ھەيران قالدى. شۇنچىلىك ياشىنىپ قالغان تۇرۇپ، يەنە كېلىپ تۇغماس ئايالدىن قانداقمۇ بالا بولسۇن؟

﴿قَالَ رَبِّ أَنَّى يَكُونُ لِي غُلَامٌ وَكَانَتِ امْرَأَتِي عَاقِرًا وَقَدْ بَلَغْتُ مِنَ الْكِبَرِ عِتِيًّا، قَالَ كَذَلِكَ قَالَ رَبُّكَ هُوَ عَلَيَّ هَيِّنٌ وَقَدْ خَلَقْتُكَ مِن قَبْلُ وَلَمْ تَكُ شَيْئًا﴾ **﴿زەكەرىيا ئېيتتى: «ئايالىم تۇغماس تۇرسا مەن قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن تۇرسام مېنىڭ قانداقمۇ ئوغلۇم بولسۇن». (ئىدا قىلغان پەرىشتە) ئېيتتى: «ئىش**

ئەنە شۇنداقتۇر پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: بۇ مەن ئۈچۈن ئاساندۇر سېنى مەن ياراتتىم ھالبۇكى سەن بۇرۇن يوق ئىدىڭ (يەنى سېنى يوقتىن بار قىلغاندەك يەھيانى ئىككىڭلاردىن تۆرەلدۈرۈشكە قادىرمەن)﴾.

سۈرە مەريەم، 8 - 9 – ئايەتلەر.

﴿وَزَكَرِيَّا إِذْ نَادَى رَبَّهُ رَبِّ لَا تَذَرْنِي فَرْدًا وَأَنتَ خَيْرُ الْوَارِثِينَ، فَاسْتَجَبْنَا لَهُ وَوَهَبْنَا لَهُ يَحْيَى وَأَصْلَحْنَا لَهُ زَوْجَهُ إِنَّهُمْ كَانُوا يُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَيَدْعُونَنَا رَغَبًا وَرَهَبًا وَكَانُوا لَنَا خَاشِعِينَ﴾ ﴿زەكەرىيانىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى (بالىسىز ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىساڭ سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن (يەنى ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ سەنلا باقىي قالىسەن)» دەپ نىدا قىلدى. بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق ئۇنىڭغا خوتۇنىنى ئۆزگەرتىپ بەردۇق (يەنى تۇغىدىغان قىلىپ بەردۇق). (يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىمىز) شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى﴾ .

سۈرە ئەنبىيا، 89 -90- ئايەتلەر.

## دۇئاسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىكى سىر:

**«پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ياخشى ئىش قىلىشقا ئالدىرىشاتتى، ئۈمىد ۋە قورقۇنچ ئىچىدە بىزگە دۇئا قىلىشاتتى، بىزگە چىن قەلبىدىن ھۆرمەت بىلدۈرۈشەتتى».**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاياللارنىڭ پەخرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇلارمۇ ئائىلە ئىدى

ھاۋۋانىڭ سانىنى پەقەت اللهلا بىلىدىغان دەرىجىدە كۆپ قىزلىرى ئارىسىدا ئىسمى ئەبەدىيلەشكەنلەر.

ئائىللىقنىڭ ھەققىنى بەرگەن ۋە ئۆز ئىسمىنىمۇ تۇغقانلار.

گاھىدا ئەركەك تۇغۇپ، گاھىدا ئەركەكلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتكەنلەر.

زامانىنى بۆسۈپ چىقىپ، پۈتۈن ئەسىرلەرنى، پۈتۈن نەسىللەرنى قورشىغانلار. جۇغراپىيىنى ۋە رەڭنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغانلار.

باشقىلارغا ئوخشاش يەپ – ئىچىپ، كىيىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ، دۇنيانىڭ زىننەتلىرى ئۇلارنى ئەسىر قىلالمىغان ئىدى. ئۆي جاھازلىرى ۋە قاچا – قۇچىلارغا دەم چۈشمىگەن ئىدى.

قۇلاقلىرى كىمنىڭ نىمە دەيدىغانلىقىغا تامامەن تاقالغان، كۆزلىرى ئالدىلىرىدىكى جەننەتتىن باشقا ھەممە نەرسىگە يۇمۇلغان.

ئىپپەت ۋە ئىپسىل سۈپەتنىڭ ئابىدىلىرى... زىننەتلىرىنى ئىبادەت بىلەن گۈزەللەشتۈرگەنلەر.

قۇلغا قۇل بولۇشنى، پانىي دۇنيادا يوقلۇقنى بىلىشمىدى.

ھەقىقىي ئاشىق ۋە سۆيگۈنى يوغۇرۇپ، ئۆز شەكىللىرىگە كىرگۈزۈپ يوللىرىنى داۋاملاشتۇرغانلار.

چوڭ ھېساب جايى ئەندىشىسىدىن كىچىك ھېسابلار بىلەن ھەپىلەشمىگەن، بۈيۈك ئويلاپ، بۈيۈك خىيال قىلغانلار.

«ۋاپا» غا ھەقىقىي مەنا بېرىپ، ئۇنىڭغا تەڭداشسىز ئۆرنەكلەر قالدۇرۇپ كەتكەنلەر. قەدرى – قىممەت بىلگەنلەر.

سەۋرنىڭ مىسلىسىز ئۆرنەكلىرىنى چۆللەرگە، تاشلارغا، سەفا – مەرۋىگە

يازغانلار. «ئەگەر بۇيرىغان الله بولسا، ئۇ بىزنى ھەرگىز زايا قىلمايدۇ» دېگەنلەر.

ئۇچرىغان زۇلۇملار ئالدىدا ئېرىــپ كەتمىگەن، ئارقىغا چېكىنىپ مەيداننى بوش قالدۇرمىغان، دەل ئەكسىچە، ئىمانى ۋە سەۋرى كۈچلىنىپ شەيتاننى چىچاڭشىتقانلار.

ئاسىيەلەر، مەريەملەر... ســارەلەر، ھاجەرلەر... خەدىچەلەر، ئائىشەلەر... ھەفســەلەر، ســەۋدالار... ئۇممــۇ كۇلســۇملار، رۇقەييەلــەر، زەينەبلەر... فاتىمەلەر...

يەنە قانچىلىغان نۇرلۇق ئىسىملار. يۈزلىرى ئاق. ئاياللارنىڭ پەخرلىرى.

ئۇلارنــى ئەرلــرى، باللــرى، ئاتا – ئانىلىرى ياخشــى كۆردى. ياخشــى كۆرۈشتى، ياخشى كۆرۈلدى. ھەممە ئادەم ياخشى كۆردى ۋە اللهمۇ ياخشى كۆردى.

ھازىرقى زاماننىڭ نەســللىرى، ئۇســتىدىكى كىيىملەرگە، ئېغىزلىرىدىكى تاتلىق ســۆزلەرگە، پورتماللىرىدىكى پۇلغا قاراپ ياخشــى كۆرۈشــدىغان، ئۆرنەك بىلىپ ھەۋەس قىلىشــدىغان، زالالەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان ئاياللار بىلەن بىر زاماندا ياشاپ قېلىپ، نېمىدېگەن بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغــان – ھە! خاتا قىلىدىغانلارغــا قاراۋېرىپ خاتانــى تەقلىد قىلىدىغان ھالغا كەلگەنلەر ئۈچۈن ئاســيەلەر، سارەلەر، ئەسمالار نېمىدېگەن گۈزەل قۇتقۇزغۇچى ئۆرنەك ئىسىملار!

ياخشــىلىقنى، گۈزەللىكنى ســېغىنغانلار ئۈچۈن ئۈپۈقنــى يورۇتقان نۇرلۇق ئىسىملار بۇلاردۇر.

ئاياللىنىڭ ئىســمى تىلغا ئېلىنىشــى بىلەنلا يامانلىقنى ۋە دەرت – ئەلەمنى ئەسلىگەنلەر ۋە بۇ ئارقىلىق ئايال جىنسىغا ھەقسىزلىق قىلغانلار،

ئايــال كىشــىنى پەقــەت شــەيتاننىڭ مەيدانــلاردا ســازايى قىلىدىغــان

ئويۇنچۇقلىرىدىن ئىبارەت دەپ گۇمان قىلغانلار، رومالدىن، جىھادتىن، ئىتائەتتىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، ئايال كىشىگە نىسبەتەن ئومۇمىي جەھەتتە سەلبىي كۆز قاراشتا بولغانلار.

ئايال كىشىنى بىلمەكچى بولغانلار...

قېنى ئەمسە دىققەت قىلىڭلار!

ئايال: جىھادتۇر، ئىپپەتتۇر، هايادۇر، هۆرمەتتۇر، ئىتائەتتۇر، پەرزەنتتۇر، ئەركەكتۇر، ئانىدۇر، قىزدۇر، سىڭىلدۇر، ئاچىدۇر، هايات يولداشىدۇر.

ئايال:

ئاسىيەدۇر، مەريەمدۇر، خەدىچەدۇر، ئائىشەدۇر، هەفسەدۇر، ئەسمادۇر، فاتىمەدۇر.

## ئەدەب

### رەزىيەللاھۇ ئەنھا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيي نازىل بولغان كۈن «قورقما! الله سېنى هەرگىزمۇ خىجىل قىلمايدۇ» دەپ، ئادەتتىكى ئايال ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۇنجى ئىمان ئېيتقان بولۇش شەرىپى ئۇنىڭغا نېسىپ بولدى. قىيىن كۈندە كۆرسەتكەن ئەقىل تارىخ بولدى. ئالەملەرگە رەھمەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قول – قانات بولدى.

***ئۇنىڭغا مال – دۇنياسىنى بەردى. ئەقلى بىلەن، ئېغىزى بىلەن، بېقىشلىرى بىلەن ياردەمدە بولدى. ئۇ ئەڭ موھتاج بولغان نەرسىنى، روھىنى كۆتۈرۈشنى هېچ ئۇنتۇمىدى.***

ئۇمۇ ئۇنى هېچ ئۇنتۇمىدى. پەقەتلا بىر «ئايال» بولۇشتىن باشقا، ئۇنى دەۋەت ھەمرايىغا ئوخشاش ياخشى كۆردى، ئەسلىمىلىرىگە يازدى. ئۇنى ئۆلۈمىدىن كېيىنمۇ خۇددى تىرىككە ئوخشاش ئەسلىدى، باشقا ئاياللىرىغا

سۆزلەپ بەردى. ئۇنى جەننەتنىڭ 4 نەپەر ئالىي مەرتىۋىلىك ئاياللىرىدىن بىرى دەپ تونۇشتۇردى. ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر باشقا بىر ئايالغا ئۆيلەنمىدى.

ئۇنى ئاسماندىكىلەرمۇ ياخشى كۆرگەن ئىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭغا سالام يوللىغان ۋە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەتتە پەرزەنتىنىڭ ئالتىسىنى ئۇ تۇغدى.

***مۇكەممەل ئايال، مۇكەممەل ئانا، مۇكەممەل دەۋا ھەمراھى، مۇكەممەل كۆڭۈل ئالغۇچى ئىدى.*** رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھاياتىنى، مېلىنى، قىسقىسى نېمە كېرەك بولسا شۇنى بەردى. 25 يىل پەيغەمبەرنىڭ ئايالى بولۇپ ياشىدى. ھىجرەتتىن ئۈچ يىل بۇرۇن ۋاپات بولدى. سەۋر ۋە مۇجادىلە ئايالى بولۇپ ئەسلەندى.

## ئائىشە
### رەزىيەللاھۇ ئەنھا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايال. شەرىپى ۋە پاكلىقى قۇرئان بىلەن سابىت بولغان ئايال.

***ئەر ۋە ئايال پۈتۈن ئۈممەتنىڭ ئۇستازى.*** يولدىشى رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرلىكتە ئاچلىققا ۋە جىھادقا ئائىت ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلەرنى كۆرسەتكەن سەۋر تېشى ئايال. زاھىدە ۋە غورۇرلۇق ئايال.

تېخى ئون ياشقا كىرمەستىن پەيغەمبەر ئايالى بولدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «***بۇ سېنىڭ دۇنيادىكى ۋە ئاخىرەتتىكى ئايالىڭدۇر***» دېگەنىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىز ئۆيلەنگەن بىردىنبىر خانىمى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا قۇرئاننى ياد ئالدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك بېشى ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى ۋاقتىتا جان ئۈزدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆمۈلدى. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىنساننىڭ،

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى خەلىپىسىنىڭ قىزى. ئىنسانىيەتكە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىڭ خانىمى. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ئون سەككىز ياشتا ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 50 يىل ئەتراپىدا ياشىدى. دىنغا ئائىت كۆپلىگەن مەسىلىلەردە مۇسۇلمانلارغا يول كۆرسەتتى. ئىلىمنىڭ بۇلىقى بولدى. تاھارەتتىن نامازغىچە، روزىدىن جىھادقىچە بولغان مىڭلارچە مەسىلىلەردە مۇسۇلمانلارغا ئىلىم بەردى.

## زەينەب بىنتى جەھش

### رەزىيەللاھۇ ئەنھا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى ئىدى. شەھىدلەرنىڭ سۇلتانى بولغان ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاغىسىدۇر. بۇ شەرەپلىك نەسەبىگە قارىماستىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئازاتكەردىسى زەيد ئىبنى ھارىسەگە توي قىلىپ قويماقچى بولدى. لېكىن ئۇ رازى بولمىدى. بۇنىڭ بىلەن:

﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَن يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُّبِينًا﴾ **﴿اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا ئەر- ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى اللّٰه ۋە اللّٰنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ) كىمكى اللّٰغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ﴾.**

**سۈرە ئەھزاب 36 – ئايەت.**

ئايىتى نازىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇيرۇققا بويسۇنۇپ، توي قىلىشقا رازى بولدى. بىر يىلچە بىرگە ياشىدى. ئەمما ھەر ئىككىسى ھەرقانداق قىلىپمۇ چىقىشالمىغاندىن كېيىن، زەيد ئۇنى قويۇۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللّٰەنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدى. اللّٰەنىڭ ئەمرى، جىبرىئىلنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن پەيغەمبەر خانىمى بولدى.

سەدىقە بېرىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ سەدىقە قىلىشنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈشىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىمۇ ھەيران ئىدى. ئۇ مىسكىنلەرنىڭ ئانىسى دەپ تونۇلغانىدى. كېچە – كۈندۈز ئىبادەت بىلەن مەشــغۇل بولاتتى. ئۆلۈم كۆرپىســدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋەســىيىتى مۇنــداق ئىدى: ***«مەن كېپەننى تەييارلىغان ئىدىــم. خەلىپە ئۆمەر مېنىڭ ئۈچۈن بىر كېپەن ئەۋەتســە، مەن تەييارلىغان كېپەننى مېنى يۇيۇشــتىن بۇرۇنلا سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىڭلار»***.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە ھىجرەتتىن كېيىن تۇنجى ۋاپات بولغان ئۇ بولدى.

## كەبشە بىنتى رافىي

### رەزىيەللاھۇ ئەنھا

مەدىنىگە ئىســلام كىرگەندىن كېيىن تۇنجى ئىمــان ئېيتقانلاردىــن بولۇش شەرىپىگە نائىل بولدى. تۇنجى بەيئەت قىلغــان ئــۈچ ئايالنىڭ بىــرى بولدى. ئائىلىسىنى ئىســلام تەرەققىي قىلغان مەركەزلەردىــن بىرى قىلــدى. يەتتە پەرزەنتىدىن بىرى ئۇھۇدتا شــېھىد بولدى. يەنە بىر ئوغلى سەئد ئىبنى مۇئاز بولسا خەندەك ئۇرۇشىدا يارىلانغان جاراھىتى سەۋەبلىك شېھىد بولدى. ئوغلى سەئد ۋاپات بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئەرشــنىڭ تىترىگەنلىكىنى بىلدۈردى. كەبشە ئۆزىنى ئىسلامغا خىزمەت قىلىشقا ئاتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلگەنگە يىغلىمىدى، قالغانىغا قايغۇرمىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر تەشۋىشــى رەسۇلۇللاھقا بىرەر يامانلىــق يېتىپ قالغانمىــدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. شــۇنداق ياشىدى، شۇنداق ئۆلدى. ئۆزى ئىسلامغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ياشىدى. ئۆيىنىمۇ ئىسلامغا ئاتىدى. ســەئد ئىبنى مۇئازغا ئوخشاش بىر ساھابىنىڭ ئانىسى دەپ تونۇلدى.

## خەنسا
### رەزىيەللاھۇ ئەنھا

ئەرەب ئاياللىرىدىن بىر ئايال ئىدى. تىلغا ئالغۇدەك شۆھرىتى يوق ئىدى. ئەمما ئىسلام ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىشىنىڭ ئەرلەرگە خاس ئىشلاردىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. مۇسۇلمانلار خىزمەتكە ئېھتىياجى بولغان ھامان خىزمەتكە يۈگۈردى. دىن ئۈچۈن جان بېرىش كېرەك بولغان ۋاقىتتا بىر جان ئەمەس، جانلار بەردى. قادىسىيە ئۇرۇشى ئالدىدا تۆت ئوغلىنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «سىلەر ئۆز ئارزۇيىڭلار بىلەن مۇسۇلمان بولدۇڭلار. ئۆزەڭلار خالاپ ئىسلام زېمىنىغا كەلدىڭلار. سىلەر بىر دادىنىڭ بالىلىرىسىلەر. نە داداڭلار، نە تاغىلىرىڭلار يۈز چۈشۈرۈدىغان ئىش قىلىپ باققان ئەمەس. شۇڭلاشقا جىھادقا قاتنىشىڭلار ۋە ئۇرۇش قىلىڭلار». تۆت ئوغلىنىڭ شېھىد بولغانلىق خەۋىرى كەلگەندە، دېدىكى: «ئەلھەمدۇلىللاھ! پەرزەنتلىرىمنىڭ شاھادىتى بىلەن شەرەپلەندىم. رەببىمدىن ئۆز جەننىتىدە مېنى ئۇلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنى تىلەيمەن».

## نەسىبە بىنتى كەئب
### رەزىيەللاھۇ ئەنھا

نەسىبە بىنتى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەدىنىلىك ئايال ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن جىھادقا چىققان تۇنجى ئايالدۇر. ئىككى قېتىم توي قىلدى. تۆت بالا تۇغدى. بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن ياخشى مۇجاھىد قىلىپ تەربىيىلىدى. ئەقەبە كېچىسىگە، ئۇھۇدقا، ھۇدەيبىيەگە، ھۇنەينگە ۋە يەمامە ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتى. جىھاد مەيدانلىرىدا ئەرلەرگە ئوخشاش جىھاد قىلدى. ئاخىرقى جىھادىدا قولى ئۈزۈلۈپ كەتتى ۋە بەدىنىنىڭ 12 يېرى ئېغىر يارىدار بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىپ، ئالىملار ئارىسىغا قېتىلدى. كىچىك ئوغلى بىلەن ئۇھۇد جېڭىگە قاتناشقان ئىدى. ئۇ يەردىكى قالايمىقانچىلىق ئەسناسىدا رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا يېقىنلىشىپ، ئۇنى قوغداشقا

www.uyghurkitap.com

تىرىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دېدىكى: «ئوك – سول قاياقىلا قارىسام، نەسىبەنى ئالدىمدا مېنى قوغداۋاتقان ھالەتتە كۆرەتتىم». ئانا – بالىنىڭ كۆرسەتكەن بۇ غەيرىتى رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەمنۇن قىلدى ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلدى. نەسىبە: «دۇئا قىلغىنكى، جەننەتتە سېنىڭ يېنىڭدا بولاي» دەپ تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىزمۇ: «ئى الله! ئۇلارنى جەننەتتە دوستلىرىم قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. نەسىبە بۇ دۇئاغا شۇنچىلىك سۆيۈندۈكى، «بۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن دۇنياغا پەرۋايىم پەلەك» دەپ ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىپادىلىدى.

ئۇ ئۇھۇد كۈنىدىكى ئەسلىمىلىرىدىن سۆزلەپ كېلىپ شۇنداق دەيدۇ:

«ئۇھۇد جېڭى پەيتىدە بىر ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەتراپىدا 10 دىن ئاز كىشى قالغان ئىدى. دەرھال مۇسئەب ۋە ئوغلۇم بىلەن ئۇنى قوغداشقا يۈگۈردۇق. بىرسى: «ماڭا مۇھەممەدنى كۆرسىتىڭلار! ئۇ ھايات بولسا، مەن يوق» دەيتتى. ئالدىغا چىقتىم. قولۇمدا پەقەتلا قىلىچىم بار ئىدى. ساۋۇت ۋە قالقىنىم يوق ئىدى. ئۇ ئادەم گەدىنىمگە شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، ئۇ ئاغرىقنى ھازىرغىچە ھېس قىلىمەن. ئۇ بولسا ئىككى قات ساۋۇت كىيگەنلىكى ئۈچۈن، مېنىڭ قىلىچ ئۇرۇشلىرىم ئۇنىڭغا ھېچ تەسىر قىلمايتتى. ئوغلۇممۇ يارىلاندى. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوغلۇمغا: «ياراڭنى تاڭ!» دەپ بۇيرىدى. ئۆزەممۇ يارىدار تۇرۇپ، ئوغلۇمنىڭ يارىسىنى تاڭدىم. «بالام! بۇلار الله يولىدا بولغان ئىشلاردۇر، قايغۇرما!» دېدىم. پەيغەمبىرىمىز ماڭا: «سەن چىدىغانغا كىممۇ چىدىيالايدۇ؟» دېدى. شۇ ئەسنادا ئەرلەردىن بىرى قولىدىكى قالغان بىلەن قېچىۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «ھەي، بۇ قالقاننى قوي» دېدى. ئۇمۇ قالقاننى قويدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئېلىپ ئۇرۇشقا داۋام قىلدىم».

نەسىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنمۇ جىھادنى داۋاملاشتۇردى. پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان يالغانچى مۇسەيلەمەتۇل كەززاب ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قوللىرىنى كېسىپ، بەدىنىنى ئوتتا كۆيدۈردى.

نەسىبە باشقا ئوغلى بىلەن بىرلىكتە يەمامە ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، ئوغلىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشىنى خالىدى. ئۇ ئۇرۇشتا يەنە بىر ئوغلى مۇسەيلەمەنى ئۆلتۈردى ۋە بۇ ئۇرۇشتا نەسىبەنىڭ قوللىرى ئۈزۈلۈپ كەتتى. قولسىز ھالدا مەدىنىگە قايتتى. ئۇنى يوقلاپ كېلىپ؛ «سەۋر قىلىڭ...» دېگەنلەرگە داۋاملىق شۇنى دېدى:

«مەن جەننەتتە رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە بولسام، دۇنيادىن ھېچنەرسە خالىمايمەن».

ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ئۇنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيتتى ۋە پات - پات زىيارەت قىلىپ، يوقلاپ تۇراتتى. بىر قېتىم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ناھايىتى ياخشى بىر رەخت ھەدىيە قىلىنغان ئىدى. ئۇ: «بۇنىڭغا نەسىبەدىن باشقىسى لايىق ئەمەس» دەپ ئۇنى نەسىبەگە ئەۋەتتى. نەسىبە قولسىز ئەمما يۈرەكلىك، قەيسەر ھالى بىلەن مەدىنىدە ۋاپات بولدى ۋە ئارقىسىدىن يېتىشىش ئىنتايىن قىيىن بولغان بىر كىشىلىك قالدۇرۇپ، بەقىئ قەبرىستانلىقىغا كۆمۈلدى.

قېنى ئېيتىڭلار! ئاياللار سەۋرسىزتىغۇ؟ ئاياللار چىدامسىزتىغۇ؟ ئاياللار پەقەت كوتۇلدايتتىغۇ؟

ئەي نەسىبە! بەيئەت ئايالى، ئۇھۇد ئايالى، يەمامە ئايالى! ئەي مۇجاھىدە! ئۇ چوققىغا چىققىنىڭدا ئاياللارنىمۇ ۋە مىڭلارچە ئەرلەرنىمۇ ئەزدىڭ! الله سەندىن رازى بولسۇن. قەيسەرلىكىڭدىن، تومۇرلىرىڭدا ئاققان قېنىڭدىن بىزگىمۇ نېسىپ قىلسۇن.

## ئەسما بىنتى يەزىد

### رەزىيەللاھۇ ئەنھا

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولغان تۇنجى ئاياللاردىن بىرى ئىدى. ئۇلۇغ ساھابە مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئوچۇق - يورۇق سۇئال سوراش بىلەن مەشھۇر ئىدى.

بىر قېتىم ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان بىر پەيتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ مەھەللىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن ۋە ئۇ يەردىكى ئاياللارغا مۇنداق دېگەن: «**نېئمەتكە ناتكورلۇق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار**». بۇنىڭ بىلەن ئەسما ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىدىن بۇرۇن: «**نېئمەتكە ناتكورلۇق قىلىش قانداق بولىدۇ؟**» دەپ سورىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «**سىلەردىن بىرىڭلار ئۇزۇن ۋاقىت دادىسىنىڭ ئۆيىدە قالىدۇ. كېيىن اللّٰه ئۇنىڭغا بىر ئەر نېسىپ قىلىدۇ. ئۇ ئەردىن بالىلىرى بولىدۇ. ئاچچىقلانغان ۋاقتىدا ئېرىگە: ‹مەن سەندىن ياخشىلىق كۆرمىدىم› **دەيدۇ.

ئۇ يەنە بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ شۇ سۆزلەرنى قىلدى:

***«ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ماڭا ئوخشاش ئوبلاپ، مېنىڭ سۆزلىگەنلىرىمنى سۆزلەشنى خالايدىغان ئاياللارنىڭ ۋەكىلىمەن. اللّٰه سېنى ئەر ۋە ئاياللارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئىمان ئېيتىپ ئارقاڭدىن ماڭدۇق. بىز ئاياللار ئۆيلىرىمىز بىلەن سىرلىق قارالغان شەكىلدە ئۆيلەرگە سولىنىپ قالدۇق. ئەرلەرنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرۇپ، بالىلىرىنى قورسىقىمىزدا كۆتۈرىمىز. ئەرلەر بولسا جامائەتكە چىقىشلىرى، جىنازىگە ۋە جىھادقا قاتنىشىشلىرى بىلەن بىزدىن ئۈستۈن كۆرۈلىدۇ. ئۇلار جىھادقا چىققانلىرىدا، بىز بولساق ئۇلارنىڭ ماللىرىغا قارايمىز، بالىلىرىنى تەربىيىلەيمىز. بىز ئۇلار ئېرىشكەن ساۋابقا شېرىك ئەمەسمۇ؟»*** رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈزىنى ساھابىلىرىگە بۇرىدى ۋە مۇنداق دېدى: «***دىنىي ھەققىدە شۇ ئايالدىن گۈزەل سوئال سورىغان بىرەرسىنى كۆردۈڭلارمۇ؟***» ئۇ يەردىكىلەر: «***ياق ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭدىن گۈزەل سورىغان بىرەرسىنى كۆرمىدۇق***» دېيىشتى. كېيىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: «***ئەسما! بارغىن ۋە ئارقاڭدىكى ئاياللارغا شۇنى بىلدۈرگىن: سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئېرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، كۆڭلىنى ئېلىشى، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قىلىشقا تىرىشىشى ئەرلەر ئۈچۈن سانىغان ئۇ ئىشلار بىلەن باراۋەردۇر***». ئەسما بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، تەكبىر ۋە تەھلىل ئېيتقىنىچە ئۇ يەردىن يىراقلاشتى.

ئۇ ئىمان، ئىلىم ۋە سەۋردە بىر ئۈرنەك ئىدى. ئەمەلىي جىھادقىمۇ قاتناشتى. يەرمۇك ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، مۇجاھىدلارنىڭ سۇ ئېھتىياجىنى قاندۇردى. يارىدارلارغا ياردەم قىلدى. بىر قېتىم ئۆزى تۇرۇۋاتقان چېدىرنىڭ تۈۋرۈكىنى تاياقچىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەن سېپىگە قوشۇلدى ۋە توققۇز رۇم ئەسكىرىنى ئۆلتۈردى.

## ئۇممۇ سۇلەيم

### رەزىيەللاھۇ ئەنھا

جەننەت ئاياللىرىدىن بىر ئايال، ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ئانىسى... ئۆزىنىڭ مەھرى سۈپىتىدە يولدىشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى تەلەپ قىلغان تۇنجى ئايال. **ئۇ ئون بالىسىنىڭ ھەممىسىنى قۇرئان ھاپىزى قىلدى.** ئەقىللىق، يىراقنى كۆرەلەيدىغان ۋە تەقۋادار ئايال ئىدى. يولدىشى ئەبۇ تەلھە ئۆيدە يوق چاغدا، كېسەل بالىسى ۋاپات بولدى. يولدىشى ئۆيگە كەلگەندە بالىنى سورىدى. «**ھازىر تېخىمۇ ياخشى**» دېدى. يولدىشىغا كەچلىك تاماق بەردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولدى. يولدىشى خېلىلا ھاردۇقى چىقىپ راھەتلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بالىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئەبۇ تەلھە بولغان ئىشلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى. پەيغەمبىرىمىز: كېچە بىرلىكتە بولۇپ - بولمىغانلىقىنى سورىدى. «شۇنداق» دېيىشى بىلەن، كېچىلىرىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا دۇئا قىلدى. كېيىن بالىسى بولدى. ئۇممۇ سۇلەيم بالىنى تۇققاندا، بىر – ئىككى خورما بىلەن بالىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىنى مۇبارەك ئاغزىدا ئېزىتىپ بالىنى ئېغىزلاندۇردى ۋە ئىسمىنى ئابدۇللاھ قويدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئاسىيە
رەزىيەللاھۇ ئەنھا

كۆپرى تۆپاننىڭ ئالدىدا يالغۇز بىر ئايال

**ئاسىيە:**

***«مېنى سىلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈك رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟»*** دېگەن،

تۇغۇلغان ھەربىر ئوغۇل بوۋاقنى ئۆلتۈرگەن،

ئىنسانلارنى تەبىقىلەرگە ئايرىغان،

زالىم، ئاسىي، تاغۇت فىرئەۋن ۋە ئايالى ئاسىيە...

ئۆز زامانىنىڭ ئەڭ ئالى سارىيىدا خانىش بولۇپ ياشايتتى.

بىر ئايالنىڭ خىيالىدا بولغان نېمە بولسا، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىدى.

بىر كۈنى، اللّٰه بىر ساندۇقنىڭ ئىچىدىن دەريادا ئېقىپ كەلگەن بىر بوۋاقنى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقاردى.

ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىتتى. بالىنى ئېلىپ ئۆز قەسرىدە چوڭ قىلدى.

ئۇ بوۋاق چوڭ بولۇپ، پەيغەمبەر بولدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام بولدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن فىرئەۋننىڭ ئارىسى بۇزۇلدى.

ئاسىيە مۇسا ئەلەيھىسسالام تەرەپتە تۇردى.

تەھدىت قىلىندى. قىيىن – قىستاققا ئېلىندى.

ئەمما، ئىمانى كۈچىيىپ ماڭدى.

خانىش بولغان قەسىر ھويلىسىدا پادىشاھ تەرىپىدىن

يەرگە ياتقۇزۇلۇپ، قوللىرى ۋە پۇتلىرىدىن

تۆت قوزۇققا باغلاندى.

قىزىق قۇياشنىڭ ئاستىدا تاشلاپ قويۇلدى.

ئۈستىگە ئېغىر قىيا تاشلىرى قويۇلدى.

ئىماندىن قايتىشى ئۈچۈن مۆھلەت بېرىلدى.

ئۇ ئاخىرقى سۆزىنى قۇرئاننىڭ شاھىدلىقى بىلەن دېدى ۋە الله دەرگاھىغا كەتتى:

**﴿رەببىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدا، جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلغىن؛ مېنى فىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ ئىشىدىن ساقلىغىن ۋە مېنى زالىملار گورۇھىدىن قۇتقۇزغىن!﴾**

**«ئەرلەردىن كامالەتكە يەتكەنلەر كۆپ بولغان.**
**ئاياللاردىن بولسا، پەقەت مەريەم بىلەن ئاسىيەدۇر»**
**- ھەدىس شەرىپ.**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇشەققەت ئابىدىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## سەۋر، غەيرەت ۋە مۇشەققەت ئادىمى

## مۇسا ئەلەيھىسسالام

ئاللەنىڭ ئەڭ تاللانغان بەندىلىرى بولغان پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا تۆنجى بەش پەيغەمبەردىن (ئۇلۇل ئەزم پەيغەمبەرلىرىدىن) بىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام تېخى تۇغۇلماستىنلا ئۆلتۈرۈلۈشى قارار قىلىنغان تەقدىر بىلەن دۇنياغا كەلدى. ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولۇش ئۈچۈن، قانچىلىغان باللار تۇغۇلار - تۇغۇلماس ئۆلتۈرۈلدى. ئەمما ئۇ ئاللەنىڭ قۇدرىتىنى ۋە پىلانىدىكى بۈيۈكلىكىنى كۆرسەتكەن مۆجىزىلەر بىلەن تۇغۇلدى. ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلارنىڭ قولىدا چوڭ بولدى. مىڭ بىر مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن باسقان يوللارنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەرلىك بىلەن شەرەپلەندۈرۈلدى.

چوڭ تاغۇت بىلەن ھەپىلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن قۇتۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئۇممىتى بىلەن يىللارچە ھەپىلەشتى. بەلكى فىرئەۋندىن تارتمىغىنىنى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى سۆزلىگەن كىشىلەردىن تارتتى. ئەلەملىك ۋە قىيىن بىر ھاياتتا ياشىدى. قولىدىن مۆجىزە ئۈستىگە مۆجىزە مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تاغلار ئورنىدىن قوزغالدى. دېڭىز قۇرىدى. ئوتتۇن جانلىق يىلان بولدى. ھاسىسى ئۇرغان يەردىن سۇ قۇرىدى، يەنە بىر يەردىن سۇ چىقتى. ئەمما خىيانەت ۋە ئىسيانلار ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولدى. كۆپ نېئمەتلەر كۆرگەن، ئەمما ھېچ كۆرمىگەندەك ياشايدىغان بىر مىللەتنىڭ ئىچىدە قالدى.

## ئەۋەتىلىش نۆۋىتىگە كۆرە
# پەيغەمبەرلەر

ئادەم ئەلەيھىسسالام.

شىش ئەلەيھىسسالام.

ئىدرىس ئەلەيھىسسالام.

نۇھ ئەلەيھىسسالام.

ھۇد ئەلەيھىسسالام.

سالىھ ئەلەيھىسسالام.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام.

لۇت ئەلەيھىسسالام.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام.

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام.

ياقۇب ئەلەيھىسسالام.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام.

زۇلكىفىل ئەلەيھىسسالام.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام.

مۇسا ئەلەيھىسسالام.

ھارۇن ئەلەيھىسسالام.

يۇشەئ ئەلەيھىسسالام.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى تالدىيسى

ئىلياس ئەلەيھىسسالام.

ئەليەسە ئەلەيھىسسالام.

ئۇزەير ئەلەيھىسسالام.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام.

يەھيا ئەلەيھىسسالام.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.

(ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە اللهنىڭ سالامى بولسۇن).

## ئۇلۇل ئەزم پەيغەمبەرلەر (ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر)

1 – نۇھ ئەلەيھىسسالام.

2 – ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام.

3 – مۇسا ئەلەيھىسسالام.

4 – ئىيسا ئەلەيھىسسالام.

5 – مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.

تارىخنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئۇ بولدى. ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن رەببىنىڭ رىزاسىغا ئېرىشتى. ياقتۇرۇلدى. غەيرىتى ۋە ھاياجىنى قۇرئاندا تىلغا ئېلىندى. ئونلارچە ئايەت ئۇنىڭ ھەققىدە سۆز قىلدى. دەۋاسى ئۆزىدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋاسى بولۇپ داۋام قىلدى. مەزلۇملار فىرئەۋنزىمگە قارشى ئۇنى ئۆزلىرىگە سىمۋول قىلىشتى. فىرئەۋن بېشىنى ئۇزاتقان ھەر يەردە بىر مۇسا ئىزدەلدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق تەۋھىد بىلەن شەرەپلەنگەن مىسىردا فىرئەۋنلەر شىددەتلىك زۇلۇم ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. مىسىردا ياشايدىغان ئىككى خەلقتىن بىرى بولغان بەنى ئىسرائىلنى يەرلىكلەر بولغان قىبتىلارغا خىزمەت قىلدۇراتتى. بىرى ئىشلەيتتى، يەنە بىرى ئېزىلەتتى. بىرى يەيتتى، يەنە بىر

قارايتتى. زۇلۇم كۈندىن – كۈنگە كۈچەيدى. فىرئەۋن غادايغانچە غادايدى. شۇ قەدەر بولدىكى، چوڭ بولۇپ، سەلتەنەتكە زەرەر بېرەرمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن، تۇغۇلغان ھەربىر ئوغۇل بالىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى بۇيرۇق قىلدى ۋە توختىماي ئۆلتۈردى. ئاخىرىدا كەلگۈسى يىللاردا ئىشلىتىلىدىغان ئىشچى قالماسلىق ئەندىشىسى بىلەن قەتلىئامنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتتى. بىر يىل تۇغۇلغان پۈتۈن ئوغۇل بوۋاقلار ئۆلتۈرۈلەتتى، يەنە بىر يىل تۇغۇلغانلار ياشايتتى.

فىرئەۋن ئۇنى ئىزدەيتتى. ئۇ تۇغۇلدى.

ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپ، بالىسى بار ئايال ئىزدەپ يۈرگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام فىرئەۋننىڭ سارىيىغا يەرلەشتۈرۈلدى ۋە مۆجىزىلەر سىلسىلىسى باشلاندى.

**1** مۇسا ئەلەيھىسسالام دۆلەت چەكلىمىسى ۋە ئىنتايىن قاتتىق تەكشۈرۈشلەر بولغان بولسىمۇ، اللهنىڭ ئىزنى بىلەن تۇغۇلدى. ئانىسى يۈرەك پارىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. قورققان ھالدا ئۇنى ئەمدۈردى. الله تائالا ئۇنىڭ قەلبىگە بوۋاقنى يۆگەككە يۆگەپ، بىر ساندۇق ئىچىگە قويۇپ، نىل دەرياسىغا تاشلىشىنى ئىلھام قىلدى ۋە ئۇ شۇنداق قىلدى. ساندۇقنى دەرياغا قويۇۋەتكەندىن كېيىن، مۇسانىڭ ھاممىسىغا ساندۇقنى دەريا بويىنى بويلاپ ئىز قوغلاپ مېڭىشقا بۇيرىدى. بۇ ساندۇق ئېقىپ – ئېقىپ فىرئەۋننىڭ قەسرىنىڭ ئالدىدا توختىدى. خىزمەتچىلەر ساندۇقنى ئېلىپ قەسىرگە ئېلىپ كىرىشتى. فىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە ساندۇقتىكى بوۋاققا بىرلا قاراپ، خۇددى ئاشىق بولۇپ قالغاندەك ياخشى كۆرۈپلا قالدى. يەنە كېلىپ يىللاردىن بۇيان ھېچ پەرزەنتلىك بولالمىغان ئىدى. فىرئەۋن دەسلەپ بوۋاقنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، ئەمما ئاسىيە قەسىردە بېقىلىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قوبۇل قىلدى.
**پوپاك دادىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوتنى سالقىن ۋە سالامەت قىلغان الله، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى دەريانىڭ سۇلىرى ئارىسىدا سالامەتلىككە ئېرىشتۈردى.**

فىرئەۋن سىرتتا ئىزدەپ يۈرگەن بالا ئۇنىڭ قەسىرىگە كىرگەن ئىدى. فىرئەۋننىڭ قورقىنى سارىيىغا كەلدى.

مۇسا قورسىقى ئېچىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئېمىتكۈچى ئاياللارنىڭ ئەمچەكلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ ئەمدى ساراي بالىسى ئىدى ۋە يىغلىماسلىقى كېرەك ئىدى. مۇسانىڭ ھەدىسى خۇددى ناتونۇش كىشىلەردەك كېلىپ، ساراي خىزمەتچىلىرىگە بىر ئايالنى تونۇيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ بوۋاقنى ئېمىتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار سىناپ بېقىش ئۈچۈن بوۋاقنى ئۇنى تۇغقان ئانىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىشتى. ئۇ ئەمچەكنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىشى ئۈچۈن بالا ئۇنىڭغا بېرىلدى.

***ئۇ تۇغقان بالىسىنى ئېمىتىۋاتقاندا، ئىشىكى ئالدىدا قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر ساقلايتتى. يان قوشنىسىدا بولسا، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق بارمۇ؟ دەپ ئاقتۇرۇلاتتى.***

مۇسا چوڭ بولدى، بالاغەتكە يەتتى. قىرانلىق دەۋرىگە كەلدى.

بىر كۈنى چۈشتە مۇسا سارايدىن سىرتقا چىقتى ۋە مۇشتلىشىۋاتقان ئىككى

**ھەرگىزمۇ بىكاردىن - بىكار ئەمەس!**

ئاسىيە يىللارچە پەرزەنتلىك بولالمىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە پەرزەنت ھەسرىتى بار ئىدى. بۇ سەۋەبتىن بوۋاقنى كۆرە — كۆرمەيلا ئۇنىڭغا مايىل بولدى. مۇمكىن بولمايدىغاندەك بىر ئىشنى تەكلىپ قىلدى. بەنى ئىسرائىلدىن بىرىگە ئائىت بولغانلىقى ۋە ئۆلتۈرۈلمىسۇن دەپ دەرياغا تاشلانغانلىقى ئېنىق بولغان بىر بوۋاقنى، ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقىنى بەرگەن سارايغا، شۇ سارايدا بېقىلىپ، چوڭ قىلىنىشى ئۈچۈن ئالدۇردى. بۇ نېمىدېگەن بۈيۈك ھېكمەت — ھە!

مۇسانىڭ قورسىقى ئاچ ئىدى. ئاغزىغا قويۇلغان تۈنجى ئەمچەكتىن ئېمىشى كېرەك ئىدى. ئەمما اللە ئۇنىڭ ئانىسىغا: "ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمىز" دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدى. ھەرقانداق ئەمچەكتىن سۈت ئەممىدى. ئۇنى مەجبۇرى ئانىسىغا تاپشۇردى. بۇنىڭ بىلەن اللەنىڭ سۆزىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى. يەنە كېلىپ زالىم بىر مەدەنىيەتنى يوق قىلىش ئۈچۈن اللە نامىدا جىھادقا كىرىدىغان مۇسانىڭ ئاغزىغا كىرگەن تۈنجى غىزاسى، زالىم سارايدىن ئەمەس، ئانىسىنىڭ پاك ۋە ھالال سۈتىدىن بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ نېمىدېگەن بۈيۈك ھېكمەت — ھە!

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئادەمنــى كۆردى. ئۇلارنــڭ بىرى ئۆز قەبىلىســدىن، يەنە بىرى بولســا قىبتىلاردىن ئىدى. بەنى ئىســرائىلدىن بولغان كىشــى مۇســادىن ياردەم تەلەپ قىلدى. شــۇنىڭ بىلەن مۇســا يەنە بىرىنى قولــى بىلەن بىر چەتكە ئىتتىرىۋەتمەكچى بولدى، ئەمما قولى قاتتىقراق تېگىپ كېتىپ ئۆلۈپ قالدى.

ئەتىسى يەنە بىر جېدەل – ماجىراغا شاھىت بولدى. تۈنۈگۈنكى ئادەم بۈگۈن يەنە بىر قىبتى بىلەن مۇشتلىشــۋاتاتتى. مۇسا ئۇنىڭغا قىلغان ئىشلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شــۇنىڭ بىلەن ئۆز قەبىلىسدىن بولغان كىشى ئۇنى پاش قىلىپ، تۈنۈگۈنكى ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنىڭ بىلەن تۈنۈگۈنكى جىنايەتنى ئىشلىگەن كىشىنىڭ مۇسا ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى.

ئەمدى مۇســانىڭ ســارايغا قايتىشى، ھەتتا شــەھەردە قېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشــقا تەييارلىق قىلىشــقىمۇ پۇرســەت تاپالماستىن شــەھەردىن قاچتى ۋە مەدىيەنگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ تۇنجى قېتىم چۆل سەپىرگە چىققان ئىدى ۋە قەيەرگە بارىدىغانلىقىنىمۇ ھېچ بىلمەيتتى.

**ھەرگىزمۇ بىكارىدىن - بىكار ئەمەس!**

مۇسانىڭ سارايغا كىرىشى ئىككى سەۋەبتىن ئىدى.

**بىرىنچىســى:** اللّٰه زالىم ھۆكۈمرانغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرگە دەرس بېرىشــنى ئىرادە قىلدى. شــۇنىڭ بىلەن ئــۆز قاتىلىنى ئۇنىڭغا باققۇزۇپ، چوڭ قىلغۇزدى.

**ئىككىنچىســى:** مۇسا ئۆزى ئۆرۈپ تاشلايدىغان مەدەنىيەتنى ئىچىدىن تونۇشــى كېرەك ئىدى. ياشلىق مەزگىللىرىنى سارايدا ئۆتكۈزۈپ، بۇ باسقۇچنى تاماملىدى. ئۇ ئۇچرىغان ۋە ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشــقان ۋەقە ئۇنىڭ يولغا چىقىشــنى تەقەززا قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن شــەرەپلەندۈرۈلىدىغان يەرلەرگە بېرىشتا ئارقىسىغىمۇ قارىماســتىن ماڭالىشىنى تەمىن قىلغان ئىدى. بۇ نېمىدېگەن بۈيۈك ھېكمەت – ھە!

www.uyghurkitap.com

**2** قيىن سەپەردىن كېيىن مەدىيەنگە يېتىپ باردى. ھېرىپ چارچاپ كەتكەنىدى. بىر چەتتە ئارام ئېلىپ تۇرغاندا، ئۇلاقلىرىنى سۇغۇرۇشتا قىينالغان ئىككى قىزنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ياردەم قىلدى. قىزلارنىڭ دادىسى بۇ ئىنسانى ياردەمنىڭ بەدىلىگە قىزلىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭغا تويلاپ قويۇشنى تەكلىپ قىلدى.

ئەمما ئۇنىڭ تەكلىپى بىر ئاز ئەجەبلىنەرلىك ئىدى. سەككىز ۋە ياكى ئون يىل ئۇنىڭ يېنىدا پادىچىلىق قىلىشقا ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ شەرتنى قوبۇل قىلدى.

شۇنداق قىلىپ مەدىيەنلىك ياشانغان كىشىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدى ۋە مەدىيەندە 10 يىل يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە ئاساسەن تۇرۇپ قالدى. ئون يىل ئاخىرىدا مىسىرغا قايتىشنى قارار قىلدى ۋە ھامىلدار ئايالى بىلەن يولغا چىقتى.

**ھەرگىزمۇ بىكاردىن - بىكار ئەمەس!**

مەدىيەندە ئۆتكەن 10 يىل، سارايدا ئۆتكەن يىللارغا ئوخشىمايتتى. بىرى ئاق، يەنە بىرى قارىغا ئوخشاش روشەن پەرق بولغان ئىككى خىل ھاياتنى ئارقا – ئارقىدىن ياشىدى. پەيغەمبەرلىكتىن ئوخشاش ئۇلۇغ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىشتىن بۇرۇن ھاياتنىڭ پەرقلىق تەرەپلىرىنى، پادىچىلىقنى، يالغۇزلۇقنى، مۇھەببەتنى، ۋاپانى، ئىشچى بولۇشنى، ئۆزى پىشۇرۇپ يېيىشنى تېتىشى كېرەك ئىدى. بۈيۈك ئىنسانلار قىينىچىلىقنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى كۆرۈشى لازىم ئىدى. سارايىنمۇ بىلگەن، ئەمما سارايدىن چىقمىغان بىر پەيغەمبەر پەرقلىقتۇر. بۆشۈكتە بوۋاق ۋاقتىدا نىل دەرياسىغا قويۇپ بېرىلگەن بوۋاق، مەدىيەندە قىينىچىلىقتا ئون يىل ياشاپ، ئۇ ئېغىر ۋەزىپىلەرگە تەييارلاندى. ئاللاھنىڭ تەقدىرى ئۆنى ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت كۆزىتىپ تۇراتتى. نىل سۇلىرىدىن سارايغا، سارايدىن قاچقۇنلۇققا، ئۇ يەردىن پادىچىلىققا... نېمىدېگەن بۈيۈك ھېكمەت- ھە!

**3** مىسىرغا قايتىش يولىدا كېچە قاراڭغۇلۇقى ۋە يامغۇرلۇق بىر كېچىدە يولىدىن ئېزىپ قالدى. ئالدى تەرىپىدە كۆرگەن بىر ئوتنىڭ ئەتراپىدا بىرەر ئادەم تاپالارمەن دەپ ئويلاپ، ئۇ ئوت تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئوتنىڭ يېنىغا بارغاندا بولسا چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى اللە تائالا ئۇنىڭغا خىتاب قىلغان ئىدى. ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ۋەزىپىلەندۈرگەنلىكىنى بىلدۈردى. اللە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قولىدىكى ھاسىنى يەرگە تاشلاشنى بۇيرىدى. ھاسا يىلانغا ئۆزگەردى. قورقتى. قورقماسلىقنى بۇيرىدى. يىلاننى تۇتۇشى بىلەنلا قايتا ھاسىغا ئايلاندى. ئوڭ قولىنى قولتۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىشنى بۇيرىدى. قولى ئاپئاق بولۇپ چىقتى. بۇ ئىككى مۆجىزىدىن كېيىن، فىرئەۋننى ئىمانغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن مىسىرغا مېڭىشنى بۇيرىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قېرىندىشى ھارۇننى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ بېرىشنى تىلىدى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا ئۇنىمۇ ۋەزىپىلەندۈردى.

مىسىرغا بېرىپلا فىرئەۋننىڭ سارىيىغا كىردى ۋە ئۇنى اللەقا دەۋەت قىلدى. فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى پۈتۈن تەكەببۇرلارغا ئوخشاش ئۇنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىقىشتى. تەھدىت سېلىشتى. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر دەلىل كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇ ھاسىسىنى يەرگە تاشلىدى. ھاسا ئىنتايىن بۈيۈك بىر يىلانغا ئايلاندى. بۇنى كۆرگەن سارايدىكىلەر ھەيرانلىقتا چۆمۈشتى. فىرئەۋن سېھىرگەرلىرىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى مەغلۇب قىلىدىغان يول تېپىشنى تەلەپ قىلدى.

سېھىرگەرلەر مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خەلقنىڭ ئالدىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈشكە كېلىشتى. ۋاقىت كېلىپ، سېھىرگەرلەر سېھىر قىلىپ تاشلىغان نەرسىلىرىنىڭ ئەجدىھاغا ئايلانغانلىقىنى كىشىلەرگە كۆرسەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى يەرگە تاشلىدى. ھاسا ئۇ ئەجدىھالارنى يۇتۇپ تاشلىدى. بۇ ئىش سېھىرگەرلەرنىڭ ھەقىقەتنى كۆرۈشكە ۋەسىلە بولدى ۋە شۇ يەردىلا ئىمان ئېيتىشتى. ئۇلارنىڭ ئىمانى فىرئەۋننى قاتتىق غەزەپكە تولدۇردى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەھشىي شەكىلدە ئۆلتۈرۈلۈشنى بۇيرىدى.

**ھەرگىزمۇ بىكاردىن - بىكار ئەمەس!**

ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىرمۇبىر ئەمەلگە ئېشىشقا داۋام قىلىۋاتىدۇ. فىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قايتۇرىدىغان ئىنكاسىنى ئاللاھ ئەلۋەتتە بىلەتتى. ئەمما ئۆمرىنى فىرئەۋنگە خوشامەتچىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن سېھرگەرلەر گۇرۇپپىسى، بۇ ۋەقە سەۋەبلىك ئىمان بىلەن شەرەپلەندى ۋە مۇبارەك شېھىدلەر بولۇپ ئۆلۈشتى. بۇ يەردە غەلىبە قىلغان ئىمان دەۋاسى بولدى. ئۇلارنىڭ ئىسلامدا تېخى بىر سائەتلىك ئۆتمۈشى بولماسلىقىغا قارىماستىن، ئىمانلىرى ھەقىقىي ئىمان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈم ئۇلارنى قورقۇتالمىدى. «سەن بىزنى ئۆلتۈرسەڭ، بۇ ھايات قانچە كۈنلۈك ھاياتكى؟» دەپ فىرئەۋنگە ھەقىقىي مۇئمىن يىگىتنىڭ دەرسىنى بېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن فىرئەۋن بىر شەخس سۈپىتىدە ھوقۇقتا قالدى؛ ئەمما سىستېما جەھەتتىن يېڭىلدى. ئىمان دەۋاسى يەنە بىر قەدەم ئالدىغا چىقتى. نېمىدېگەن بۈيۈك ھېكمەت – ھە!

## ھامان ئەپەندى/ قارۇن ئاغا

بۇلار قۇرئان كەرىمدە فىرئەۋن بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئىسىمدۇر. ھامان فىرئەۋننىڭ دۆلەت باشقۇرغۇچىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق كىشىدۇر؛ يەنى ئۇ سۆزلىرىدە بىز داۋاملىق ئاڭلاپ كېلىۋاتقان ھېلىقى سىياسەتچىلەرنىڭ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان: «شۇنداق ئەپەندىم، مۇناسىپ، ياخشى ئېيتتىڭىز، بەك ياخشى بوپتۇ» دەيدىغان كىشىلەردىندۇر.

قارۇن بولسا، بايلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان ۋە بۇ بايلىقنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك قىلىشتا ئىشلەتكەن كىشىدۇر. قارۇن بۈيۈك ئېھتىمالدا فىرئەۋن تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ، ياردەم قىلىنغان بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن بولغان بىرىدۇر. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن ھەر ئىككىلىسى تارىخ ئەخلەتلىرىگە كۆمۈلۈپ كېتىشتى. بىر زالىمنىڭ يېنىدا ئورۇن ئالغانلىقلىرى ئۈچۈن قۇرئانغا ئوخشاش ئۇلۇغ كىتابتا ئۇ زالىملار بىلەن باراۋەر مەڭگۈلۈك لەنەتكە لايىق بولغان كىشىلەر سۈپىتىدە ئەسلەنمەكتە.

4 سېھرگەرلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن كېيىن، فىرئەۋن بېسىمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئوغۇللار ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاياللار تۇغماس قىلىناتتى. قىيىن – قىستاق، زۇلۇملارنىڭ بىرى تۈگىسە، يەنە بىرى باشلىناتتى. فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بولسا اللهنىڭ ئازابىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بالا – قازالارغا مۇبتىلا بولۇشتى. قۇرغاقچىلىق بولدى. قەھەتچىلىك باش كۆتۈردى. ئەمما ئۇلار ئويغانمىدى. بەنى ئىسرائىل قەۋمگە زۇلۇم قىلىشنى داۋام قىلىشتى. تۇپان، چېكەتكە، ھاشارەت، پاقا، قان قاتارلىق ئازابلار كەلدى. ئەمما بۇلار ئۇلارنىڭ بويۇنتاۋلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. يەنە كېلىپ باشلىرىغا كەلگەن بۇ بالا – قازالارنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇملىقىدىن كۆرۈشتى.

فىرئەۋنىنىڭ ئائىلىسىدىن بىر مۇئمىنىنىڭ كۆرسەتكەن ئالاھىدە غەيرىتىمۇ ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتىن چىقىرالمىدى. زۇلۇملار كۈچەيدى. تەكەببۇرلۇق چوقىيدى. فىرئەۋن ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بولسا كەمبەغەل بىر يالاڭتۆش دەپ تونۇشتۇردى.

الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بەنى ئىسرائىل قەۋمنى ئېلىپ مىسىرنى تەرك ئېتىشنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر كېچە ئوپچە شەكىلدە قىزىل دېڭىزغا قاراپ ھەرىكەت قىلدى. فىرئەۋن چوڭ بىر قوشۇن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە قەۋمى دېڭىز ساھىلىغا بارغانلىرىدا فىرئەۋنمۇ يېتىشىۋالدى. ئالدىلىرىدا دېڭىز، ئارقىلىرىدا قوشۇن... بەنى ئىسرائىل قەۋمى قورقۇشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تەسەللى بەردى ۋە رەببىنىڭ ئۆزىگە يول كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دەل شۇ چاغدا الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھاسىسىنى دېڭىزغا ئۇرۇشنى بۇيرىدى. قىزىل دېڭىز 12 يول ھالىغا كەلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمى قارشى تەرەپكە ئۆتۈشتى. فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى بۇ بۈيۈك مۆجىزىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئەمما ئۇلار كاللىسىنى سىلكىۋېتىپ، ئەقلىنى ئىشلىتىپ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنىغا، قارشى تەرەپكە ئۆتكەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىغا چۈشتى. فىرئەۋن ۋە ئادەملىرى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، دېڭىز بۇرۇنقى ھالىغا كېلىپ قالدى ۋە

www.uyghurkitap.com

ھەممىسى بۇغۇلۇپ ھالاك بولۇشتى. فىرئەۋن ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىمان ئېيتماقچــى بولدى. ئەمما ئېيتالمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىنســانىيەتنىڭ ئەڭ ئازغۇن تاغۇتلىرىدىن بىرى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى يوق بولدى. ئەمما، فىرئەۋننىڭ جەسىتىنى اللە بۈگۈنگە قەدەر پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئىبرەت قىلىپ ساقلىدى.

مۇســا ئەلەيھىســـسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ھەم دېڭىزنىڭ ئۇلارغا يول بولۇش مۆجىزىسىنى كۆرۈشــتى، ھەمدە ئۆزلىرىگە يىللارچە زۇلۇم قىلغان فىرئەۋن ۋە قوشۇنىنىڭ سۇلارغا غەرق بولغانلىقىنى تاماشا قىلىشتى.

### ھەرگىزمۇ بىكاردىن - بىكار ئەمەس!

فىرئەۋن بۇيۇك بىر مۆجىزە كۆرۈپ تۇرۇپ، نېمىشقا جاھىللىقتىن ۋاز كەچمىدى؟ ۋەياكى ئۇنىڭ قوشۇندىكىلەر نېمىشقا ئەقلىنى ئىشلەتمىدى؟

چۈنكى فىرئــەۋن بىلمىگەنلىكىدىن ئەمــەس، بويۇنتاۋلىقىدىن ئازغان، ئىلاھلىق دەۋاســى قىلغان ئىدى. تەكەببۇر بىرى بولۇپ ياشــىغانلىقى ئۈچۈن، **قانداق ياشــىغان بولســا شــۇنداق ئۆلۈشــى كېرەك ئىدى.** ئــۇ قارايتتى؛ ئەممــا كۆرەلمەيتتى. كۆزلىرى ئوچــۇق، قەلبــى قولۇپلاقلىق ئــىدى. ئەتراپىدىكىلەر بولســا، پاســىق گۇرۇھ بولغانلىقى ئۈچۈن ئالــلاھ تائالا ئۇلارنىڭ بەسىرەتلىرىنى (ئەقىل كۆزلىرىنى) تاقىۋەتكەن ئىدى. بىر كىچىك بالا چېغىــدا كۆرەلەيدىغان ئوپئوچۇق ئىشــلارنى كۆرەلمەيتتى، ھېس قىلالمايتتى.

قارىغۇلارچە ئىتائــەت قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، قارىغۇلارچە ھالاك بولۇپ كېتىشــتى. ئۆز ۋاقتىدا ئىشــلىتىلمىگەن ئەقىللەر قىيىن ئەھۋالدا ئىشقا يارىمايدۇ. نېمىدېگەن بۈيۈك ھېكمەت – ھە!

5 مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قارشى تەرەپكە ئۆتۈشى ۋە فىرئەۋننىڭ بوغۇلۇپ يوق بولۇشى بىلەن بىر دەۋر ئاخىرلاشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا يېڭى بىر باسقۇچ باشلاندى. بۇ باسقۇچ ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈللۈك بولمىدى. فىرئەۋن ھاكىمىيىتىدىن تارتقانلىرىدىن، مەدىيەندە بېشىغا كەلگەنلەردىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە مۇشەققەتلەرنى ئۆزىگە ئىمان ئېيتقان بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن كۆردى. خىلمۇخىل مۆجىزىلەرنى كۆرگەن، اللهنىڭ ئالاھىدە نېئمەتلىرىدىن بەھرىمان بولغان كىشىلەر بولۇشلىرىغا قارىماستىن، ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ئەزىيەت ئۈستىگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتى. ئۇلار قىلمىشلىرى سەۋەبلىك خىلمۇخىل ئازابلارنى دۇنيا ھاياتىدىلا تېتىشتى. لەنەتكە ئۇچراشتى. قىيىنچىلىقلار ئىچىدە قېلىشتى. ئەمما ھېچ نەرسە ئۆزگەرمىدى. بىر ئادەتتىكى دوستىقىمۇ سۆزلىگىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى ئېغىر سۆزلەرنى بۇيۈك بىر پەيغەمبەرگە سۆزلەشتىن ھايا قىلىشمىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنى، ئۆزلىرىنى فىرئەۋننىڭ تىللارغا داستان بولغان ئەشەددىي زۇلۇمىدىن قۇتقۇزغان بىرى ئەمەس، خۇددى ئۇلارنى چوڭ بىر بالاغا تىقىپ قويغان كىشىدەك كۆرۈشتى. جانابى الله ئۇلارنىڭ قاتتىق سۆزلىرىنى ۋە پەسكەش مۇئامىلىلىرىنى، ئەخلاقسىز رەددىيەلىرىنى قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئىبرەت بولسۇن دەپ ئەبەدىيلەشتۈردى.

بەنى ئىسرائىل قەۋمى پەلەستىن تەرەپكە كەلگەندىن كېيىن، بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر گۇرۇپ كىشىلەرنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىگە بىر بۇت بەلگىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى. قىزىل دېڭىزنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق يول بولۇپ بەرگەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن كىشىلەر تۇرۇقلۇق، تېخى ئۇ مۆجىزىنى كۆرگىلى ئىككى كۈن ئۆتە – ئۆتمەيلا بۇتقا چوقۇنۇشنى ئويلىيالىدى.

ئەسلىدە، فىرئەۋندىن قۇتۇلغان بۇ ئىنسانلار ئەمدى اللهنىڭ دىنىنى يەر يۈزىدە ھاكىم قىلىش ئۈچۈن مۇجادىلىگە ئاتلىنىشى كېرەك ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يەھۇدىيلىق دېگەن نېمە؟ بەنى ئىسرائىل كىم؟

«يەھۇدىيلىق» سەماۋى دىنلاردىن بىرىنىڭ ئىسمىدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىسھاق ئەلەيھىسسالامغا تۇتۇشىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ دىنىنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىندۇر. تەۋرات ۋە زەبۇر يەھۇدىيلارغا نازىل بولغان ئىككى كىتابتۇر.

«بەنى ئىسرائىل» بولسا، ياقۇبنىڭ ئوغۇللىرى دېگەن مەنىدە. چۈنكى «ئىسرائىل» ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ئىسمىدۇر. شۇڭلاشقا، بەنى ئىسرائىل دېگىنىمىزدە، ياقۇب ئوغۇللىرى دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ نەسەبتىندۇر.

**6** الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تۇر تېغىغا چىقاردى. ئۇ قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى قەۋمىنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ ماڭدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قىرىق كۈن تەييارلىق قىلىپ رەببىنىڭ ۋەھيىسىنى ئېلىش ئۈچۈن كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭغا تەۋراتنىڭ ئايەتلىرى بېرىلدى. تاغدىن چۈشكىنىدە قەۋمىدە ئەقىل ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان دەرىجىدە ئۆزگۈرۈشلەر بولغان ئىدى. ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا قارىماستىن سامىرى ئىسىملىك بىرى ئۇلارغا لايدىن بىر موزاي ياسىغان بولۇپ، بەنى ئىسرائىل قەۋمگە ئۇ موزاينىڭ رەببىلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئىشەندۈرگەن ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتەنلا موزايغا چوقۇنۇۋاتقان ئىدى. خۇددى ئاجايىپ مۆجىزىلەرگە شاھىت بولغان، اللهنىڭ نېئمەتلىرىنى كۆرگەن ئىنسانلار كېتىپ، ئورنىغا ئىنسان كۆرمىگەن ياۋايىلار كەپ قالغاندەك.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىدىن قىرىق كۈن يىراق قالدى، قىرىق يىللىق ئەمگىكى بېكارغا چىقتى.

سامىرىنىڭ بۇتىنى چېقىپ تاشلىدى. قېرىندىشىغا قاتتىق تەگدى.

ئەمدى بەنى ئىسرائىل گەپ ئاڭلاپ قالار دېيىلىۋاتقان بىر پەيتتە، دەل ئەكسىچە تەۋراتنىڭ ئايەتلىرىنى تەتبىقلاشقا يېقىنلاشماستىن، قۇرۇق باھانىلەر ئويدۇرۇشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا تۇر تېغىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تىكلىدى. ئۇلار بۇلۇتقا ئوخشاش ئۈستىلىرىگە كەلگەن تاغنى كۆرۈپ تۆۋبە قىلىشتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىدىن ئەڭ ياخشى دەپ قارىغان 70 كىشىنى تاللاپ، اللەتىن ۋەھيي ئالىدىغان يەرگە ئېلىپ باردى. تاغقا يېقىنلاشقانلىرىدا، الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلەشتى. ئۇلار بۇ سۆزلىشىشنى ئۆز قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلاپ، تېخىمۇ بۈيۈك بىر مۆجىزىگە شاھىت بولۇشقان ئىدى. ئەمما تولىمۇ ئەپسۇسكى، تاشتەك قېتىپ كەتكەن قەلبلىرى ئۇلارنىڭ ئەپتبەشرىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاچتى. ئۇلار نومۇس قىلماستىن؛ «اللەنى ئاڭلىغانلىقىمىز يەتمەيدۇ، ئۇنى كۆرۈشىمىز كېرەك» دېيىشتى.

﴿وَاخْتَارَ مُوسَى قَوْمَهُ سَبْعِينَ رَجُلاً لِّمِيقَاتِنَا فَلَمَّا أَخَذَتْهُمُ الرَّجْفَةُ قَالَ رَبِّ لَوْ شِئْتَ أَهْلَكْتَهُم مِّن قَبْلُ وَإِيَّايَ أَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ السُّفَهَاء مِنَّا إِنْ هِيَ إِلاَّ فِتْنَتُكَ تُضِلُّ بِهَا مَن تَشَاء وَتَهْدِي مَن تَشَاء أَنتَ وَلِيُّنَا فَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا وَأَنتَ خَيْرُ الْغَافِرِينَ﴾ **﴿مۇسا بىز بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا كېلىش ئۈچۈن ئۆز قەۋمىدىن 70 كىشىنى تاللىدى. ئۇلارغا زىلزىلە يۈزلەنگەندە مۇسا:«پەرۋەردىگارىم! خالىغان بولساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن بۇ پەقەت سېنىڭ سىنىقىڭدۇر شۇ ئارقىلىق خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرىسەن خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن بىزگە مەغپىرەت قىلغىن رەھىم قىلغىن سەن ئەڭ ياخشى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن﴾.** سۈرە ئەئراف، 155 – ئايەت.

الله ئۇلارنى شۇ ھامان ھالاك قىلدى.

مۇسا ئەلەيھسسالام اللهقا يالۋۇرۇپ، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشنى تىلىدى. الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى يېڭىدىن تىرىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن بەنى ئىسرائىل قەۋمى يەنە بىر مۆجىزە كۆرگەن بولدى.

مۇسا ئەلەيھسسالام قەۋمى بىلەن سىنا چۆلىدە كېتىۋاتقاندا، قورساقلىرى ئېچىشتى ۋە الله تائالا ئۇلارغا تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۇنىنى چۈشۈرۈپ بەردى.

### ھەرگىزمۇ بىكاردىن - بىكار ئەمەس!

بەنى ئىسرائىل قەۋمى شۇنچە زۇلۇملارنى كۆرۈشتى. يىللارچە قېقىندى – سوقۇندى بولۇپ، ئۇچىنچى سىنىپ ئىنسان مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ كۆرمىگىنى قالمىدى. ئوغۇل – قىزلىرى بىلەن خالىغانچە ئوينالدى. نەسىللىرى يوق قىلىنماقچى بولدى. ئۇلار مۇشۇ ھالەتتە چارىسىز كۈتۈۋاتاتتى. نە قاچالمايتتى، نە تۈزۈكرەك ياشىيالمايتتى. قىسقىسى، ئۆلۈمگىمۇ رازى بولۇشقاندى. ئۇلار ھېچ كۈتمىگەن ۋە ئويلاپمۇ باقمىغان بىر شەكىلدە الله ئۇلارنى مۇسا ئەلەيھسسالام ئارقىلىق قۇتقۇزدى.

ھەمدە قانداق قۇتقۇزۇش!

ئۇلارغا زۇلۇم قىلغان بىر مەدەنىيەتنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا سۇغا غەرق قىلدى. مۆجىزە ئۈستىگە مۆجىزە كۆرۈشتى. سۇسىز قالغانلىرىدا، پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھاسىسىنى يەرگە ئۇرۇشى بىلەن يەردىن 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. قانغۇچە ئىچىشتى. ئاچ قالغانلىرىدا، ئاللاھ ئاسماندىن ھالۋا ۋە قۇش گۆشلىرىنى چۈشۈرۈپ بەردى. ھۇزۇرلىنىپ يەپ تويۇشتى. ئۆلۈۋاتقان ئىدى، تىرىلىشتى. ئۈمىدلىرى تۈگىگەن ئىدى، قايتا ئۈمىدكە تولدى. ئىنسان ئورنىدا كۆرۈلمەيتتى، ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىندى.

ئىش جىددىي بولۇشقا باشلىشى بىلەن، بوشۇشۇپ قالدى، كۆرەڭلەشتى.

ياكى بولمىسا ئىنسانىيەت مۇشۇنداقمۇ؟ ئۇلار ئىنسان ئەمەسمىدى؟

ياق، ئۇلار ئىنسان ئىدى.

ئەمما ياقتۇرمىغان بولسىمۇ ھەم، ئۆزلىرى ياشىغان تۇزۇمنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇلارنىڭ قېنىنى شۈمۈرگەن ۋە يوق قىلماقچى بولغان بىر تۈزۈم بولغان بولسىمۇ، فىرئەۋننىڭ تۈزۈمى ئۇلارنىڭ ئىچ - ئىچىگە سىڭىپ كەتكەنىدى. ياقتۇرۇشمايتتى؛ ئەمما ئۇ تۈزۈم بېكىتكەن قىممەت قاراشلار بىلەن ياشايتتى.

فىرئەۋننىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇلارغا سىڭدۈرگەن پىكىرلىرىنى بۇيۇك مۆجىزىلەرمۇ يوق قىلالمىدى. شەخسىيىتى نىمە بىلەن تەرەققىي قىلغان بولسا، شۇ شەكىلدە داۋام قىلماقتا. بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، كۆپرى دىيارىدىن ھىجرەت قىلىش بۇ سەۋەبتىن بۇيرۇلغاندۇر.

بىر جەمئىيەتتىكى ئادەتتە كۆرۈلگەن بىر مۇنچە سۆزلەر، ئىش - ھەرىكەتلەر، ھەتتا ئادەتتىكى سالاملىشىش شەكلى چاغلىق بىر ئىشمۇ، بىر كىشىنىڭ شەخسىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەر چېغىدا ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز قالماقتا.

مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز جامائەتلىرىنى قوغدىشى ۋە ئۆزلىرىگە ئائىت بولمىغان نەرسىلەر بىلەن بولغان پەرقلەرگە دىققەت قىلىشى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئىنتايىن مۇھىم دەرستۇر. نىمىدېگەن بۇيۇك ھېكمەت - ھە!

چۆشۈرۈلگەن نېئمەتلەرنى يەپ، قورساقلىرىنى تويغۇزۇشتى. سۇ تاپالمىغانلىرىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى يەرگە ئۇردى ۋە يەردىن چىققان سۇنى ئىچىشتى.

بۇ بۇيۇك نېئمەتلەردىن كۆنلەرچە يەپ - ئىچىشتى. ئۇلار ھېچبىر ئەمگەك قىلماستىن يەپ - ئىچىشەتتى.

ئۇلار كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۆكۈپ، اللهقا دۇئا قىلىشىنى ۋە ئۆزلىرىگە پىياز، سامساق، تەرخەمەك ۋە يېسىمۇقلارنى ئۆستۈرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

**ھەرگىزمۇ بىكاردىن - بىكار ئەمەس!**

نە مۆجىزە، نە ئەقىل، ھېچبىر نەرسە ئۇلارنى يولغا كىرگۈزەلمىدى.

ئۇلار نېمىگە ئېرىشكەن ئىدى، نېمە تەلەپ قىلىشتى!

سۇبھانەللاھ! مۇشۇ دەرىجىدىمۇ؟ پىشقان ھالۋا ۋە بۆدۈنىگە ئوخشاش قۇش گۆشى ھەركۈنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا مۆجىزە بولۇپ چۈشكەي، ئۇلار بولسا پىياز – سامساق تەلەپ قىلىشقاي!

ئۇلار ياشاپ كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى بۇ بولسا كېرەك.

بىر كۈنلۈك بولسىمۇ باشقىلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىش، ئاز بولسىمۇ مۇرەسسە قىلىشقا يۈزلىنىش كەلگۈسى ئۈچۈن خەتەرلىكتۇر. «ئىنسان» ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. نېمىدېگەن بۈيۈك ھېكمەت – ھە!

# ئىشنى بۇزغان ۋەقە

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نىشانى **بەيتۇلمۇقەددەسكە** بېرىش ۋە ئۇ يەردە دۆلەت قۇرۇش ئىدى. ئەمما ئۇ يەردە ئىلگىرى ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر بار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۇرۇش قىلىنىپ ئۇ يەردىن يىراقلاشتۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ پىكىرنى قەۋمىگە چۈشەندۈردى. كىچىككىنە بىر ئۇرۇش بىلەن بۈيۈك دۆلەتنىڭ ئىگىلىرى بولىدىغانلىقلىرىنى چۈشەندۈردى. شۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ 600 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئەمما ئۇلار قېتىپ قالغان كۆزلەر بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قاراپ تۇرۇپ، شۇ پەسكەش جاۋابنى بېرىشتى:

**«سەن ۋە رەببىڭ بېرىپ ئۇرۇشۇڭلار. بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى».**

بۇ جاۋاب بىلەن سەۋرىنىڭ قاچىسى تاشتى. الله ئۇلارنىڭ ئىسلاھ بولمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدى. نەسىل سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ يوق بولۇپ، يېڭى نەسىلنىڭ كېلىشى كېرەكلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. الله تائالا ئۇلارنى چۆلدە 40 يىل تېڭىرقىغان، يولدىن ئازغان شەكىلدە ياشاشقا بۇيرىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ 40 يىل جەريانىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا يۇشەئ ئىبنى نۇن ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدى.

**بەيتۇلمۇقەددەس**

قۇددۇستىكى مەسجىدنىڭ ئىسمىدۇر. بەيتۇللاھتىن كېيىن يەر يۈزىدە بىنا قىلىنغان ئۇنجى مەسجىدتۇر.

**ھەرگىزمۇ بىكارىدىن - بىكار ئەمەس!**

بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن جاۋابلىرى ئىنسانىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان شەكىلدە ئىدى. ئۆز مەنپەئەتلىرىنىمۇ ئويلىيالمايدىغان دەرىجىدە كىشىلىكلىرىنىڭ يوق بولۇشى، ئۇلار ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتىنىڭ تەسىرىنىڭ تېخى داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ئۇلارنى يوق ھېسابلىدى. بىر چۆلدە سۈرگۈن بولۇپ ياشاشتى. بەيتۇلمۇقەددەسنى فەتھى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇ يەرنى تاپالماي ئۆتۈپ كېتىشتى.

ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ۋە ئۇلار ياشىغان خارلىقنى ياشىمىغان يېڭى نەسىللەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

بۇ ۋەقەدە، بەزى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تۇپراقلىرىدا سۈرگۈن ۋە قۇلغا ئوخشاش ياشاشلىرىنىڭ سىرلىرى ئۈستىدە تەتقىق قىلىنىشقا ئەرزىيدىغان تەپسىلاتلار بار. نېمىدېگەن بۈيۈك ھېكمەت – ھە!

www.uyghurkitap.com




مۇسا ئەلەيھىسسالام سەۋر قىلىنىشى قىيىن بىر ھايات ياشىدى. 120 يېشىدا ۋاپات بولغىنىدا، ئارقىسىدا ئىنتايىن چوڭ تارىخ قالدۇرغان ئىدى. بېسىشقا مەجبۇر بولغان يوللار، اللهنىڭ ئەڭ بۈيۈك دۈشمەنلىرىدىن فىرئەۋن، قارۇن ۋە ئۆز قەۋمى بەنى ئىسرائىل... نېمىلەرنى ياشىمىدى! نېمىلەرنى كۆرمىدى!

بىر جىنايەتنىڭ ئىنىقلىنىشى ئۈچۈن الله تائالا بەنى ئىسرائىلغا بىر كالا بوغۇزلاشنى بۇيرىدى. ئەمما ئۇلار بىر كالىنىمۇ دەرھال بوغۇزلىيالمىدى. مەسخىرە قىلىشتى، ھەرخىل سۆزلەر بىلەن كېچىكتۈرۈشتى. ئۇ بولسا، رەببىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەر نەرسىگە سەۋر قىلدى. ھېچ ۋايسىمىدى. سەۋر دېسە سەۋر، سابات دېسە سابات، غەيرەت دېسە غەيرەت، جىھاد دېسە جىھاد، ئىبادەت دېسە ئىبادەت... ھېچ توختىمىدى. ئارام ئالمىدى. تۇغۇلۇشىدىن ئۆلۈمىگىچە داۋاملىق پەرقلىق ئىمتىھانلار بىلەن سىنالدى. اللهنىڭ سالىھ قۇللىرىدىن بىرى بىلەن بىرگە بولغانلىقى تىللاردا

داستان بولدى. ئۇ بولسا ئىمتىھاندا غەلىبە قىلىش كويىدا ئىدى. بىر ئىنسان نېمىلەرگە چىدىيالايدۇ؟ بۇنى كۆرسەتتى. ئاخىرىدا، ئېرىشلىشى مۇمكىن بولغانىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا ئېرىشتى. ﷲقا ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتى. ﷲ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام **«كەلىمۇللاھ»** بولدى.

قۇللۇق (ﷲقا بەندىچىلىك) داســتانلىرى يازدى. ئۇنىڭ قوللىرىدىن مۆجىزە ئۈســتىگە مۆجىــزە مەيدانغــا كەلدى. شــۇ كۈنگىچىلىك شــەيتانىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئــەڭ چوڭ ســەلتەنىتىدىن بولغان بىــر ئىمپېراتورلۇقنى ئۆرۈپ تاشلىدى. رەببىنىڭ سۆزلىرىنى دۇنيادا تۇرۇپ ئۆز قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىدى. ئۆزىنىــڭ رەببىــى تەرىپىدىن ياخشــى كۆرۈلگەنلىكىنــى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھېچكىم كۆرمىگەن يېقىنلىق ۋە ئىلتىپاتلارنى كۆرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ جۈرئەتتى ئېشىپ؛ **«ئى ﷲ ماڭا جامالىڭنى كۆرسەتكىن»** دېدى. بۈيۈك بىر پەيغەمبەر تۇرۇپ بويىنى پۈكۈلگەن، تىلى ئىستىغفار بىلەن مەشــغۇل، قەلبى تىترىگەن ھالدا ئىبادەتلەر قىلدى. كۆز ياشلىرى تۆكتى. سەكراتتا ياتقان ۋاقتىدا ھەم ئەمەللىرىدىن ۋاز كەچمىدى. ســىنا چۆلدە ئەجــەل كەلگــەن ۋاقتىدا رەببىگــە يالــۋۇرۇپ: «رەببىم! ۋۇجۇدۇمنى بولسىمۇ بەيتۇلمۇقەددەسكە يېقىن بىر يەرگە يۆتكەي» دېدى. ﷲ ئۇنىڭ بۇ تىلىكىنى قوبۇل قىلدى. باشقا يەردە ياشىغان بولسىمۇ، رەببى ئۇنى بەيتۇلمۇقەددەســكە يېقىن بىر يەرگە يۆتكىدى. جاپا – مۇشــەققەت ئادىمى، ﷲ رەسۇللىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ بەش نەپىرىدىن بىرى، پەيغەمبەرلەر ئارىســدا تۇنجى قېتىم سىياســەت بىلەن پەيغەمبەرلىكنى بىرلەشتۈرگەن مۇســا ئەلەيھىســالام قۇرئاننىڭ 30 دىن كۆپرەك سۈرىســگە ئىسمىنى يازدۇرۇپ كەتتى. ﷲنىڭ سالامى ئۇنىڭغا بولسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئالىم ئابىد زاھىد

تابىئىنلار نەسلىنىڭ بۈيۈكلىرىدىن بولغان **ھەسەن بەسرى** ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس كىشىلىكى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچكى تارقىتىسى

### باھار ۋە قىش مۇجەسسەملەنگەن ئالەم

ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن بەش ئەسىر كېيىن...

ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت...

ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتىدىن ئەڭ يىراق نۇقتىدا، ھايۋانلىقتىن تېخىمۇ بەتتەر پەس ھالەتتە...

ئىسمى ھايات دەپ ئاتالغان بىر ۋەيرانچىلىق...

ياشاش ئۇچۇن ئۆلتۈرۈش قانۇنلاشقان، ئاشقازانلار ھارام بىلەن تولغان، نىكاھ ئۇقۇمى بولمىغان بىر ھايات ھايات دەپ ئاتىلاتتى.

**اللّٰه بەندىلىرىنى قۇتقۇزۇشنى ئىرادە قىلدى ۋە پۈتۈن ئالەملەرگە بىر رەھمەت ئەۋەتتى.** چۆلدە گۈل ئېچىلدى. قىشتىن كېيىن ھەقىقىي باھار كەلدى. قاتىللاردىن مېھرىبان دادىلار، ئوغرى – بۇلاڭچىلاردىن ئىشەنچلىك قوللار، قورىغان كۆزلەردىن نەملەنگەن بېقىشلار يېتىشتۈرۈلدى. ئىنقىراز بولۇشقا قاراپ ماڭغان ئىنسانىيەت يۈكسىلىشكە قاراپ ئىلگىرلىدى. باشتا ئائىلىدىن باشلاپ مۇكەممەل بىر جەمئىيەت يېڭىدىن قۇرۇلدى. ئىنسانىيەت بىر دادىنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە بىر – بىرى بىلەن قېرىنداشلىقنى ئەسلىدى. **بىر – بىرىنى يېگەنلەر بىر – بىرى ئۈچۈن جان بېرىدىغان بولدى.** ياخشىلار بىلەن يامانلار ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلدى. بىر تەرەپ ئۆزى يارىتىلغان غايە ئەتراپىغا يىغىلدى. يەنە بىر تەرەپ يامانلىق ئەتراپىغا. خۇددى ئوقۇش – يېزىش ئۆگىتىلگەندەك، يېڭىدىن ئىنسان ۋە قۇل (اللّٰهقا بەندە بولۇش) دەرسى بېرىلدى.

بۇ تەربىيە 23 يىل داۋام قىلدى.

كۆزلەرنى قاماشتۇرۇدىغان نەتىجىلەر ئېلىندى. ئىنسانىيەت ئاجايىب ئۇلۇغ ئىنسانلارغا ئېرىشتى. ئادەمنىڭ يارىتىلىش غايىسى ئەڭ ئالىي شەكىلدە ئەمەلگە ئاشتى. يۈزلەر كۈلكە، يۈرەكلەر بەخت، كېچىلەر نۇر بىلەن تولدى.

23 يىـــل كېيىن ئالەملەرگـــە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگـــەن پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى تۈگىدى ۋە «رەفىقۇل ئەئلا» سىغا كەتتى.

ئارقىسىدا مۆكەممەل تەربىيىلەنگەن ۋە كۆز قاماشتۇرۇدىغان بىر مەدەنىيەت قالدۇردى.

ئۇ ئۆزىگە قەدەممۇقەددەم ئەگەشـــكەن بىر جامائەتنـــى كەينىدە قالدۇرۇپ كەتتى.

**ئۇ كەتكەندىن كېيىن كۆپ ئىشلار بولدى.**

ئەســـىرلەردىن بۇيـــان قۇرغان سىستېمىســـى 23 يىلـــدا بۇزۇلغان ئىبلىس يېڭىدىن ئۈمىدلىنىشـــكە باشـــلاپ، قايتىدىن يامانلىق ھۇجۇمى باشلاتتى. ھېچبىـــر قىممىتى يوق نەرســـىلەرنى قىممەتلىك كۆرســـەتتى. تۆۋەندىكى پەسلەرنى يۇقىرى چىقىرىشقا تىرىشتى.

بەزىلىرى ئىچىدىن، بەزىلىرى سىرتتىن ئۇنىڭغا ياردەمدە بولدى.

ئەمما ئامانەتنى ئۆتكۈزۈۋالغانلارنىڭ پۈتلىرى ســـابىت، يۈرەكلىرى ســـادىق ئىـــدى. **مەدىنىدە بۆرىلەر بىلـــەن يالغۇز قېلىشـــقا رازى بولدىيۇ، ئامانەتكە سەل قاراشقا رازى بولۇشمىدى.**

ئىبلىـــس يەنـــە يېڭىلدى. ئىچى – ســـىرتىدىن ھۇجـــۇم قىلغانلار ئۆتكەن مەزگىللەرنىڭ يامانلىق سىستېمىسىغا يول تاپالمىدى.

جاھىلىيەت ئورنىدىن قوزغىلالمىدى.

23 يىلدا قۇرۇلغان مەدەنىيەتنىڭ ئۈســـتىدىن يەنە بىر 23 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭى چىققان بوران – چاپقۇننىڭ ئاۋازى يۈرەكلەرنى ئۈركۈتتى.

ئالەملەرگـــە رەھمەت بولـــۇپ كەلگەن ئۇ پەيغەمبەر دۇنيادىن كېتىشـــتىن بۇرۇن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى:

***يېشـــىل دۇنيانىڭ يېشـــىللىقى، تۇپىراقنىڭ بايلىقى بىر ئايەت بولۇشـــى مۇمكىن***

ھەقىقەتەن بولدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئامانەتنــى قولىغا ئالغــان تۈنجى نەســل، بارالىغانلىكى يەرگــە بۇ يېڭى مەدەنىيەتنى ئېلىپ باردى. شــەھەرلەر، دۆلەتلەر بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشتى ۋە كەلدى.

كەلگەنلىرىدە بايلىقلىرىنىمۇ ئېلىپ كېلىشتى.

تۆگە يۈكىدىن ياسالغان چېدىرلاردا ھايات سۈرگەنلەر، تۇيۇقسىزلا ئۆزلىرىنى سارايلاردا كۆردى. بىر قاچا شورپا تاپالمىغانلار، قازانلاپ تاپتى. بىر ئىستاكان سۇ ئىزدىگەنلەر، دەريا قىرغاقلىرىدا قونالغۇلار بىنا قىلدى.

كەلدى. *خەۋىرى ئالدىدىن بېرىلگەن ئۇ يېشىل بوران كەلدى.*

23 يىللىق دەۋرنىڭ ئىشــەنچلىك ئادەملىرى ئاســتا – ئاســتا كېتىشــكە باشلىغاندا، ئارقىدا قالغانلار ئۇ بۈيۈك بوران – چاپقۇننىڭ ئىچىدە قالدى.

بۇ بوران – چاپقۇن ئۇ باھارنىڭ ئۈســتىدىن بىر ئەسىر ئۆتمەي تۇرۇپ، كۆپ نەرسىلەرنى ئۆزگەرتتى.

سارايلار، جارىيەلەر، قۇللار، دەبدەبە، بەگلىكلەر، ئاغلىقلار، يەنىلا قان ۋە ئۆلۈم.

**باھارنى قىش قاپلىدى. ياپراقلارغا توك چۈشتى.**

ئىچى - تېشىدىن كەلگەنلەر يىراقلاشتى؛ ئەمما تۇپراقتىن كەلگەن سىرىپ – سۈپۈرۈپ ماڭدى.

سانلىرى بارغانســېرى ئازىيىپ كېتىۋاتقان ئۇ تۈنجى باھادىر مۆئمىنلەرنىڭ ئورنىنى كىم تولدۇرالايتتى؟

ئــارزۇ – ئۈمىدلەر تۈگىمەســتىن... بــوران – چاپقۇن ئــۇرۇپ – چېقىپ ماڭماستىن...

دەيدۇكى:

«يەتمىش بەدىر غازىسى بىلەن ئۇچراشتىم...

سىلەر ئۇلارنى كۆرسەڭلار ساراڭ دەپ قالاتتىڭلار؛ ئۇلارمۇ سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلارنى كۆرسە ئىدى، جاھاندا ئەخلاقىڭ قالمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلار ئىدى،

ئەگەر يامانلىرىڭلارنى كۆرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ ھېساب كۈنىگە (يەنى قىيامەت كۈنىگە) مۇ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان بولاتتى».

## تۇنجى بەۋھەرگە سادىق، بۇزۇلمىغان، ئېرىمىگەن بىر نەسىل.

پەقەتلا اللهتىن قورققان، تىلى كۈچلۈك، قەلبى ئۆتكۈر، مەيدانى ئوچۇق، كېيىن كەلگەن بولسىمۇ، ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش بولغان... پۈتۈن دەردى اللهقا دەۋەت قىلىش بولغان، ئىلمىگە ئەمەل قىلغان، تىلىدا زىكىر بولغان، ياخشىلىقتا ۋە اللهقا ھەقىقىي بەندە بولۇشقا چاقىرىق قىلغان، شىددەتلىك بوران چاپقۇندا پۈتلىرى يەردىن قىمىرلىماي تۇرالىغانلاردىن: شەئبى،

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب،

سەئىد ئىبنى جۇبەير،

ئىبنى شىھاب،

ئىبراھىم نەخەئى

...

ۋە

ھەسەن بەسرى

## سۈتنىڭ ۋە ئىلىمنىڭ ئەڭ بەرىكەتلىك بولغىنىدىن ئېمىپ چوڭ بولدى.

ھىجرىيىنىڭ يىگىرمە بىرىنچى يىلى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتىدىن ئىككى يىل بۇرۇن تۇغۇلدى.

ئانىسى خەيرە بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خانىملىرىدىن ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. ھەسەن تۇغۇلغاندا ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىز ئۇنىڭغا نەۋرىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان ۋە مۇبارەك قوللىرى بىلەن ئۇنى سىلىغان ئىدى. بەرىكەت شۇ كۈندىن تارتىپ

باشلىدى. خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا ئىلىپ بېرىلدى ۋە ئۇ ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى، ئاغزىغا تاتلىق قويۇپ ئېغىزلاندۇردى. ئانىسىدىن يىراق قالغان ۋاقىتلىرىدا، يىغلىمىسۇن دەپ، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى ئەمدۈرەتتى.

يەتمىش بەدىر غازىسى بىلەن قوشۇپ 120 گە يېقىن ساھابە بىلەن كۆرۈشتى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت بىرگە بولدى؛ ئۇنىڭ ئىلمىنى ئالدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىلمىدىنمۇ پايدىلاندى.

**پوك ۋەقەلەرنى كۆردى. ساھابىلەرنىڭ روھىنى تونىدى. قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئېرىمەستىن دەل ئەكسىچە قەد كۆتۈردى.**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىد قىلىنىشى، جەمەل ۋە سىففىن ئۇرۇشى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىد قىلىنىشى، كەربەلا ۋەقەسى قاتارلىق كۆپلىگەن پىتنىلەرگە شاھىد بولدى. ئۇ كۆرگەن ۋە ياشىغان بۇ ۋەقەلەر ئۇنى بىر تەرەپكە چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە ئۈندىمىدى. ئۇ ياخشى قۇل (بەندە) بولۇش ۋە اللهقا دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسىگە سەل قارىمىدى. ئۆزىگە ئۆرنەك تۇتقان ساھابىلەرنىڭ ئىزىدا ماڭدى. ئۆزىنى ساھابىلەر بىلەن كېيىنكى نەسىللەر ئارىسىدا كۆۋرۈككە ئوخشاش كۆردى. **ساھابە بولمىسىمۇ ساھابىگە ئوخشاش ياشىدى.** ھېچقاچان سۆزگە بېخىللىق قىلمىدى. ھەق بىلگىنىنى سۆزلىدى.

ئۆز ئەسرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك زالىمى ھەججاجنى كۆردى. ئۇنىڭ تەھدىتلىرىگە پىسەنت قىلمىدى. قىلىچىدىن قورقمىدى. مەسجىدتە سۆزلىگەن سۆزلىرىنى، ئۆلتۈرۈلۈش ئۇچۇن ھەججاجنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا ھەم سۆزلىدى. ئىگىلىپ – پۈكۈلمىگەن، سۆزلىرىدىن تەۋرەنمىگەن بۇ قەتئىي كىشىلىكى زالىم ھەججاجنىمۇ تەسىرلەندۈردى. ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جاللاتنىمۇ چاقىرىپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىدى. ھەسەن بەسرى اللهتىن باشقىسىدىن قورقماي مۇستەھكەم تۇرۇۋىدى، الله ئۇنى دۈشمەنلىرىگە قارشى قوغدىدى.

كۆڭۈللەرگە سۈلتان قىلدى.

سىياسىي كۈچلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى. جەزبىدارلىقى يۇقىرى بولغان تەكلىپلەرگە قۇلاق سالمىدى. ھەق بىلگىنىنى سۆزلىدى. سىياسەتكە بىتەرەپ مەيداندا تۇرمىدى؛ شۇنداقلا ئۆزىنىڭ سىياسەتكە دەسمى قىلىنىشىغىمۇ رۇخسەت بەرمىدى.

## بىر ئىلىم دەرياسى ئىدى

12 يېشىدا قۇرئاننى ياد ئېلىپ بولدى. تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى بىلىملىرىدە بىر نۇر مىسالى بولۇپ، قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتتى. ئۇ سۆزلىگەن سۆزلەر، تەپسىر ئىلمىدە، ھەدىس ئىلمىدە ۋە فىقھى بىلىملەردە كەلگۈسى نەسىللەرگە مەنبە بولدى. مۇئامىلىلىرى تەسەۋۋۇپ ئەربابىغا يول كۆرسەتتى. ئىلمىگە ئەمەل قىلدى. يىللارچە ئۇنىڭ يېنىدا قالغانلار، ھەرئان يېڭى – يېڭى سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇردى. ھەتتا ئۇ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىلىم ئۆگەنگەن ئۇستازى ئۇلۇغ ساھابە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ، ياشانغان چاغلىرىدا سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەي: «ھەسەندىن سوراڭلار» دېگەن.

## ۋەيران بولۇشنى كېپىكتۇردى

ئۇ، ئىسلام ئۇممىتى دۇنيا نېئمەتلىرىگە چۆككەن، پىتنىلەر ئارقا – ئارقىدىن كەلگەن بىر زاماندا زاھىد ھاياتتا ياشىدى. مال – دۇنيا ھەۋىسگە چۈشمىگىنىدەك، ئىمان ۋە ئەخلاقتىكى ۋەيران بولۇشقا قارشى تىك تۇردى. ئەسلى يۇرت بولغان ئاخىرەتنىڭ ئۇنتۇلماسلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئاللاھنى ئەسلەتتى. قۇرۇپ كەتكەن كۆزلەرنى ياشلاتتى.

**دەيدۇكى:**

**قەلبكە كەلگەن ۋەسۋەسە شەيتاندىندۇر. بىر نەرسىگە قارىتا ھەددىدىن زىيادە ئارزۇ بولسا، ئۇ ئىنساننىڭ نەپسىدىن كەلگەن بولىدۇ. بۇ ئارزۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن روزا ۋە نامازغا ئېسىلىش كېرەك.**

ئۇنىڭ زاھىدلىق ھاياتى ئاللاھتىن قورقۇش ۋە غەم – قايغۇغا تولغان ئىدى. دەرتمەن ۋە غەمكىن ئىدى. ئۇيقۇسىز، مۇڭدەش نېمە بىلمەيتتى. ئىبادەت ئۇچۇن يەڭلىرى تۇرۇلگەن بىر ئابىد ئىدى. ئۇنى كۆرگەنلەر غەمكىنلىكىگە قاراپ، بىرئاز بۇرۇن بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ قالاتتى. ئەمما ئۇنىڭ دەردى نە كەمبەغەللىك، نە كېسەللىك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ دەردى ئۇممەتنىڭ دەرتلىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئامانىتىنىڭ زايا قىلىنىشى ئىدى.

## ئۆلۈمگە يېقىن قارىدى

## «ئاخىرەتتىن كەلگەن ئادەم»

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلار، ئاخىرەتنى سۆزلەپ بېرىشلىرىگە شاھىد بولغانلار، ئاڭلىغان نەرسىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئاخىرەت ھەققىدە سۆزلىگەن ھالىتىنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ:

«ھەسەن گويا ئاخىرەتتىن كەلگەن بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئاخىرەتنى شۇنداق چۈشەندۈرۈپ سۆزلەيتتىكى، ئاڭلىغۇچى بۇ ئادەم ئاخىرەتتىن كېلىپ، شۇ يەردە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەۋاتامدۇ – نېمە! دەپ ئويلاپ قالالايتتى».

**نەسىھەت قىلدى، نەسىھەتلىرى قوبۇل قىلىندى. ھەقىقىي ياراملىق مۇئمىن بولدى، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەسىرلەر بويى يەۋلان قىلدۇردى**

ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر يەر مەسجىد مېھرابى ئىدى.

سۆزلەپ يىغلايتتى. يىغلىغىنىدا يىغلىتاتتى. كىمنىڭ نېمە دېيىشىگە قارىمايتتى، پەقەت رەببىگە بېرىدىغان جاۋابىنى ئويلايتتى. ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇنتۇلمىغان، تىلدىن – تىلغا

دەيدۇكى:

«يول نېمىدېگەن يامان مەخلۇق! يانچۇقۇڭدىن چىقمىغۇچە ساڭا ھېچقانداق مەنپەئەتى بولمايدۇ!»

يۆتكەلگەن سۆزلەرنى سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى شەرھىيلىگەنلەر، خۇددى ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى سۆزلىگەندەك، ئۇنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرىنى سۆزلەشتى.

بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ مۇئامىلىسى، يۈرۈش – تۇرۇشلىرى ھەققىدە سۆزلەشتى.

بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنىڭ غەيۋەتنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بىر قاچا ھالۋا ئەۋەتىپ شۇنداق دېگەن:

«ئاڭلىشىمچە، سەن ماڭا ساۋابلىرىڭنى ھەدىيە قىلىپسەن. مەنمۇ ساڭا ھالۋا ھەدىيە قىلىمەن».

## ئۆلەس سۆزلىرىدىن تامچىلار:

«ئاخىرى بىر كۈن ئۆلىدىغانلىقىنى بىلگەن، قىيامەتتە ئورنىدىن تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن، ئورنىدىن تۇرغاندا اللهنىڭ ھوزۇرىغا چىقىدىغانلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلغان كىشى قىلىشقا تېگىشلىك نەرسە، قايغۇ ۋە ئەندىشە ئىچىدە ياشاشتۇر».

*

جەھەننەم ئوتىدىن ئۇ دەرىجىدە قورقاتتىكى، خۇددى جەھەننەم يالغۇز ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغاندەك ئويلاپ قالاتتىڭىز. چۈنكى: «**جەھەننەمدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىدىغان كىشى ھۇناد ئىسىملىك بىر كىشىدۇر**» دېگەن ھەدىس شەرىپىنى ئاڭلىغاندا، يىغلىغان ۋە: «كاشكى ھۇناد مەن بولسامچۇ؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ جەھەننەمدىن چىقىدىغانلىقىغا دائىر بىر پاكىتى بار. ئەمما بىزنىڭ بۇنداق بىر پاكىتىمىز يوق» دېگەن ئىدى.

*

«ئەگەر قۇرئان ئوقۇساڭ ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنسەڭ؛ دۇنيادا غەم – قايغۇلىرىڭ كۆپ، قورقۇنچۇڭ زىيادە بولسۇن. كۆپ يىغلىغىن».

www.uyghurkitap.com

*

سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرنى قورقۇتۇۋاتقانلىقنى ئىلگىرى سۈرگەنلەرگە:

**«خاتىرجەملىكتە ئېرىشىپ بولغىچە قورقۇش، خاتىرجەملىكتە ئېرىشكەندىن كېيىن قورققاندىن تېخىمۇ ياخشىدۇر»** دەپ جاۋاب بېرەتتى.

**«ئىمان**
**ئەھلى كىشىلەر**
**قايغۇ ئىچىدە ئويغىنىپ،**
**قايغۇ ئىچىدە كەچ قىلىدۇ. چۈنكى**
**ئۇلار ئىككى قورقۇنچ ئارىسىدىدۇر.**
**بىرى ئۆتكەن گۇناھكى، اللّٰه تەرىپىدە**
**قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق**
**ئەمەس. يەنە بىرى قالغان ئۆمۈركى، داۋامى**
**جەريانىدا قانداق خەتەرلەرگە مەرۇز قالىدىغانلىقى**
**مەجھۇل!»**

# بەشىنچى

www.uyghurkitap.com

# جاھىلىيەتتىن ھىدايەتكە، ھىدايەتتىن غەۋغاغىچە سۇزۇلغان تارىخنىڭ خۇلاسىسى

قۇرئاننىڭ «جاھىلىيەت» دېگىنى، ھەر تۈرلۈك زۇلۇم ھاكىم بولغان، كۈچ ھەق دەپ قارالغان، تۇتقان ھەر نەرسەڭ سېنىڭدۇر دېگەن پىكىر ياخشى كۆرۈلگەن، قۇللار ۋە خوجايىنلار ياشىغان بىر دۇنيا ئىدى. كەبىنىڭ ئىچىدىمۇ خۇددى ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە تىزىلىپ كەتكەن بۇتلاردەك، بۇتلار بار ئىدى. شەھۋەتلەرگە بويسۇنۇلۇپ، ھالال – ھارام بىلىنمەيتتى. ئايال قەدىرسىز، بالا قەدىرسىز، ئىنسان قەدىرسىز، ئەخلاق قەدىرسىز ئىدى. بار – يوقى كۈچ – قۇۋۋەت ئىدى. كۈچ، كۈچ، كۈچ...

كۈچلۈك ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشمۇ بىر ھەق ئىدى.

اللە بەندىلىرىگە مەرھەمەت قىلدى. پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەت بولغان كىشىنى قۇتقۇزغۇچى سۈپىتىدە ئەۋەتتى. قاراڭغۇ – زۇلمەت ئەڭ ئېغىر بولغان بىر زاماندا، ئەڭ ۋەھشىي جەمئىيەتلەردىن بىرىگە ئەۋەتىلدى.

ئالەملەرگە رەھمەت بولغان ئۇ پەيغەمبەر 23 يىل تىرىشتى. قېتىپ كەتكەن قەلبلەردىن، كور بولۇپ كەتكەن كۆزلەردىن تەركىب تاپقان بىر قەۋمنىڭ ئىچىدىن **«اللە ئۇلاردىن رازى بولغان، ئۇلارمۇ اللەتىن رازى بولغان»** بىر نەسىل چىقاردى. قاراڭغۇلۇقلار كەتتى، نۇرلۇق تاڭلار كەلدى. زۇلۇم كەتتى، ئادالەت كەلدى. كۈچ – قۇۋۋەتنىڭ ئورنىنى ھەق ئىگەللىدى. باشقۇرغۇچى بىلەن باشقۇرۇلغۇچى ئوخشاش نەرسىنى بۆلۈشتى. ھەتتا ھايۋانلارمۇ ھەق ئىگىسى بولدى.

يىگىرمە ئۈچ يىل ئىنتايىن تېز ئۆتتى. ئۇ قۇرغان بەرىكەتلىك سىستېما، نىزامنىڭ تەمىنى تاماقلىرىمىزدا قالدۇرۇپ كەتتى.

ئارقىدىن قالدۇرغان ئىسىملار ئۇنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت ئىسىم ئوتتۇز يىل ئۇنىڭ ئىزىنى داۋام قىلدۇردى. ئۇ تىككەن گۈللەرنى سۇغۇرۇشتى، سائادەتنى داۋام قىلدۇرۇشتى. ئۇلار «خۇلەفائى

راشىدىن» يەنى «توغرا يول ئۈستىدىكى خەلىپىلەر» دەپ ئاتالدى. تۆت خەلىپە دەۋرى تارىختا سائادەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان يىللار دەپ يېزىلدى.

اللەنىڭ تەقدىرى تەجەللى قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ دەۋرىمۇ تۈگىدى. بىر خورمىنىڭ ئاستىدا يېتىپ تۇرۇپ ئىنسانلارنى باشقۇرغان ئۆمەرلەرنىڭ دەۋرى تۈگىدى.

شامدا يېڭى بىر دەۋر باشلاندى. تۆت خەلىپە بىلەن ئوخشاش ئەقىدىگە ئىگە، ئوخشاش ئىبادەتلەرنى قىلغان، ئوخشاش ھاياجانلارنى ياشىغان بىر ئائىلە مۇسۇلمانلارنى ئىدارە قىلىشنى باشلىدى. دىن ئوخشاش دىن ئىدى. نىشان ئوخشاش نىشان ئىدى. ئەمما باشقۇرغۇچىلار ئۆزلىرىنى پەرقلىق، ھەتتا يۇقىرى كۆرۈشەتتى. پەقەتلا باشقۇرغۇچى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئوخشاش سەپتە نامازغا تۇرغان مۇئمىنلەردىن يۇقىرى كۆرەتتى. مۇئمىنلەرنىڭ ماللىرىنى ئۆزلىرىگە مۇباھ، بەدەنلىرىنى بولسا ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە تەييار دەپ ئويلىشاتتى. ئىدارە خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن بىزانتىيە سارايلىرىغا ئوخشاش قەسىرلەرگە يۆتكەلگەن ئىدى.

مانا بۇ چۈشەنچە خەتەرلىك نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى.

سارايى گويا مۇقەددەس بىلىندى. قارشى تۇرغانلار ئەمەس، قارشى تۇرۇش ئېھتىمالى بولغانلارغىمۇ تەھدىت سېلىندى. پات – پات بەزىلەرنىڭ كاللىسى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. ساھابىلەر، ساھابە پەرزەنتلىرى قامچىلاندى، ئۆلتۈرۈلدى. ھەتتا كەئبىمۇ مۇھاسىرىگە ئېلىندى، زىيانغا ئۇچرىدى. قان ئېقىتىلدى. ***ئىمان بىلەن زۇلۇم بىرلا ۋاقىتتا ئىجرا قىلىندى.***

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى ئىدارە قىلغان ماقام «ۋاكالەت» دېگەن مەنىدە بولغان «خەلىپىلىك» ئورنى دىكتاتورلۇققا ئايلاندى. (يەنى اللەنىڭ زېمىندىكى خەلىپىسى بولغان بۇ ئىنسانلار زۇلۇم بىلەن دىكتاتورلاردىن بولۇشتى- ت).

***ئىلىك ۋەھىيمىلىك بولغىنى بولسا، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ***

***«مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى، كۈچ – قۇۋۋىتى، قۇرئاننى قوغداش، پىتنىنى توسۇش» دېگەندەك سەۋەبلەر كۆرسىتىلىپ تۇرۇپ قىلىنغان بولۇشىدۇر.*** يېرىم ئەسىر ئۆتمەيلا، مەدىنە ئىلگىرىكى كۈنلىرىگە ئوخشاش قىلىچ – نەيزىلىك، كاللا كېسىلىدىغان شەھەر ھالىغا كېلىشكە باشلىدى.

ھېچكىم ئۈن – تىن قىلالمايتتى. كىم بىرەر ئېغىز تىنىپلا سالسا، نېمە سۆزلىگەن بولسا سۆزلىسۇن «پىتنە» ئوتى دېيىلىپ ئۆچۈرۈلەتتى.

مانا بۇ تۈزۈم، مانا بۇ ھالەت، بۇ ئىجرالارنىڭ مەركىزى بولغان شامدىكى ئۆمەۋى سارىيىدا، شۇ سارايىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى تەرىپىدىن بۇزۇلدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز. ئۇ ئىلگىرىكى ھەق ئۈستىدە بولغان تۆت خەلىپىنىڭ دەۋرىنى جانلاندۇردى. تولىمۇ قىسقا داۋام قىلغان ھۆكۈمدارلىقىدا ئۈمىدلەر قايتا بىخلاندى، يۈزلەر تەبەسسۇمغا تولدى. 60 يىللىق زۇلۇم ئادىتىنى 6 كۈندە ئاخىرلاشتۇردى. ئۇنتۇلغانلارنى ئەسلەتتى. ئۆچكەن شاملارنى قايتا ياقتى. ***ئۇنجى تۆت خەلىپىدىن كېيىنكى بەشىنچىسى بولدى. ئۇنجى ئەسىرنىڭ مۇجەددىدى بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ تارىخىغا يېزىلدى.***

## ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز:

## بەشىنچى راشىد خەلىپە

## بىرىنچى ئەسىرنىڭ مۇجەددىدى (دىنىي ئىسلاھاتچىسى)

ئىككىنچى راشىد خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئاسىمنىڭ قىزىنىڭ ئوغلىدۇر. ئانا تەرەپتىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تۇتىشىدۇ. ھىجرىيىنىڭ 61 – يىلىدا تۇغۇلۇپ، 101 – يىلىدا ۋاپات بولدى. دادىسى ئابدۇلئەزىز بولسا، ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاندىن كېيىنكى خەلىپە نامزاتى ئىدى.

كۆزىنى ئاچقان دۇنيادا زۇلۇم ئەۋج ئالغان ئىدى. ئىسلام سۈپۈرۈپ تاشلىغان ئىرقچىلىق، سىنىپىي پەرق قويۇش قاتارلىق چەكلىمىلەر يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن، ھەتتا رەسمىي سىياسەت بولغان ئىدى. ئىنسانلار ئۆمەۋى

بولغانلار ۋە بولمىغانلار دەپ ئىككىگە ئايرىلغان ئىدى. تاغىسى ئابدۇلمەلىك خەلىپە ئىدى. ئۇممەت ياشاۋاتقان ئاچچىق تراگېدىيەلەر، مەيدانغا كەلگەن بۆلۈنۈشلەر، ئۇمەۋىيلەر تەرىپىدىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن كوزىر قىلىنىپ قوللىنىلىۋاتاتتى. تۈرمىلەر گۇناھكار – گۇناھسىز ئىنسانلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى. يالغۇز ھەججاج ئىبنى يۇسۇفنىڭ ئۆزىلا دەھشەتنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە يېتەرلىك دەرىجىدە بوران – چاپقۇن چىقىرىۋاتاتتى. **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەر بىلەن يەكسان قىلغان جاھىلىيەت ئورنىدىن تۇرۇپ قول پۇلاڭلىتىشقا باشلىغان ئىدى.**

بالىلىق دەۋرىدە قىممەتلىك ئالىملاردىن ئىلىم تەھسىل قىلدى. قۇرئان ۋە ھەدىسلەرگە كىرىشىپلا كەتكەن ئىدى. ئەمما يەنىلا ساراي ھاياتى ياشايتتى. جارىيەلەر، خىزمەتچىلەر، ھېسابسىز چىقىملار، يىپەك كىيىملەر ھايات شەكلى ئىدى. كۈندە ئۈچ قېتىم كىيىم ئالماشتۇراتتى. ئايرىم - ئايرىم يەردىكى بەش سارايدا ياشايتتى.

**خەلىپە بولۇشتىن بۇرۇنقى ھاياتى پەرقلىق ئىدى. خىزمەتچىسى بىلەن باشتىن كەچۈرگەن بىر ۋەقە ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئاخىرەت ئادىمى بولۇشىغا سەۋەب بولدى. ئۇنىڭدىن قاچان بۇ خىلدىكى ھاياتقا قايتقانلىقى ھەققىدە سورالغاندا، شۇ جاۋابنى بەرگەن:**

**«خىزمەتچىلىرىمدىن بىرىنى ئۇرماقچى ئىدىم. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭا دېدىكى:**

**ئۆمەر! ئەتىسى قىيامەت بولىدىغان كېچىنى ئۇنتۇما!**

**بۇ سۆز بىلەن شۈركىنىپ كەتتىم ۋە دۇنيا ھاياتىدىن سوۋۇدۇم».**

25 يېشىدا مەدىنە ۋالىيسى بولدى. كېيىن ۋەزىپىدىن ئېلىندى. 37 يېشىدا خەلىپە بولۇپ تاللاندى. خەلىپىلىك ئورنىدا 30 ئاي ئەتراپىدا قالدى. 40 يېشىدا ۋاپات بولغاندا 14 ئوغۇل، 3 قىز جەمئىي 17 بالىسى بار ئىدى.

ئۆز ئىرادىسى ۋە غەيرىتى بولماستىن خەلىپە بولۇپ تاللاندى. خەلىپە

بولغىنىدا، ئۇ ئىدارە قىلىدىغــان دۆلەتنىڭ چېگرالىرى ئىســپانىيىدىن – ھىندىستانغىچە سوزۇلغان بىر دۆلەت ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقــىپ تەرەققىي قىلغان، پىرقىلەرگە بۆلۈنۈش يىلتىــز تارتقان، ھەممە ئادەم ئايرىم بىر دۇنيادىن سۆزلەشــكە باشــلىغان ئىــدى. ئۇمەۋىلەر بۇ قالايمىقــان ۋەزىيەتنى ئىدارە قىلىشــنىڭ بىردىنبىر چارىسىنىڭ قاتتىق قول سىياسەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى ۋە كىشىلەرنى مەھكىمىلىك – مەھكىمىسىز دېمەستىن ئېسىپ – چېپىپ يۈرەتتى.

بۇ بۈيۈك تۇپراق پارچىسىدا ھازىر 30 دىن كۆپ دۆلەت يەر ئالماقتا.

خىلاپــەت مەركىزى بولغان ســارايىنى ئىشــغال قىلغان قان شــورىغۇچىلار، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى قورشاۋغا ئېلىۋالغان زالىملار ۋە جىمىقتۇرۇلغان، ھەق – ھوقۇقىنى تىلغا ئالالمىغان بىر خەلق...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى بەيتىگە ھەتتا جۈمە خۇتبىلىرىدىمۇ تىل ئۇزىتىلىدىغان دەرىجىدە بىر جەمئىيەت...

ۋە ئوتتۇز يەتتە ياشلىق ياش بىر خەلىپە.

## بىرگە ئالتە ئوقۇم:
# خىلاپەت/ خەلىپە

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇممەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن تاللانغان رەھبەر خەلىپە ۋە ئۇ ئولتۇرغان ماقام خەلىپىلىك ماقامى دەپ ئاتىلىدۇ. ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا، تېخى ئۇنىڭ مۇبارەك ۋۇجۇدىنى دەپنە قىلماي تۇرۇپ، ئۇممەتنىڭ بېشىغا دەرھال خەلىپە تاللاش ئىشىنى ھەل قىلغان. چۈنكى باشسىز بىر ئۇممەتنىڭ ئىسلامى ھايات داۋام قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرى بىر يەرگە توپلىشىپ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بىرىنچى خەلىپە قىلىپ سايلاشتى. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىككىنچى خەلىپە قىلىپ ئۆز ئورنىغا تەيىنلىدى. ئۇ شېھىد قىلىنغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار نۆۋەت بىلەن ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى خەلىپە قىلىپ سايلاشتى.

خەلىپىلىكنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىجرا قىلىشى نۇقتىسىدىن ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولغانلىقى ئۈچۈن، **خەلىپىلىك بىرىنچى خەلىپىنىڭ سايلىنىشىدىن ئېتىبارەن ھەر باسقۇچتا يېڭى مەسىلە شەكلىدە كۆنتەرتىپتە قالدى.**

تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنتايىن جىددىي ئەھۋالدا ۋە قالايمىقانچىلىقلار ئىچىدە بەش يىلغا يېقىن خەلىپە بولدى. ئاخىرىدا شېھىد قىلىندى. ئۇ شېھىد بولغاندىن كېيىن، ساھابىلەردىن مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان شامدا خەلىپىلىكنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مۇسۇلمانلار يۈز بەرگەن چوڭ

ۋەقەلەردىن كېيىن، ئۇممەتنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىشىپ، مەركىزى شامدا بولغان بۇ يېڭى خەلىپىلىكنى قوبۇل قىلىشتى. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېشـــىدا بولغان ئۇمەۋى ئائىلىسى، ئۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈۋالغان ھاكىمىيەت مەنتىقىسىنى كېيىن ئۆزگەرتىۋېتىشتى. خەلىپىلىكنى دادىدىن ئوغلىغا قالدىغان بىر پادىشاھلىققا ئوخشىتىشتى. شاھزادىلەر تەربىيىلىنىدىغان ئايرىم بىر سىستېما قۇرۇشتى. ئىسلامنىڭ ئاساسىي يادرو كۈچى بولغان شۇراغا سـەل قاراشـتى. بىلگىنىمنى ۋە خالىغىنىمنى قىلىمەن دېگەن چۈشەنچە بىلەن ئۇممەتنى ئىدارە قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ئىسـپاتلاپ بېرىدىغـان نۇرغۇنلىغـان پىتنىلەرمۇ ھېچ توختىمىدى. قانچىلىغان ئائىلىلەر يوق قىلىندى. ھەججاج ئىبنى يۇسـۇف ئىسمىلىك زالىممۇ ھېسابسىز قان ئېقىتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك نەۋرىلىرىمۇ بۇ پاجىئەنىڭ تەسـىرىگە ئۇچرىدى. ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋەھشىيلەرچە شېھىد قىلىندى.

بۇ ئىشلار بولۇۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە، باشتا جىھادتىن باشلاپ ئىسلامنىڭ پۈتۈن ھۆكۈملىرى ئـەڭ ئىنچىكە نۇقتىلىرىغىچە ئىجـرا قىلىنىۋاتاتتى. كىمنىڭ نېمىنى نېمە ئۈچۈن قىلغانلىقىنى چۈشـىنىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئىسـپانىيىمۇ مۇشۇ مەزگىلدە فەتھى قىلىنغان ئىدى. شۈڭلاشقا ئاساسـى مەسـىلە، ھاكىمىيەت ئۈسـتىدىكى ئائىلىنىـڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش چۈشەنچىسـىدە ئىدى. بىر تەرەپتىن ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسـىپلىرى ئىجرا قىلىنسـا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنتايىن شـىددەت بىلەن چەكلەنگەن جىنايەتلەر ئىشلىنەتتى.
كېيىـن ئىچكى توقۇنۇشـلارنىڭ نەتىجىسـى سـۈپىتىدە، باشـقا بىر قۇرەيش ئائىلىسـى ئۇمەۋىيلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مەركىزى باغداتتا بولغـان يېڭى بىر ھاكىمىيەت قۇردى. ئۇلار ئابباسـىيلار دەپ ئاتالدى. ئۇمەۋىيلەر قىلغان زۇلۇمنىڭ يەنە بىر ئوخشىشـىنى ئۇلار قىلىشتى. بىر مۇنچە تەپسـىلاتلار سـىرتىدا، ھاكىمىيەت شـەكلى ئوخشاش ئىدى. يەنـىلا خىلاپەت دادىدىن بالىغا ئۆتەتتى. يەنە ئىبادەتلەر ۋە جىھاد ئادا

www.uyghurkitap.com

قىلىناتتى. ئەمما سارايلاردىكى دەبدەبىلەر رىم سارايلىرىدىكى مەنتىقە بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى.

ئابباسىيلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە، يىپنىڭ ئۇچى قولدىن چىقتى. بىر مۇنچە رەھبەر ۋە دۆلەت/ دۆلەتچاقلار تۇغۇلدى. ئاخىرىدا موڭغۇللارنىڭ ۋە ئەھلى سەلىبلەرنىڭ ھۇجۇملىرى بىلەن ئابباسىي خاندانلىقىمۇ ئۆرۈلدى. خىلاپەت قاش – كۆز ئارىسىدا مىسىرنى ئىدارە قىلىۋاتقان بىر ئائىلىگە ئۆتتى. ئىسمى بار ئۆزى يوقتى. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشى ئېنىق ئىدى.

ئوسمانىي پادىشاھى سۇلتان ياۋۇز مىسىرغا قىلغان سەپىرىدە خىلاپەتنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن خەلىپىلىك تۈركلەرنىڭ ئۈستىدە قالدى. 1924 – يىل 2 – ئايغىچە مۇشۇنداق داۋام قىلدى. ئاخىرىدا خىلاپەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. ئەنە شۇ كۈندىن بۈگۈنگە قەدەر مۇسۇلمانلارنىڭ نە بېشى، نە ئايىقى ئېنىق ئەمەس. مانا بۇ باشسىزلىق تۈپەيلى ئىشقا يارىمايدىغان بىرمۇنچىلىغان باشلار كۆپەيدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ تۇنجى ئىجرائاتلىرى:

ئۆزىدىن ئىلگىرىكى خەلىپە سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك يازما ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، ئۇنى خەلىپىلىككە تەيىنلىگەن ئىدى. خەلىپە ئۆلگەندە ۋەسىيىتى ئوقۇلدى، ئوقۇلغان ۋەسىيەتتە ئىسمى خەلىپە دەپ تىلغا ئېلىنىشى بىلەن ئېتىراز بىلدۈردى.

***ئۆزىدىن ئىلگىرىكى خەلىپىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن تاللانغان بولۇشنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىگە ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارىدى***. جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇستىگە ئارتىلغان بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى، خەلق ئۆز رەھبەرلىرىنى ئۆزى تاللىشى كېرەكلىكىنى دېدى. ئەمما ئۆلىما ۋە قەۋم ئاقساقاللىرى ئۇنى سايلىغانلىقى، ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن 37 يېشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ 12 – خەلىپىسى بولۇپ ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۆمەۋىي جامائەسىدە تۇنجى نۇتقىنى سۆزلىدى. اللهنى ۋە ئاخىرەتنى ئەسلەتتى. ھېچكىمنىڭ ئۆزىدىن ئىلتىماس كۈتمەسلىكىنى ئالاھىدە بىلدۈردى. ئۆزىمۇ يىغلىدى، ئۇ يەردىكىلەرنىمۇ يىغلاتتى. مۇسۇلمانلار ئونلارچە يىللاردىن كېيىن، مەدىنە ھاۋاسىنى ئەسلىتىدىغان بىر ھايات كۆرۈشتى. شۇ كۈنلەردىكى تارىخى مەلۇماتلارنى تىلغا ئالغان ئىسلام ئالىمى رەجا، ئۇ سۆز قىلغان ۋاقىتتا، مەسجىدنىڭ تاملىرىمۇ يىغلاۋاتامدۇ – نېمە؟ دەپ تامغا قاراپ قالغان ۋاقىتلىرىم بولغان، دېگەن.

> ئايالى فاتىمە ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ ناھايىتى تەقۋا ياشايتتى. ئەمما بايلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان بىر ھاياتتىن، بىراقلا كەمبەغەل بىر ھاياتقا قايتىشنى ئىچىگە سىغدۇرالمىدى. يولدىشىدىن ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۆمەر ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بەردى:
>
> **«ئائىلىسىنى باشقۇرالمىغان كىشى، دۆلەتنى ئىدارە قىلالمايدۇ!»**

ئۇ خەلىپىلىككە كېلىپ تۇنجى نۇتقىنى سۆزلىگەندىن كېيىن ئۆيگە قايتتى.

ئايالى فاتىمەگە زىنىنەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ چىقىشىنى بۇيرىدى. ئايالى ئۆلارنى نېمە قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇممەتنىڭ بېشىدىكى بىر رەھبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، كۆنلۈك ئېھتىياجىدىن ئارتۇق مال – دۇنيانى ئۆزىدە ساقلىيالمايدىغانلىقىنى، سۆزىنىڭ تەسىرلىك بولۇشى ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆيىدىكى مال – دۇنيانى پىدا قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيىدە قانچىلىك ئالتۇن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قىممەتلىك نەرسىلەر بولسا، ھەممىسىنى خەزىنىگە يوللىدى.

ئىلگىرىكى خەلىپىلەر تەرىپىدىن ئۆزىگە سوۋغا قىلىنغان يەر – زېمىن، بايلىقلارنى خەزىنىگە قايتۇرۇپ بەردى. دادىسى سېتىۋالغان بىر ئۆينى، دۆلەت ئادىمى سېتىۋالغان بىر ئۆيدە چوقۇم ساتقۇچىغا بېسىم بولغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن ساتتى ۋە پۇلىنى خەزىنىگە يوللىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ نامىدا تىزىملانغان ھېچقانداق مال – مۈلۈك، يەر – زېمىن قويمىدى. تۇغۇملەرنى باشقىلارغا ئىجرا قىلىشتىن بۇرۇن، ئۆزىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىشنى ئارتۇق كۆردى.

خەلىپە بولۇپ سايلانغان كۈنىنىڭ ئاخشىمىلا ھەرقايسى ئىسلام زېمىنلىرىدا زۇلۇم سۈردۈرۈۋاتقان ۋالىيلارنى بىر – بىرلەپ ۋەزىپىسىدىن ئالدى ۋە ئورنىغا ئىلىم ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن تونۇلغان كىشىلەرنى تەيىنلىدى.

ئۇممەتنىڭ بايلىقىغا چۆمگەن ۋە ھەربىرى قەسىر – سارايلار ساھىبى بولغان ئۇمەۋى ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرىنىڭ قوللىرىدىكى مال – دۇنيا، سارايلارنى مۇسادىرە قىلدى ۋە دۆلەت مېلى سۈپىتىدە خەزىنىگە تاپشۇردى. **يىللارچە شاھزادە بولۇپ ياشىغانلارنى پادىچىلار بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويدى.**

ئىلگىرىكى خەلىپىلەر مەزگىلىدە، خەلىپىلەر كىشىلەرگە تارتۇق، ھەدىيە تارقىتاتتى. ئۇ بولسا خەلىپىلىككە ئولتۇرغان كۈنىدىكى تۇنجى سۆزىدە، سەدىقىگە ئېھتىياجى بولمىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ دۆلەتتىن ھېچ نەرسە ئالالمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە دېگىنىنى قىلدى.

ۋەزىپىگە ئولتۇرغان بىرىنچى كۈنىدە ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن تەييارلانغان

تەخترۋانغا ئولتۇرماي، ئۆزىنىڭ قېچىرىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييار قىلىپ قويۇلغان قوغدىغۇچىلار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ۋەزىپىسىنىمۇ ئاخىرلاشتۇردى.

ھېسابسىز يەپ – ئىچىش، بۇيرۇق قىلىشقا كۆنۈپ قالغان ئۇمەۋى ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى يوللىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش بىلەن، ئۇنىڭغا خىلمۇخىل يوللار بىلەن تەھدىت سالدى. ئاخىرىدا تاغىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ: «ئۇلارنىڭ ساڭا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرىمەمسەن؟» دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن تاغىسىنىڭ ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان جاۋابى مەنپەئەتىدىن ئايرىلىپ قالغانلارغا يەتكۈزۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بەردى:


**«قىيامەت كۈنىدىن باشقا ھەرقانداق بىر كۈنىنىڭ ئەتىرىدىن قورقسام، اللّٰه مېنى ئۇ ئەتەردىن قوغدىمىسۇن!»**



ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئوتتۇز يەتتە يېشىدا خەلىپە بولۇپ ئادالەت نۇرى بىلەن ئىدارە قىلغان تۇپراقلاردا بۈگۈن ئوتتۇزدىن كۆپ دۆلەت بار. تەرەققى قىلغان تېخنىكىلار، ئاتالمىش مەدەنىيەتلەر، پۈتمەس – تۈگىمەس يەر ئاستى ۋە ئۈستى بايلىقلارغا قارىماستىن، بۇ تۇپراقلاردا ھېلىھەم ئادالەت يوق. تېخىمۇ توغرىسى ھۇزۇر ئىچىدە ئۆتىدىغان يالغۇز بىر ھەپتىمۇ يوق دېيەرلىك. ئۆمەرنىڭ ئوتتۇز ئايدا قىلغىنىنى خىياللىرىغىمۇ سىغدۇرالمايدىغان دەرىجىدە پىكىر ۋە چۈشەنچە يوقسۇللۇقى ياشىماقتا. ئۆمەرنىڭ بىر - ئىككى قۇرلۇق مەكتۇب بىلەن قىلالىغىنىنى مۇنتىزىم قوشۇنلىرى بىلەن، بېكىتىلگەن سىستېمىلىرى بىلەن قىلىشالمىدى.

ئون ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز نەدە؟

زامانىۋى دۇنيا نەدە؟



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇممەتنىڭ سىياسىي تارىخى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# ئۇممەتنىڭ سىياسىي تارىخى

| | |
|---|---|
| ئەسرى سائادەت دەۋرى | ئەسىرلەرچە داۋام قىلغان ھەسرەتتىن كېيىن «ئالەملەرگە رەھمەت» كەلدى. زۇلمەت نۇرلاندى. يىغلىغانلار كۈلدى. زالىملارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىتچىت قىلىندى. يىگىرمە ئۈچ يىلدا يېپيېڭى بىر مەدەنىيەت قۇرۇلدى. ھەق كەلدى، باتىل زائىل بولدى. مىللەتچىلىك يوق قىلىندى. ئىنسان ئىنسان بولۇش غورۇرىنى ياشىدى. ئەركەك ئەركەك، ئايال ئايال بولدى. قۇللار خوجايىنلىرى بىلەن ئوخشاش سەپتە تۇردى. ئەڭ قارا قۇل مۇنارغا چىقتى. بۇ ئەسىر ھەقىقەتەنمۇ سائادەت ئەسرى بولدى ۋە بۇ ئەسىر قىرىق يىل داۋام قىلدى. |
| ئەممەۋىيلەر دەۋرى | ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شاھادىتى بىلەن يېڭى بىر دەۋر باشلاندى. «ئەمەۋى» ئىسىملىك بىر ئائىلىگە مەنسۇپ بولغانلار ئىدارە قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دەۋر ئۇممەۋىيلەر دەۋرى دەپ ئاتالدى. ناماز، روزا، ھەجگە ئوخشاش ئىبادەتلەر، ھەتتا جىھادمۇ پۈتۈن تەرەپلىرى بىلەن ئىجرا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دەۋرنى ھېچكىم ئىسلام سىرتىدا دەپ تۆھمەت قىلمىدى. ئەمما نىمىشقىكى، بۇ مەزگىلدە ناماز ۋە ھەج ئىبادەتلىرى بولسىمۇ، جاھىلىيەت كېسەللىكلىرىنىڭ بىر قىسمى كۆچەيتىلدى. ئىرقچىلىق رەسمىي سىياسەت بولدى. ئىنسانلار ئىدارە قىلغۇچىلار ۋە قىلىنغۇچىلار دەپ ئىككىگە ئايرىلدى. پۈتۈن |

# ئۇممەتنىڭ سىياسىي تارىخى

| | |
|---|---|
| قىلغۇچىلارغا ئىشلىدى. ئۇلار خەلققە خالىغانچە باج قويۇشتى. خالىغانچە جازالاندۇردى. تىلىغا ئالغۇچىلىكى يوق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئونلارچە، مىڭلارچە ئىنسان ئۆلتۈرۈلدى. زۇلۇم كۈنلۈك ۋە ئادەتتىكى ئىشلار ئارىسىدىمۇ ئېلىپ بېرىلدى. ھېچكىمنىڭ ئۈنى چىقمىدى. ئۈننى چىقىرىشقا جۈرئەت قىلغانلار ئۆلۈمنى كۆزگە ئالدى ۋە ئۆلۈشتى. ئەسرى سائادەتتە تىكىلگەن گۈللەر بىر – بىرلەپ قۇرۇشقا باشلىدى. ئەڭ ۋەھىيملىك بولغىنى بولسا، پۈتۈن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامنى ئۆزگە قالقان قىلىپ تۇرۇپ قىلىندى. اللهنىڭ بەندىلىرىگە اللهنىڭ ئىسمى بىلەن زۇلۇم قىلىندى. مانا مۇشۇنداق بىر دەۋردە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز سارايدىن چىقتى. | ئەممەۋىيلەر دەۋرى |
| ئەسلىدە ئابباسىيلار دەۋرى ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدىن كۆپ پەرقلىق سانالمايتتى. ئەمما ئۇمەۋىيلەردە كەڭ تارقالغان ئىرقچىلىق ئاجىزلىدى. ئۇمەۋىيلەردىكى ئۆز ئىچىگە تاقىلىۋېلىش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئاچماسلىق دەۋرى بۇ مەزگىلدە ھەددىدىن زىيادە سىرتقا ئېچىلىشقا ئايلاندى. غەرب پەلسەپىلىرى، ھەر خىل خۇراپاتلار ئىسلامنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلۈشكە باشلىدى. سارايلاردا دەبدەبىلىك ھايات ئوخشاش سۈردى، زۇلۇم داۋام قىلدى. | ئاباسىيلار دەۋرى |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ئۈممەتنىڭ سىياسىي تارىخى

| | |
|---|---|
| ئابباسىيلار دەۋرىدە بۆلۈنۈشلەر، كىچىك سۇلتانلىقلار دەۋرى باشلانغان ئىدى. ئۈممەتنىڭ زېمىنلىرى كىم قولغا كىرگۈزسە شۇنىڭ قولىدا قالاتتى. بەزىلىرى قەبىلىسىگە ئىشىنەتتى، بەزىلىرى بولسا مۇسۇلمان بولمىغانلار بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشۈپ، ئىسلام تۇپراقلىرىنى قولغا كىرگۈزەتتى. بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ نۇرلۇق ۋەقەسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ تەسرىدە ھەرىكەت قىلغان نۇرىددىن زەنگى ۋە ئۇ يېتىشتۈرگەن سالاھىددىن ئەييۇبىدۇر. | بەگلىكلەر ۋە سۇلتانلىقلار دەۋرى |
| سۇلتان مۇھەممەد فاتىھنىڭ ئىستانبۇلنى فەتھى قىلىشى بىلەن باشلانغان ئىسلامىي يۈكسىلىش، ياۋۇز سۇلتاننىڭ خىلاپەت مەركىزىنى ئىستانبۇلغا يۆتكىشى بىلەن ئەڭ چوققىغا چىقتى. ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئوسمانىي خەلىپىلىكى بىلەن تىلغا ئېلىندى. قانچىلىغان ئەسىرلەر بويى ئوسمانىي قوشۇنلىرى دۇنياغا ۋال – ۋال قۇببەلەر بىنا قىلىپ ئىلگىرلىدى. 19 – ئەسىرگە كەلگەندە بولسا، ئاجىزلاشقان، ھالى قالمىغان بىر ئوسمانىي قالدى. پۈتۈن خاتالىرى ۋە توغرىلىرى بىلەن ئوسمانىي خەلىپىلىكى ئۈممەتنىڭ ئاخىرقى قەلئەسى ئىدى. ئاخىرقى ئۈمىد ئىدى. 1924 – يىلدا ئۇمۇ تۈگىدى. | ئوسمانىيلار دەۋرى |
| بۇ دەۋر خىلاپەتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى بىلەن باشلاندى. ھېلىھەم داۋام قىلىۋاتىدۇ... | باشسىز دەۋرى |

# ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز نېمىشقا ھېلىھەم ياشايدۇ؟

1 – چوڭ دادىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتىنى كۆردى. چوڭ دادىسىدىن 85 يىل كېيىن ھاكىمىيەتكە كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش دۇنيانى ئادالەتكە تولدۇردى. مەزلۇملارنى كۈلدۈردى، كەمبەغەللەرنى تويغۇزدى. ***سالىھ ئىنسان بىلەن قۇرۇلغان نەسەبنىڭ، بەرىكىتىدە، نەۋرىلەرگە قىلىنغان دۇئانىڭ بەرىكىتى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدە كۆرۈلمەكتە.*** يەنە كېلىپ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى ئاسىمنى ئۆيلىگەندە، بۈگۈن كۆزلىرىمىزدىن قېچىۋاتقان نۇقتىغا دىققەت قىلغان ئىدى. سۈتكە سۇ قوشماقچى بولغان، ئەمما ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بۇنى چەكلىدى دەپ ئانىسىنى ئاگاھلاندۇرغان ھېلىقى مەشھۇر ئايالنىڭ ۋەقەسى... ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈتكە سۇ قوشماقچى بولغان بىر ئايالنىڭ قىزى بىلەن بولغان مۇنۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئىدى: قىزنىڭ ئانىسى: ***«ئۆمەر بىزنى قانداق كۆرىدۇ؟ سۇ ئارىلاشتۇرغىن»*** دېگەندە، قىز: ***«ئۆمەر كۆرمىسە، ئۆمەرنىڭ رەببى كۆرىدۇ»*** دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى ئاسىمغا ئۇ قىز بىلەن توي قىلىشىنى بۇيرىغان ئىدى. ئەنە شۇ قىز ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ چوڭ ئاپىسىدۇر.

**ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن ئەسىرلەر كېيىن كەلگەن نۇرىددىن زەنگى ئۇنى ئۆزىگە ئۆرنەك دۆلەت ئادىمى سۈپىتىدە كۆرگەن ۋە ئۇ ئېلىپ بارغان سىياسەتنى يۈرگۈزگەن بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سالاھىددىن ئەييۇبىنى ئۈممەتكە تەقدىم قىلىپ ئىنتايىن بۈيۈك خىزمەتكە ۋەسىلە بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەرلەرنىڭ بەرىكىتى ئەسىرلەر كېيىنمۇ تەجەللى قىلغان.**

بۈگۈن ھېلىھەم مۇسۇلمانلار شامدىكى سارايلاردا چوڭ بولۇپ، ئىككى يېرىم

www.uyghurkitap.com

يىلدىن ئىبارەت قىسقا بىر ۋاقىتتا ئابىدىگە ئايلانغان ئۆمەرگە قاراپ ئۆزلىرىگە تەسەللى بەرمەكتە. ئۆزلىرى ئۇچراۋاتقان شۇنچىلىك زۇلۇم – سىتەملەر، قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىپ، «ئىسلام» ۋەدە قىلغان گۈزەللىكلەر خىيال ئەمەستۇر، بىر كۈنى بىر مۆجىزىدەك چىقىدۇ – دە، اللهنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز، دەپ ئويلىغان بولسا، بۇ پىكىرلەرنىڭ تېگىدە ئۆمەر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ياتماقتا. ***ھايات ۋاقتىدىمۇ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۈمىد بولدى.*** ئۇ قولىغا كۈچ كىرگەندە ئۈممەتنى ئۇنتۇمىدى. ئۈممەتمۇ ئۇنى ئۇنتۇمىدى. سارايدىكى كۆركەم ھەشەمەتلەر يېپەلمىگەن ئىنسانىي، مازارمۇ يەپ تۈگىتەلمەيدۇ. ھىجرىيىنىڭ 101 – يىلىدا ۋاپات بولغان ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۆئمىنلەرنىڭ قەلبلىرىدە ياشىماقتا. ھەم ئۆرنەك ھەم تەسەللى بولۇپ ياشىماقتا.

**الله تائالانىڭ پىرئەۋننىڭ سارىيىدا مۇسانى يارىتىپ، دىنىنى ھاكىم قىلىشقا ئوخشاش، ئۈمەۋىيلەرنىڭ سارىيىدىمۇ ئۆمەرنى يارىتىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنى ۋە ئۇ يەرلەشتۈرگەن نىزامنى ئېرىپ تۈگەشتىن قۇتقۇزغان. چۈنكى، بۈگۈن قولىمىزدىكى ھەدىس كىتابلىرىنىڭ يېزىلىپ بىزگە يېتىپ كېلىش پىلانىمۇ ئاشۇ ئۆمەرگە ئائىتتۇر.**

مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، پۈتۈن پۇقرالىرىغا بىرىنچى دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلدى. ھەربىر ئەما ئۈچۈن بىر خىزمەتچى، ھەر ئىككى كېسەل ئۈچۈن بىر باققۇچى، ھەر بەش يېتىمگە بىر دۆلەت خىزمەتچىسى تەيىنلىدى. مائاشلىرىنى بەردى. ئىككى يىللىق ھاكىمىيىتىدە ئىككى ئەسىرلىك ئىشلارنى قىلدى. ۋاقىتنىڭ ۋە ئىشنىڭ بەرىكىتى بىلەن ياشىدى. ***دۆلەتنى ئارقا پىلانغا قويۇپ، ئىنساننى ۋە پۇقرانى بىرىنچى پىلانغا قويدى.***

2 – قۇرئاننى ناھايىتى كىچىك يېشىدىلا قىممەتلىك ئۇستازلاردىن ياد ئالدى. پەلسەپەدىن بۇرۇن ھەدىس ئۆگەندى. بالىلىق كۈنلىرىدە مەدىنە مۇنەۋۋەردە قالدى. ئۇ يەردىكى ئالىملاردا ئوقۇدى. شۇنداق قىلىپ ئەڭ

ساپ مەنبەگە يېقىن تۇردى. قۇرئان ئۇنى ئاخىردا ئېرىگەن قەلب ئىگىسى قىلدى. اللهتىن ھەقىقىي قورقتى.

**ئۇنى بۈيۈك بىر دۆلەتنىڭ بېشىدا خەلىپە بولغاندا كۆرگەنلەر، ئايەتلەر ئالدىدىكى نەملىك كۆزلىرى بىلەن جەھەننەمدە يىلارچە قالغاندىن كېيىن دۇنياغا قايتۇرۇلغانلاردىن بىرىدەك كۆرۈشتى.**

اللهتىن شۇنچىلىك قورقاتتىكى، بارغانسېرى شامدەك ئېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ جەھەننەمنى ۋە جەننەتنى ئويلىماي تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ نازۇنېمەتلىرىنى قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن رەت قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتىدا ئەڭ روشەن نامايەن بولغان نەرسە اللهتىن قورقۇشتۇر. قۇرئان ۋە سۈننەتكە خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ھاياتى بولسىمۇ، ھېچبىر سالىھ ئەملى بولمىغان، ھاياتىنى گۇناھ پاتقاقلىقىدا ئۆتكۈزگەن كىشىدەك اللهتىن قورقاتتى.

قورقتى، ئۇنىڭ قورقۇنچى نەسىھەت بولدى. يىغلىدى، ئۇنىڭ يىغلىغىنىغا يىغلاندى.

قورققان ۋە يىغلىغان بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن نېمە سۆزلىسە قۇلاق سېلىندى. سۆزى بۆلۈنمىدى.

## زاھىد / زۆھد:

**بىر مۇسۇلماننىڭ قولىدىكى ئىمكانلارغا قارىماستىن، دۇنيانى ئۆز كۆڭلىدىن مۇساپىرخانىغا ئوخشاش كۆرۈپ، دەبدەبىگە چۈشمەسلىكىنى زۆھد ۋە بۇنداق ياشىغان بىر مۇسۇلمان زاھىد دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرى قوللىرىغا كەلگەن دۇنيالىق نېئمەتلەرنى، ئاخىرەتكە دەسمى سۈپىتىدە چىقىم قىلىپ، دۇنيادا بىر مۇساپىرغا ئوخشاش ياشىدى. ئۆيلەرنى، سارايلارنى، مۇجەۋھەرلەرنى ئاخىرەتكە مېڭىۋاتقان بىر يولۇچى ئۈچۈن ئېغىر يۈك دەپ قاراشتى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزمۇ ئەنە شۇنداق بىرى ئىدى. ئۇ ئىدارە قىلغان دۆلەت دۇنيانىڭ ئەڭ بۈيۈك**

ئىمپېراتورلۇقلىرىنى تىز پۈكتۈرگەن، خەزىنىلىرىنى مۇسادىرە قىلغان بىر دۆلەت ئىدى...

ئۇ دۆلەتنىڭ بېشىدا رەئىس بولۇپ تۇرغان مەزگىلىدە مائاش چاغلىق نەرسە ئېلىشقا ئۇنىمىدى.

ساليھ بەندىلەرنىڭ بۇ مۇستەھكەملىكى «مەن دۇنيانى ئالمايمەن، جەننەتنى ئالايمەن» دېگەن دەۋانىڭ ھاياتتا ھەقىقى نامايەن بولغان شەكلىدۇر.

ئالىملاردىن زىياد بىر قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇنى يىغلاشتىن يۈز – كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن، مەڭزىلىرىدە ئىز چىقىپ كەتكەن ھالەتتە كۆردى. ناھايىتى كەمبەغەل تىلەمچىگە ئوخشاش ئىدى. كىيىملىرى ياماقلىق، ئۈستى – بېشى رەتسىز ئىدى. ئۇنىڭغا دېيىلدىكى:

ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىين!

قېنى ئۇ سەن ياشىغان سارايلار؟ قېنى ئۇ كىيىملەر؟ قېنى ئۇ سۆلەت؟

ئۇنىڭغا شۇ جاۋابنى بەردى:

ھەي زىياد! ئەگەر مېنى قەبرەمگە قويۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن كۆرسەڭ، كېپەنلىرىم يىرتىلغان، قۇرتلار مەڭزىلىرىمدە ئويناپ، كۆزلىرىمنى يېگەن، ئېغىز – بۇرنۇمغا توپا تولغان كۆرگەن بولاتتىڭ، ئەسلىدە مانا شۇ ۋاقىتتا ھەيران قالاتتىڭ، شۇ ۋاقىتتا!

3 – زاھىد ئىدى: ھەيۋەتلىك بىر دۆلەتنى ئىدارە قىلاتتى، ئەمما تويغىچە تاماق يېمەيتتى. ئۆزىنىڭ ياماقلىرىنى ئۆزى تىكەتتى، خىزمەتچى ئىشلەتمەيتتى. ئۇ نە ئۆزى ئۈچۈن، نە پەرزەنتلىرى ئۈچۈن بىر نەرسە يىغمىدى. كۆڭلۈك يەيدىغان نەرسىسى بولدى، ھەتتا بەزىدە ئۇمۇ بولمىدى. ئۇنى كوچىلاردا كۆرگەنلەر تىلەمچى دەپ ئويلاپ قېلىشتى. ۋاپات بولغاندا باللىرىغا قالغان نەرسە «بىر قېتىم خەجلىگىدەك پۇل» دېيىشكىمۇ ئەرزىمەيدىغان دەرىجىدە ئاددى بىر نەرسە ئىدى.

**يوقلۇقتىن ئەمەس، زاھىدلىقىدىن شۇنداق ياشىدى. قولىغا نېمە كىرسە شۇنى اللّٰه يولىدا چىقىم قىلدى. جەننەتتىن تۆۋەنرەك نەرسىگە ئەسلا رازى بولمىدى.**

ئۇ بەك كۆپ دۇئا قىلاتتى.

ۋاقتىغا ئاجايىپ دىققەت قىلاتتى. كېچىسىنى ئىبادەت ئۈچۈن ئايرىغانلىقتىن، خۇپتەندىن كېيىن ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمايتتى.

4 – كەمتەر ئىدى: ئۆزى ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇلۇشنى چەكلىگەن ئىدى. اللّٰهتىن باشقىسى ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇلمايدىغانلىقنى ئېيتاتتى. ھەتتا ئەسكەرلىرىگىمۇ ئالدى بىلەن ئۇ سالام بېرەتتى.

**بىر قېتىم زىيارەتچىلىرىنىڭ يېنىدا شام ئۆچۈپ قالاي دېدى. ئورنىدىن تۇرۇپ يېقىسىنى ياقتى. «بىز ياقساق بولاتتى، ئاۋارە بولمىسىڭىز!» دېيىلگەندە، شۇنداق دېگەن ئىدى: «نېمە ئۆزگەردىكى؟ ئورنۇمدىن تۇرماستىمۇ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزتىم، يەنىلا ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزمەن».**

يەنە بىر قېتىم يولدا كېتىۋاتقاندا، يولدا ئۇخلاۋاتقان بىرىگە پۇتلىشىپ كەتتى. ئۇ ئادەم ئۇنى تونىماي:

«ھەي، ساراڭمۇسەن ئاداش!» دەپ ئاچچىقلاندى. ئۇ:

«ياق! دەپ جاۋاب بەردى. يېنىدىكى قوغدىغۇچىسى ئۇنىڭغا قول سالماقچى بولۇۋىدى، ئۇنى توسۇپ مۇنداق دېدى: «**بۇنىڭدا ئاچچىقلانغىدەك نېمە بار؟ ساراڭ ياكى ئەمەسلىكىمنى سورىدى، «ياق» دېدىم».**

**ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ مەدىنىگە يەرلىشىشىنى ۋە ۋاپات بولغاندا چوڭ دادىسى ئۆمەرنىڭ يېنىغا تۆتىنچى كىشى بولۇپ كۆمۈلۈشىنى**

www.uyghurkitap.com

**تەۋسىيە قىلىشتى. «ئۇ يەرگە لايىق بىرى ئىكەنلىكىمنى ئويلاپ قېلىشتىن اللّٰەقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېدى.**

**دۆلەتنىڭ زېمىنىدىن بىر يەرگە كۆمۈلۈشنى ھەقسىزلىقتەك كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ساق ۋاقتىدا بىر يەر سېتىۋالدى ۋە ئۇ يەرگە كۆمۈلۈشنى ۋەسىيەت قىلدى. ئەمەلىيەتتە ھەم شۇنداق قىلىندى.**

5 – سەۋرچانلىقنى، ئادالەتنى ۋە كەسكىنلىكنى ئائىلىسىنىڭ تەربىيىسى بىلەن بىر يەردە تۇتتى. دۆلەت رەھبىرى ئىكەنلىكىنى زېدىلەيدىغان ھەرقانداق ھەرىكەت سادىر قىلمىدى. مەرھەمەتلىك، ئەمما جىددىي ئىدى. سەۋرچان، ئەمما كەسكىن ئىدى. يالغۇز قېلىشتىن چېكىنمىدى. 17 پەرزەنتىنىڭ ھېچقايسىسىغا سەل قارىمىدى. ئوغلى ئابدۇلمەلىك 20 ياشقا بارماستىن ۋاپات بولدى. بىر قېتىم دادىسىنى چۈشلۈك ئارام ئېلىشتا كۆردى ۋە دادىسىغا دېدىكى: «كەمبەغەللەر، يېتىم ۋە ئىگە – چاقىسىزلار بولغان بىر جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان كىشى ئۇخلامدۇ دادا؟ قىلغان ئىشىڭغا قارا!» بالىلىرىنىمۇ ئۆزىدىكى زاھىدلىق ۋە تەقۋالىق ئۈستىدە تەربىيىلىدى. ھەربىرىنى قۇرئان بىلەن تونۇشتۇردى. زاھىدلىق ئىچىدە ياشاشقا كۆندۈردى.

قەغەز ئىمپورت قىلىش ئۈچۈن ئۆزىدىن رۇخسەت سوراپ مەكتۇپ ئەۋەتكەن مەدىنە ۋالىيسىغا شۇ مەكتۇبىنىڭ كەينىگە مۇنۇ جاۋابنى يېزىپ ئەۋەتتى: «مەندىن قەغەز ئىمپورت قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپسەن. ماڭا يازغان خېتىڭدىمۇ قەغەزنى ئىسراپ قىلىپسەن. سەن ئالدى بىلەن ئۈممەتنىڭ مېلىنى تېجەپ ئىشلىتىشنى ئۆگەن».

6 – جىھادقا سەل قارىمىدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە فەتھلەر داۋام قىلدى. بىر تەرەپتىن ئالىملارنى ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئافرىقىغا ئەۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن قوشۇنلىرى جىھادنى داۋام قىلدى. ئىچىدە ئىسلاھات

بىلەن، تېشىدا فەتھىلەر بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئۇ خەلىپە بولغاندا، سەمەرقەند خەلقى ئىلگىرىكى خەلىپىنىڭ قوماندانىنىڭ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىپ زېمىنلىرىنى فەتھى قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا شـــىكايەت سۇندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇ يەردىكى ۋالىيسى سۇلايمان ئىبنى سىررىغا شۇ تەلىماتنى يازدى: «سەمەرقەندلىكلەر تۇپراقلىرىنىڭ زۇلۇم بىلەن فەتھى قىلىنغانلىقىغا دائىر شىكايەت سۇندى. بۇ خېتىم ساڭا تەككەندە، بىر ھەكەم يەنى ھۆكۈم قىلغۇچى تەيىنلە. ئەگەر ئۇلارنىڭ دېگىنى توغرا بولسا، ئىسلام قوشۇنلىرىنى دەرھال فەتھىدىن بۇرۇنقى چېگراغا قايتۇرۇپ چىقىپ كەت. ئۇلارغا ئىســلامنى ناھايىتى ياخشـــى چۈشـــەندۈرگەندىن كېيىن ۋە شەرتلەرنى تەييار قىلغاندىن كېيىن يېڭىدىن فەتھى قىلىشقا ئۇرۇنۇڭلار».

بۇ قارار بىلەن ســەمەرقەندلىكلەر تەلەپلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئىســلامنىڭ ئىدارىســـىدە قېلىشـــقا رازى بولۇشـــتى. تۇپراقتىن بۇرۇن قەلبلەرنى فەتھى قىلدى. قەلبلەرمۇ ئۇنىڭغا ھەيران بولدى.

**اللّٰه سـەندىن رازى بولسـۇن. سـەن ئۆلمىسـىڭ. كۆزلىرىمىزدە پاقناۋاتقان ئۈمىدسەن. سەن ۋە ساڭا ئوخشاش بولالمىغانلىقىمىز ناھايىتى ئېنىق. ئەمما سېنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزغا اللّٰه شاھىتتۇر ئى ئۆمەر!**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## مۇجەددىد كىمدۇر؟

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى بىلەن ئۇممەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت ئۇزارغانچە، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنى ياشاشتا ھورۇنلۇقتا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ۋە دىنىنىڭ بىر تەرەپكە ئىتتىرىلىپ قويۇلىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن. شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ پات – پات ئۇخلاپ قالغان مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىش، ئۇلارنى يېڭىدىن ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بەزى قۇللىرىنى ئەۋەتىدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرگەن. بۇنىڭغا ئالاقىدار سەھىھ ھەدىسلەر بار. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تېخى بىرىنچى ئەسرى توشماستىن مەيدانغا كەلگەن قالايمىقانچىلىق ۋە بىدئەتلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ ئەۋەتكەن تاللانغان بىر بەندە، مۇجەددىد دەپ قوبۇل قىلىنغان. ئۇنى تۇنجى قېتىم مۇجەددىد دەپ ئاتىغان مۇھەممەد ئىبنى شىھاب زۇھرى ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدۇر. ئىبنى ھەجەرگە ئوخشاش داڭلىق ھەدىسشۇناس ئالىم بولسا، بۇ سۈپەتكە ئەڭ لايىق كىشىنىڭ ئۇ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

تارىخى جەريان ئىچىدە كۆپلىگەن كىشىلەر ئۈچۈن بۇ سۈپەت ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدەك بىرىنىڭ ئىجازىتى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە نېسىپ بولغان.

مۇجەددىد يېڭىلىغۇچى دېگەن مەنىدە. ئەمما بۇ يېڭىلاش دىنىنىڭ يېڭىلىنىشى ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنغا بولغان كۆز قاراشلىرىنىڭ يېڭىلىنىشى، ساپلاشتۇرۇلىشى، كۈچلەندۈرۈلۈشى ۋە ئىسلامغا زىت بولغان بۇزۇق پىكىرلەردىن تازىلىنىشى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

## زامانلارنىڭ

## ئىمامى ئەزەمى

# ئەبۇ ھەنىفە

رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى

(اللّٰەنىڭ رەھمىتى ئۇنىڭغا بولسۇن!)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# «ئاللاھ كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ»

ھەدىس شەرىپ

**ئىسمى: نۇئمان ئىبنى سابىت.**

**كۇنيەسى: ئەبۇ ھەنىفە.**

**مەشھۇر ئىسمى: ئىمام ئەزەمدۇر.**

**ھىجرىيىنىڭ 80 – يىلى كۇفەدە تۇغۇلدى. ھىجرىيىنىڭ 150 – يىلى باغداتتا ۋاپات بولدى.**

**ئەرەب ئەمەس بىر ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولۇپ دۇنياغا كەلدى.**

ئەرەبچىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىسىملىرىدىن بىرى بولدى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرىدىن بىرىدۇر. ئۇنى يا ئۇ، يا بۇ سەۋەبلەر بىلەن ياخشى كۆرمەيدىغانلارمۇ ئۇنىڭ ئىلمى ئالدىدا تىز چۆكتى.

ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىمام زۇفەر دەيدۇكى:

ئەبۇ ھەنىفىنىڭ يېنىدا يىگىرمە يىلدىن كۆپرەك قالدىم. ئىنسانلارغا ئۇنىڭدىن بەكرەك مەرھەمەتلىك ۋە كۆيۈمچانراق بىرسىنى كۆرمىدىم. ئۇ ئۆزىنى ئاللاھقا ئاتىغان ئىدى.

كۈندۈزلىرىنى ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش بىلەن، كىشىلەرنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب قايتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئولتۇرغان يېرىدىن قوپقان بولسا، يا بىر كېسەل زىيارىتى، ياكى جىنازىغا قاتنىشىش، بىر كەمبەغەلگە ياردەم قىلىش، ياكى بىر دوستىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن قوپقان بولاتتى.

كېچە بولۇش بىلەن تەڭ ناماز ۋە قۇرئان ئوقۇشقا كىرىشىپ كېتەتتى.

ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنى مۇشۇ ھالەتتە كۆردۈم.

تىنىمسىز داۋام قىلىۋاتقان ئەسىرلەر ئۇنى ھەمىشە ئۇلۇغلىدى. يەر يۈزىنىڭ مەئمۇر بولغان (يەنى ئاھالە ئولتۇراقلاشقان) ھەرقانداق بىر يېرىدە مۇئمىنلەر بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ مۇھەققەق ئۇ يەردە بولىدۇ. ئىلىم دېيىلىشى بىلەن ئۇ ئەسلەندى. فىقھى دېمەك، ئەبۇ ھەنىفە دېمەك بولدى. كىتابلارغا كىردى، كۆڭۈللەرگە كىردى. قەلبلەردە تەخت قۇردى. زاماندىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەنلەر ئارىسىدا،

ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىلمى شۆھرىتى بولغان، ئىسمى ئۇنتۇلغان يۈزلەرچە ئالىم بار ئىدى. ئۇ مىلياردتىن ئاشــقان ئۈممەتنىڭ يولىغا چىراق تۇتتى. ئىبادەت ۋە ھايات رەھبىرى بولدى. ياخشى كۆرۈلدى، ھۆرمەتلەندى، ئىززەتلەندى.

## ئىلگىرى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى.

تەقۋادار بىر ئائىلىنىڭ بالىســى بولۇپ، پەقەت قۇرئان كەرىمنى يادلىغان ۋە نورمال كىشىلەرگە ئوخشاش مەلۇماتى بار بىر يىگىتتى.

زامانىنىــڭ داڭلىق ئالىمى شــەئبىنىڭ تەنبىھى بىلەن 22 يېشــىدا ئىلىم يولىغا كىردى. ئۇســتازى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ ســۇلايماننىڭ دەرسلىرىنى 18 يىل داۋام قىلدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا، ئۇســتازىنىڭ ئورنىدا ئۇ ئولتۇردى. ئوقــۇدى، ئوقۇتتــى. ئالغان قــول ئەمەس، بەرگــەن قول بولــۇش ئۈچۈن تىجارەتنى تاشــلىمىدى. ۋاپات بولغانغا قەدەر كۇفەدىكى رەخت دۇكىنىنى ئاچتى. ھېچكىمنىڭ ھىممىتىگە موھتاج بولماســتىن، ھەتتا ياخشىلىقنى يەتكۈزۈپ تۇرۇپ ئىلىم يولىدا ئىلگىرىلەشــنى، ئەڭ چوققىلارغا چىقىشنى كۆرسەتتى. ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەم ئۇستازى ھەم دادىسى بولدى.

تىجارەت قىلدى؛ ئەمما يەتمىش يېشــىدا ۋاپات بولغاندا «ئىمامى ئەزەم» ئىدى.

## ساھابىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

تابىئىنلاردىــن ئىكەنلىكى ھەققىدە بەزى قاراشــلار بولســىمۇ، ئۈچىنچى نەســلدىن بولغان تابىئۇتتابىئىننىڭ بۈيۈكلىرىدىن ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قــاراش بىردەكلىككە ئىگــە. ئىلمنى ســاھابىلەرنىڭ ئالدىــدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان تۈنجى نەسلدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئالدى.

## ئىسلامىي بىلىملەر ساھاسىدە يول ئاچتى.

ئىلىم ۋە فىقھى سىستېمىســىنى قۇرۇش ئۇنىڭغا نېسىپ بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىــن كەلگەن فەقىھلەر ئۇ ئاچقــان يولدىن پايدىلانــدى. ئۇنىڭ زامانى نېمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى تېخى سىستېمىلاشمىغان بىر زامان ئىدى. ئۇ خۇددى گۆھەرلەرگە تولغان بىر تاغنى قانداق قېزىپ چىقىشنى ئۆگەتتى.

بۇ سەۋەبتىن ئىمام شافىئىي: «ئىنسانلار پىقھىدا ئەبۇ ھەنىفىنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇر» دېگەن.

## سىياسەتچىلەرگە كۆڭۈل بۆلمىسى، دۆلەت خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى قوبۇل قىلمىسى.

سىياسەتچىلەرنىڭ خاتا ھەرىكەتلىرىنى ئوچۇق – ئاشكارا تەنقىد قىلدى. توغرا كۆرگەن ئىشلىرىنى ماددى – مەنىۋى جەھەتتىن قوللىدى. كىچىككىنە بىر شۈبھە بىلەنمۇ كاللا كېسىلىدىغان بىر زاماندا، زالىم دەپ قارىغان خەلىپىلەرگە قارشى مەيداننى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلارغا قارشى كىم ھەقتە بولسا، شۇ تەرەپتە تۇردى.

دەرسلىرىگە قاتنىشىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەر دائىم ھەق تەرەپتە تۇرۇشنى بۇيرىدى. شۇ ۋاقىتتىكى سىياسىي ھۆكۈمرانلار ئۇنىڭ خەلق نەزىرىدىكى ھۆرمىتىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىنتايىن يۇقىرى خىزمەت تەكلىپ قىلىشتى. قوبۇل قىلمىغىنىدەك، ئۇلارنى تۆۋەن چۈشۈرىدىغان جاۋابلارمۇ بەردى. بۇنىڭ بىلەن تۈرمىگە سولاندى ۋە قىيىن – قىستاققا ئېلىندى. ئۆلۈم سەۋەبىمۇ تۈرمىدە كۆرگەن قىيىن – قىستاقلار بولغان.

تۈرمىگە سولاندى، قىيىن – قىستاققا ئېلىندى، ئۆلۈمگە پەسەنت قىلمىدى، ھەق بىلگىنىدىن ھېچبىر زامان ۋاز كەچمىدى. ئىلمىنى قوساق باقىدىغان نەرسە دەپ قارىمىدى. بىرەر يەر تېپىپ ئارقىسىغا يوشۇرۇنمىدى. زامانىنىڭ داھىيسى تۇرۇقلۇق قول

**بىر «ئالىم» پوزىتسىيىسى**

**خەلىپە مەنسۇر ئەبۇ ھەنىفىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى. بىر قېتىم ناھايىتى كۆپ ھەدىيە ئەۋەتىپ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالماقچى بولدى. ئەبۇ ھەنىفە ھەدىيەنى قوبۇل قىلماي قايتۇرىۋەتتى.**

**ھالبۇكى، مەنسۇرنىڭ ھەدىيەسىنى ئەمەس، پۇتىدىكى ئاياغقا قولنى سۈرتۈۋېلىش ئۈچۈن مۇسابىقىلەشكەنلەر بار ئىدى. مەنسۇر ھەدىيەسىنى نېمىشقا قوبۇل قىلمىغانلىقىنى سورىغاندا، شۇنداق جاۋاب بەردى:**

**مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن سىز ماڭا بەرگەن ھەدىيە، ئۆزىڭىزنىڭ مېلىدىن بولغان بولسا رەت قىلمايتتىم. بەرگىنىڭىز مۇسۇلمانلارنىڭ مېلىدىن ئىدى. مېنىڭ ئۇ مالدا ھەققىم يوقكى، قانداق ئالىمەن!**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش

گۈندىپايلارنىڭ قامچىلىرى ئاستىدا ئايلارچە قالدى. ئۇ بولسا، زۇلۇمغا ۋە زالىمغا قىلچىلىك يېقىنلاشمىدى.

## تەمكىن ۋە سالاپەتلىك ئىدى.

ئىلمىنىڭ ھەيۋىتىنى ھېچ ئاجىزلاتمىدى. يىگۈزگەن، ئىچكۈزگەن، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغان ئۇ بولاتتى. پېقىرلارنىڭ ئۈمىدى، كېسەللەرنىڭ شەپقەتلىك قولى بولدى.

بەرگەن قول بولدى، ئالغان قول بولمىدى. ئۆزى ئوقۇتۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنىمۇ قامدىدى. ئۇلارنى باشقىلارنىڭ سەدىقىسىگە موھتاج قىلمىدى. ئەڭ چوڭ ئۈچ ئوقۇغۇچىسىدىن بىرى بولغان ئەبۇ يۈسۈف دەيدۇكى: «ماڭا ۋە ئائىلەمگە دەل يىگىرمە يىل ئۇ قاردى».

## نەزەر دائىرىسى ئوچۇق، كۆڭلى – كۆكسى كەڭ ئىدى.

بىلگەن مەسىلىلەرنىمۇ ئىستىشارە قىلاتتى. تېخى تۇنۇگۈن دەرس ھالقىلىرىدىن بىرىگە قاتنىشىپ، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن بىر شاگىرتىغىمۇ «سەن قانداق قارايسەن؟» دېيىشتىن چېكىنمەيتتى. ئاچچىقلانمايتتى، ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ، قىسقا بىر جاۋاب بىلەن ئالدىدىكى كىشىنى جىمىقتۇراتتى. قايىل قىلىش قابىلىيىتى تىللاردا داستان ئىدى. «شۇ تۈۋرۈك ئالتۇن دېسە، ئېتىراز بىلدۈرمە. ئۇنىڭغا سېنى چوقۇم قايىل قىلىدۇ» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىلغان.

ئىلىم ۋە شۆھرىتى يۈكسەلگەنسېرى كەمتەرلىكى ئاشتى. ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھەيرانلىقى ئاشقانسېرى، ئۇنىڭ الله قورقۇنچى تېخىمۇ ئاشتى. ئىلمىنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، دىنىي ئۈچۈن ئىشلەتتى. كىمنىڭ نېمە دېيىشىگە پەرۋا قىلمىدى. زامانىنىڭ ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كەتمىدى. تىك تۇردى ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە جەسۇر ئۈرنەك بولدى. ئېگىلمىدى ۋە ئەگمىدى.

تەقۋادار ئىدى.

كۈندۈز ئىلىم مەجلىسىدە، كېچىسى سەجدىدە بولاتتى.

بىر كۈنى ئىككى كىشىنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە «تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى. «اللە بىلەن قەسەمكى، مەن شۇلار دېگەندەك بولۇشىم كېرەك» دەپ، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۆزىگە كېچە ئۇيقۇسىنى تامامەن چەكلىدى.

خەلىپە قازىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنى بۇيرىدى. «مەن ئۇ ئىشقا ئۇيغۇن ئەمەسمەن» دەپ جاۋاب بەردى. خەلىپە: «يالغان ئېيتىپ قۇتۇلماقچى بولۇۋاتىسەن؟» دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەندە، شۇ جاۋابنى بەرگەن ئىدى: «شۇنداق، سەنمۇ يالغانچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىڭ. يالغانچى بىرىنىڭ بۇنداق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى توغرا بولمايدۇ.

اللە رەھمەت قىلسۇن! زامانىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىمامىغا! ئاچقان يوللىرى بىلەن مۇئمىنلەر ئەسىرلەردىن بۇيان يۈرۈۋاتقان ۋە ياخشىلىق بىلەن ئەسلەۋاتقان ئىمامغا! فەقىھ ئىماملارنىڭ ئەزەمگە!

# ئىمامى ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئىلمى شەجەرىسى

| | |
|---|---|
| ۋەھيي باسقۇچى | پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام |
| ئىلمىنىڭ تۇنجى بۇلاقلىرى بولغان ساھابىلەر، بولۇپمۇ، ئۆمەر، ئەلى ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار. | ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم. (اﷲ ئۇلاردىن رازى بولسۇن). |
| ساھابىلەرنىڭ تالىبلىرى | مەسرۇق ئىبنى ئەجدا، قازى شۇرەيھ، ئەسۋەد ئىبنى يەزىد. |
| كۇفەدىكى داڭلىق ئالىملارنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى | ئىبراھىم نەخەئى. |
| ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئۇستازى | ھەمماد |
| ھىجرىيە 100 – يىلدىن ئېتىبارەن فىقھى ئىلمىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى | **ئەبۇ ھەنىفە** |
| فىقھنى كىتابلاشتۇرغان ئوقۇغۇچىلىرى | ئەبۇ يۇسۇف، مۇھەممەد، زۇفەر ۋە باشقىلىرى (فىقھنىڭ كىتابلارغا يېزىلىشىغا باشلامچىلىق قىلغان ئىسىملار) |

# «شەرقنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك سۇلتانى سالاھىددىن»

www.uyghurkitap.com

# تۇنجى 500 يىل

”چۆلگە نۇر چۈشتى“.

”چۆلگە چۈشكەن نۇر“ تۇنجى قىرىق يىلدا سائادەت ئەسرىنى ياشىدى. چۆل نۇرغا تولدى. ۋەھشىيلىك يوشۇرۇندى، يامانلىق ئېزىلدى. قۇلغا قۇل بولۇش يوق بولدى، ئورنىغا ياراتقۇچىغا قۇللۇق قىلىش كەلدى. كېچىلەر يوپيورۇق بولدى. ئىنسانىيەت روھلاندى. ئۈمىدسىزلىك كەتتى، ئۈمىد كەلدى. ئۆلگەن قەلبلەر تىرىلدى...

تۇنجى قىرىق يىل ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. ئۇ يىللاردا ھەتتا ئۆلۈممۇ گۈزەل ئىدى. بۆرىلەر قويلار بىلەن دوست بولۇشتى دېيىلسە، ئۇنىڭغىمۇ ئىشىنىلەتتى. ھەر نەرسە شۇنداق گۈزەل ئىدى. ئۆلۈممۇ شۇنداق ئىدى. ئىنسانلار گويا ئۆلۈمگە يۈگۈرۈشەتتى. خۇددى چۈشكە ئوخشاش قىرىق يىل ئۆتۈپ كەتتى. قايغۇسى بىلەن، خۇشاللىقى بىلەن پەقەت بىر قېتىملا بولىدىغانلىقى ئېنىق بولغان قىرىق يىل ئۆتۈپ كەتتى. بەخت - سائادەت يۈزلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر سائادەت دەۋرى ئۆتكەن ئىدى.

ئۇ قىرىق يىل سىياسەتنىڭ ۋە ئىلىمنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولدى.

كېيىن سىياسەت تەۋرەندى.

ئۇ قىرىق يىلدىن كېيىن قانچىلىغان قىرىق يىللار كەلدى كەتتى. ھەر كەلگەن «قىرىق» ھەسرەتنى ئاشۇردى. دەرتلەر كۆپەيدى. مەسىلىلەر چوڭايدى. ئىمتىھان قىيىنلاشتى. كۆز ياشلىرى، نادامەتلەر كۆپەيدى. دۈشمەنلەر بىرلىشىپ كەلدى، ئەتراپنى قورشىدى، ھەتتا ئۇلار مۇسۇلمانلار ئىچىدىن ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىدىغان غالچىلارنىمۇ تېپىشتى.

ھەر نەرسە ئىسلام ئۈچۈن دەپ چىقىلغان يولدا، تۆكۈلگەنلەر ۋە تۆككەنلەرنىڭ تۈرى كۆپەيدى. مەنپەئەتلەر ئەتراپىدا قوشۇنلار، بەگلىكلەر قۇرۇلدى. دەبدەبىلىك ھاياتلار، گۈمبەزلىك سارايلار، پانۇسلۇق كېچە ئولتۇرۇشلىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى. كىم ئىدۇق؟ نېمە بولدۇق؟ دېگەنلەر ئازايدى. پادا توپى كېتىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ماڭغانلارمۇ توختاپ قالدى. ھايقىرماقچى بولغانلارنىڭ ئاۋازىمۇ قىسىلدى.

**خرىستىئان دۇنياسى پارچە – پارچە بولغانلىقىغا قارىماستىن «ئەھلى سەلىب قوشۇنلىرى» ئىسمى ئاستىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە قارشى بىر ۋۇجۇد بولغان بولسا، تەۋھىد دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى بولغان مۇسۇلمانلار يەنىلا بەگلىك، ئەمىرلىك، قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈشتى.** مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەر رايوننىڭ ئايرىم مۇستەقىل بايرىقى مەيدانغا كەلدى. پارچە – پارچە بولغانلار بىرلەشتى، پۈتۈن، ئىتتىپاق بولغانلار پارچىلاندى.

بىردىنبىر ياخشى مېڭىۋاتقان نەرسە ئالىملارنىڭ مۇكەممەل خىزمەتلىرى ئىدى.

ئىلىم ئىنسانىيەت بىلەن تېپىشتى. ئىلىم ئىلىم بولدى.

كۈتۈپخانىلارنى كىتابلار بىلەن تولدۇرۇشتى، مەدرىسىلەر ئۇ چۆلگە چۈشكەن نۇر بىلەن يورىدى. ئۆزلىرى ياشىغان زاماننى يورۇتقانلىرىدەك، قىيامەتكىچە بولغان زامانلارغا يەتكۈدەك نۇر قالدۇرۇشتى. زېرىكىشمىدى، چارچاشمىدى. شەھەرمۇ شەھەر، قىتئەمۇ قىتئە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىلىم تاراتتى. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىنى ھېچبىر پەيغەمبەرگە نېسىپ بولمىغان شەكىلدە قوغداشتى. كىتابلارغا يازما شەكىلدە توپلىدى.

جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن بولسا، قورقۇنچلۇق ئىدى. ئامانەتلەر بىر – بىرلەپ قولدىن كېتىۋاتاتتى.

**ئۈچىنچى چوڭ ئامانەت قۇددۇس/ مەسجىدى ئەقسا قولدىن كەتكەن ئىدى.**

تۇنجى قىبلە ئەھلى سەلىبلەرنىڭ قولىدا جامائى شەكىللىك قەبرىستانلىق بولۇپ چىقتى. قۇددۇس كەتتى؛ ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدىكىلەرنىڭ بۇلاردىن ئەندىشىسى يوق ئىدى. ھەممەيلەن سارايلىرىدا جارىيەلىرى، خىزمەتچىلىرى بىلەن كىسرا سارايلىرىنى ئەسلىتىدىغان دەرىجىدە بىر ھاياتتا ياشايتتى.

**مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدە «باشقۇرغۇچى» ئىسمى بىلەن تۇرۇۋاتقانلار، بىر – بىرلىرى بىلەن ھېسابلىشىۋاتقان ۋاقىتتا، خرىستىئانلارنىڭ يارىدەم تەلەپ قىلىشىپ، ئۆچ كۆڭلۈك سەلتەنەتلىرى ئۈچۈن، شېھىتلەرنىڭ ئامانەتلىرى بولغان ئۇ تۇپراقلارنى خرىستىئانلارغا بەخش قىلىۋېتەتتى.**

ئەمدى ھەسرەت ئورمانلىقى لاۋۇلداپ يانغان، باغرىلارغا تۇتاشقان ئىدى. بىر ئوچۇم بولغان سەمىمىي كىشىلەرمۇ بىر رەھبەر كۈتۈشەتتى.

نىھايەت ئالتىنچى ئەسىرنىڭ بېشىدا، بۈگۈنكى سۈرىيە زېمىنلىرىدا بىر ئىسىم ئاشكارا بولدى:

**نۇرىددىن زەنگى**

نۇرىددىن زەنگى سەلجۇقىلارنىڭ بىر ۋەزىرى ئىدى. قەلبى قۇددۇسنى قۇتقۇزۇش ئارزۇسى بىلەن تولغان، مۇجاھىد، مۇتتەقى، زاھىد رەھبەر ئىدى. ئۇممەتنىڭ دەردىنى چۈشىنىپ، چارە ئىزدەشكە تىرىشقان ئىدى.

نۇرىددىن زەنگى ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىۋاتقان ۋەيرانچىلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، سۈرىيە رايونىنى ئىچىدىكى غاپىللاردىن ۋە خائىنلاردىن، سىرتتىكى ئەھلى سەلىب قوشۇنلىرىدىن تازىلاشقا باشلىدى. بۇ جەرياندا قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان خادىملىرىدىن **يۇسۇف ئىبنى ئەييۇب**نى مىسىرغا ئەۋەتتى.

ئۇنىڭ پىلانىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن مىسىرغا ئەۋەتكەن بۇ خادىمى، كېيىن "دىنىنىڭ ياخشى بولۇشى" دېگەن مەنىدە كەلگەن سالاھىددىن دەپ ئاتىلىدىغان سالاھىددىن ئەييۇبى ئىدى.

يۇسۇف ئىبنى ئەييۇب ئىدى.

ئۇممەت ئۇنى سالاھىددىن قىلدى.

**سالاھىددىن دەۋرى**

سالاھىددىن 32 يېشىدا مىسىردا فاتىمىلەر خەلىپىسىنىڭ ۋەزىرى بولدى. "فاتىمىلەر" ئىسمى بىلەن مىسىرغا ھۆكۈم سۈرگەن سۇلالە تامامەن پىتنە قازىنى ئىدى. خۇددى ئەھلى سەلىبلەرنىڭ قول – پۇتىدەك ياشايتتى.

نۇرىددىن زەنگىنىڭ قوللىشى ۋە پىلانلىشى بىلەن سالاھىددىن ئۈچ يىلدا فاتىمى دۆلىتىنى ئاخىرلاشتۇردى. دىنغا ئورۇنۇۋالغان بىدئەت ۋە پىتنىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى. يېڭىدىن بىر ئويغىنىش دەۋرى باشلاندى. ئۈمىدلەر بىخلاندى. ھاياجان كۆرۈلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەستىن نۇرىددىن زەنگى ئۆلدى. سالاھىددىن مىسىردىن سۈرىيىگە كېلىپ، پارچىلىنىشقا ھېچ پۇرسەت بەرمەستىن زەنگى قالدۇرغان يەردىن باشلاپ پىلاننى داۋام قىلدى.

**ئون يىل ئېچىدىكى غەپلەتنى ۋە خىيانەتنى تازىلاش ئۈچۈن تىرىشتى.**

سۆز ئۇققانغا سۆز بىلەن، ئۇقمىغانلارغا قىلىچ بىلەن سۆز قىلدى.

بەگلىكلەرگە، قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن پارچىلارنى بىرلەشتۈردى. مۇسۇلمانلار بىرلىك ئىچىدە بىر ئۈممەت كۆرۈنۈشىنى بېرىشكە باشلىدى. مىسىر ۋە سۈرىيىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تامامىنى بىر بايراق ئاستىغا توپلىدى. ئىچكى نىزالارنى يوق قىلغاندىن كېيىن، ئەھلى سەلىبلەر بىلەن ئون بەش يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش باسقۇچىنى باشلاتتى. ئاخىرىدا ﷲنىڭ لۇتفى بىلەن 91 يىل ئەھلى سەلىبلەرنىڭ قولىدا ئەسىر قالغان قۇددۇسنى قۇتقۇزدى. كۆكۈللەرگە تەخت قۇردى. شەرقتىن غەربكىچە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسىنى ئالدى. ئىسمى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا، مەدرىسىلەرگە، كۆۋرۈكلەرگە، مەسجىدلەرگە قويۇلدى.

ئۇ شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈلدۇكى...

خۇلەفائى راشىدىن ۋە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن كېيىن ئۇنىڭچىلىك ياخشى كۆرۈلگەن بىر ئەمىر كەلمىدى. ئۆلۈم خەۋىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە خۇددى كۆك قۇببە يىقىلىپ چۈشكەندەك چۈشتى.

ئۇ ھېلىھەم ياخشى كۆرۈلمەكتە ۋە ئەسلەنمەكتە.

بىرلەشتۈرۈدىغان، چوڭايتىدىغان، جىھاد قىلىدىغان، مال – دۇنيا

توپلىمايدىغان، تىك تۇرىدىغان تەقۋادار بىر سالاھىددىن ئىزدەلمەكتە.

## يۈسۈف ئىبنى ئەييۇبنى سالاھىددىن ئەييۇبى قىلغان ئالاھىدىلىكلەر ياكى ئۈممەت ھەسرەت بىلەن كۈتۈۋاتقان سۈپەتلەر

1 – سالاھىددىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا جىھادى ۋە شىجائىتى بىلەن شۆھرەت تاپتى. ئۇنىڭ باتۇرلىقى تىللاردا داستان بولدى. ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ تەمىنى تېتىغان ياۋروپالىقلار ئارىسىدا بولسا، ئادالىتى بىلەن مەشھۇردۇر. ئون مىڭلارچىسىنى ئۆلتۈرگەن بىر مىللەتنىڭ قالغان ئەۋلاتلىرى ئارىسىدا ھېلىھەم «ئادىل ۋە مەرھەمەتلىك» دەپ تىلغا ئېلىنىش، - پەيغەمبەرلەر مۇستەسنا تۇتۇلسا - ئىنسان ئوغلىغا نېسىپ بولغان بىر ئالاھىدىلىك ئەمەستۇر. دۈشمىنىگە قارشى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئەھۋالدىمۇ، ئاللاھتىن قورقۇش بىلەن ھەرىكەت قىلغان، بىر كۈنى مۇسۇلمان بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلغان.

قۇددۇسقا ئۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر ئەسىر بۇرۇن كىرگەن ئەھلى سەلىبلەر كوچىلاردا دەريا – دەريا ئىنسان قېنى ئېقىتقان ئىدى. نە كىچىك بالا، نە ياشانغان قېرىلار دېمىگەن ئىدى. دەل شۇ شەھەرگە 91 يىل كېيىن كىرگەن سالاھىددىن ئۇلارغا ئوخشاش ئەمەس، مەككىلىكلەرنى ئەپۇ قىلغان پەيغەمبەرگە ئوخشاش قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز دىنداشلىرى خرىستىئانلاردىن كۆرمىگەن مەرھەمەتنى سالاھىددىندىن كۆرۈشلىرى، يۈسۈفنى سالاھىددىن قىلغان ئالاھىدىلىكلەردىندۇر.

كۆزى قانغا تولغان ئەھلى سەلىب قوشۇنلىرىغىمۇ مۇئامىلىسى بۇ بولغان سالاھىددىنىنىڭ ئۆز دىن قېرىنداشلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى ھەر ھالدا ناھايىتى روشەندۇر. ئۇ، مۆئمىن قېرىنداشى بولغان باشقۇرغۇچىلاردىن زۇلۇم كۆرگەن، كۆتۈرگۈسىز باج تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىنغان، ئۆز خەلقىدىن مۇناسىۋەتى ئۈزۈلگەن باشقۇرغۇچىلارغا كۆنۈپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككىنچى ئۆمەرى بولدى. ئادالىتى تارىخقا يېزىلدى.

ئۇ ھەر يېتىم بىلەن يېتىملىك ئازابى تارتقان، ھەر تۇل بىلەن تۇل قالغان،

يىغلىغانــلار بىلــەن يىغلىغــان، دەرتمەنلەرنىڭ دەردىنى ئۇســتىگە ئالغان كۆيۈمچان بىر ســۇلتان ئىــدى. ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىدا ئــۇلار بىلەن يەپ – ئىچىپ، ئۇلار بىلەن ياشايتتى.

ئىسپانىيىدىكى زۇلۇمدىن قاچقانلارنىمۇ باغرىغا باستى.

**2 – ســالاھىددىن 25 يىلغا يېقىن رەھبەرلىك قىلدى. بېكىرى كېســەل بەدەنىدىــن ھەيۋەتلىك ئاۋاز چىقمايدىغانلىقىنى يانىشــى بىلدى ۋە ئالدى بىلــەن ئىچكــى مەســىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشــقا باشــلىدى. ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتلىرىنــى ئــۆز مەنپەئەتلىرىگــە ئوخشــاش ئىشــلەتكەنلەرنى بىر - بىرلەپ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئۇممەتنىڭ بېكىرى يانىشى نەپەس ئالالىغان بىر ھالغا كەلگەندىن كېيىن، ئەھلى سەلىب قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىغا چىقتى. نۇرىددىن زەنگى بىلەن باشلانغان ۋە سالاھىددىن بىلەن ئېچىرا قىلىنغان بۇ پىلان سايىسىدە قــۇددۇس قۇتقۇزۇلــدى. ئەھلــى ســەلىب قوشــۇنلىرى پاچاقلاندى. ئەگــەر ســالاھىددىن ئۆزىدىــن ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش ئۆزىنى نەپەس ئېلىشــقا ئۇيغۇن بولمىغان بېكــەر بىلــەن يولغــا چىققــان بولســا ئىدى، قولىدىكىلەرنىمۇ ئايرىلىپ قېلىشــى مۇمكىن ئىدى. يىللارچە پىلانلاپ ئاندىن يولغا چىقتى. ئۇممەتنىــڭ كۆڭلىنى، خىياللىرىنى بىكارغا ســەرپ قىلماســلىققا كۆڭۈل بۆلدى.**

> **ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك بىر ۋەقە**
>
> ســالاھىددىندىن يەتتــە ئەســىر كېيىن سۈرىيىنى ئىشغال قىلغان فرانسۇزلارنىڭ قوماندانــى شــامدا ســالاھىددىننىڭ قەبرىسىگە بېرىپ:
>
> «مانا بىز يەنە كەلدۇق سالاھىددىن!» دەپ ئۇنىڭ قەبرىسىنى تەپكەن ئىدى.

3 – ســالاھىددىن زاھىد كىشــى ئىدى. مال – دۇنياغا ھېچ بېرىلمىدى. اللهنىڭ جەننىتىدىن باشقا ھېچبىر نەرسە ئىزدىمىدى، كۈتمىدى.

ۋاپات بولغىنىدا پەقەت بىر ئالتۇن ۋە 37 كۈمۈش پۇلى بار ئىدى. بۇ مىقدار ئۇ يېتىملەرگە بېرىلىشــىنى بۇيرىغان يالغــۇز بىر ئايلىق پۇلدىنمۇ ئاز ئىدى. ئۇ ھۆكۈم قىلغان زېمىنلاردا تۈل ئاياللار چېغىدا باي ئىدى. ئۇنىڭ بولسا نە

ئۇلتۇرغان بىر ئۆيى، نە بىر باغچىسى يوق ئىدى. بىر ئېتى ۋە بىر قىلىچى بار ئىدى. ئەمما ئۇلارنىمۇ ئەسكەرلىرىگە ھەدىيە قىلىۋەتكەن بولۇپ، ئۆزى قۇددۇسنى فەتھى قىلغان جىھادىدا ئامانەت ئاتقا مىنگەن ئىدى. قۇددۇسنى فەتھى قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن بىرلىشىپ كەلگەن گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە پادىشاھلىرىنى ئالدىدا تىزلاندۇرغان ئۇ ئۇلۇغ سۇلتان پۇلسىز، مالسىز، قىسقىسى ھېچنېمىسى بولمىغان ھالدا رەببىگە كەتتى.

مال – دۇنيا تاما قىلمىدى، شۆھرەت ئىزدىمىدى.

**4 – سالاھىددىن يېتىشكەن ھەدىس ئالىمى ئىدى. ئۇرۇشتا سەپلەر ئارىسىنى رەتكە سېلىپ كۆزىتىش ئېلىپ بارغان چاغدىمۇ، ئىككى سەپ ئارىسىدا بولسىمۇ ھەدىس مۇتالىئە قىلاتتى. ياخشى ئالىم ئىدى، ئالىملارنى ياخشى كۆرەتتى. ھەر خىل ئىلىملەرگە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئەرەبچە، پارسچە ۋە تۈركچە بىلەتتى. ئۇ بارغان ھەر يەرگە ئىلىم مەركەزلىرى بىنا قىلدۇردى. كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن سارىيىدا كىتاب دۇكىنى ئاچقان ئىدى. ئۇ يەردە ھەپتىدە ئىككى كۈن ئەرزان باھادا كىتاب ساتقۇزاتتى. بىر قېتىم دادىسىنىڭ يېنىدا قۇرئان ئوقۇۋاتقان بىر بالىغا ئۇچراپ قالدى. بالىنىڭ قۇرئاننى ياد ئېلىپ بولغان ھافىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دادىسىغا بىر داچا ھەدىيە قىلدى.**

5 – ئىبادەتكە بەكمۇ دىققەت قىلاتتى. پۈتۈن نامازلىرىنى جامائەت بىلەن ئوقۇيتتى. 14 كۈن كېسەل بولۇپ ياتتى ۋە ۋاپات بولدى. ئۇ ئەنە شۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان كېسەللىدىمۇ – ھۇشىدىن كەتكەن ئۈچ كۈننى چىقىرىۋەتكەندە – نامازلىرىنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا سەل قارىمىدى. ئۇ بۈيۈك فەتھلەر ۋە ئات ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن كېچىلەر بىر ۋاقىت نامىزىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشىگە سەۋەب بولمىدى.

ھەتتا سۈننەت نامازلىرىغىمۇ سەل قارىغانلىقىنى ھېچكىم كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ بىلەن چېدىرلاردا قالغانلار تەھەججۇد نامىزىنى ھېچقاچان

ئۆتكۈزۈۋەتمىگەنلىكىگە شاھىد بولۇشتى.

كۆزى ياشتىن قۇرۇمايتتى. قۇرئان ئاڭلىغىنىدا بولسا يىغلاشقا باشلايتتى.

كاپىرلارنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان سەجدىگە چۈشۈپ، شۇنداق دۇئا قىلاتتى:

«رەببىم! مېنىڭ سېنىڭ دىنىڭ ئۈچۈن قىلالايدىغانلىرىم تۈگىدى. ساڭا سېغىنىشتىن، سېنىڭ ئارغامچاڭغا ئېسىلىشتىن، سېنىڭ لۇتفىڭغا باغلىنىشتىن باشقا چارەم يوق. سەن ماڭا يېتىسەن. سەن نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىلسەن».

**6 – ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ دىنى ئىكەنلىكى، كىم قانچىلىك غەيرەت قىلسا، شۇنچىلىك شەرەپكە ئېرىشىدىغانلىقى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن تەكىتلەندى. چۈنكى نۇرىددىن زەنگى بىر تۈرك ئىدى. سالاھىددىنمۇ بىر كۇرت ئىدى. ئىسلامنىڭ ئىرقچى ئەمەسلىكى ئۇلاردا كۆرۈلىدۇ. كىملەردىن ئىكەنلىكىڭ مۇھىم ئەمەس، نېمە قىلغانلىقىڭ مۇھىم ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزىگە ئوخشاش سالاھىددىنلارمۇ ئەرەبنىڭ، تۈركنىڭ، ھەر كىشىنىڭ قەلبىدە تەخت قۇردى.**

7 – سالاھىددىن بۈيۈك ئادەم ئىدى. بۈيۈكلىكى دەۋاسىنىڭ بۈيۈكلىكىدىن، نەزەر دائىرىسىنىڭ چوڭقۇرلىقىدىن كېلەتتى. قۇددۇس ئۇنىڭ چوڭقۇر خىيالى ئىدى. ئەھلى سەلىبنىڭ ئاسارىتى ئاستىدىكى بىر قۇددۇسنى ھېچ ئىچىگە سىغدۇرالمايتتى.

ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت بىرگە بولغان باھائۇددىن شەدداد دەيدۇكى:

«قۇددۇس ئۇنىڭ كۆزىدە تاغلار كۆتۈرەلەيدىغان ئېغىرلىقتا بىر دەۋا ئىدى. ئۇ (سالاھىددىن) باللىرىنى يۈتۈرۈپ قويغان بىر ئانىغا ئوخشايتتى. ئېتىنى بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا چاپتۇراتتى. كىشىلەرنى جىھادقا قىزىقتۇرۇپ، كوچىلارغا چىقىپ ياشلارغا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئاھ ئىسلام ئاھ! دەپ ۋارقىرايتتى.

ئەققە ئىشــغال قىلىنغاندا تاماقمۇ يېمىدى. دوختۇرلىرىنىڭ ئېيتىشـىچە، ئەققەنىڭ ئىشغال قىلىنغىنىنى بىلگەن جۈمە كۈنىدىن يەكشەنبە كۈنىگىچە ئېغىزىغا ھېچ نەرســە ســالمىدى. "بەيتۇلمۇقــەددەس كاپىرلارنىڭ قولىدا تۇرسا، قانداق يەپ، قانداق ئۇخلىيالايمەن؟" دەيتتى».

**8- سەۋرچان، كەمتەر ئىدى. يولغا ئۈچ كۈنلۈك ھەۋەس بىلەن چىقمىغان ئىدى. ئۇنى كۆرگەن كىشى كۆزلىرى ھەيۋەت بىلەن، قەلبلىرى مۇھەببەت بىلەن تولاتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزىدە مۇجاھىد، دۈشمەنلىرىنىڭ كۆزىدە بولسا ئادىل سۇلتان ئىدى.**

**ئەققەنى ئۈچ يىل مۇھاســىرىگە ئالدى. ئۇ مۇھاسىرە جەريانىدا ئوغلىنىڭ ئۆلگەنلىكــى ھەققىدە خەۋەر كەلــدى. بەكمۇ كۆڭۈل بۆلمىدى. قىش، ســوغۇق دېمىدى. چېكەتكىدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئەھلى سەلىب قوشـۇنلىرىدىن زېرىكمــىدى. ئۇنى كۇفرىنىڭ بىرلەشــمە قوشـۇنلىرىنىڭ ئالىــدا قوللىماســتىن يارىمەســىز قالــدۇرۇپ قويغان مۇسـۇلمانلارغىمۇ ئاچچىقلىمــىدى. تىرىشــتى ۋە غەلىبە قىلدى. ھېچكىم بولمىســا، مەن بار دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئاخىرىغىچە سەۋر قىلدى. قۇددۇسنىڭ قوغدىلىشى ئۈچـۈن ســېپىللارنىڭ رېمونــت قىلىنىشــى كېرەكلىكــى ھەققىــدە قارار بېرىلگەندە، ئۆزى ۋە ئائىلىسىنى تاش توشۇشقا ئاتىدى. ئىشچىغا ئوخشاش تاش توشىدى. بۇيرۇق قىلىپ قاراپ تۇرمىدى. بۇيرىدى ۋە ئىشلىدى.**

9 – ۋاپــادار ئىدى: قۇددۇســنى فەتھى قىلىش نېســىپ بولغاندا، تۇنجى جۈمە نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى ئۈچۈن مەسجىدنىڭ تازىلىنىشىنى، نامازغا ھازىر ھالغا ئېلىپ كېلىنىشــىنى بۇيرۇق قىلدى. مەسجىدنىڭ خۇتبە ئوقۇلىدىغان مۇنبىرى يوق ئىدى. سالاھىددىننى يېتىشتۈرگەن ئۇستازى نۇرىددىن زەنگى قۇددۇســنىڭ فەتھىسىدىن كېيىن ئىشــلىتىمىز دەپ، ئەقسا مەسجىدىگە بىــر مۇنبەر ياســاتقان ئىــدى. بۇ مۇنبەر ســۈرىيىنىڭ ھەلەب شــەھرىدە ئىدى. شــۇنىڭ بىلەن بۇ مۇنبەرنى ھەلەپتىن قۇددۇســقا ئېلىپ كەلتۈرۈپ، جۈمەگــە ئۈلگۈرتتى. ئۇنىڭ ئۈســتىدە فەتھىدىن كېيىنكــى تۇنجى جۈمە خۇتبىسىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كۆز ياشلار سەل بولۇپ ئاقتى. اللهقا

www.uyghurkitap.com

ھەمدۇســانالار ئېيتتى. بۇ مۇنبەر 20 – ئەســىردە سيونىست يەھۇدىيلار تەرىپىدىن مەسجىدى ئەقساغا ئوت قويۇلۇۋەتكەنگە قەدەر قالدى.

10- ســالاھىددىن پەقەتلا قولىدا قىلىچ بىلەن فەتھىدىن فەتھكە ئاتلاپ يۈرگەن بىر قوماندان ئەمەس ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدە ئەمىر بولۇپ تۇرغان مەزگىل ، مەدەنىيەت ۋە بىلىمگە، شــەھەر قۇرۇلۇشلىرىغا ئەڭ كۆپ مەبلەغ ســېلىنغان مەزگىللەردىن بىرى بولغان. بــۇ تەرەپتىن قارالغاندا، ئۇ مۇكەممەل بىــر دۆلەت ئادىمى ئىدى. مەســئۇلىيىتىنى ئۈســتىگە ئالغان ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى قامداشنى مەقسەت قىلاتتى.

11 – ســالاھىددىندىن شۇ نەرســە ئېنىق بولدىكى، بۇ ئۈممەت ئۇرۇقىنى ھەرگىز يوقۇتۇپ قويمايدۇ. ھەرقانداق قىيىن شــارائىتلاردا بولســا بولسۇن، بېشــىدا رەببانى بىر رەھبەر بولغىنىدا، ئۈســتىدىكى كۆللەرنى ســىلكىپ تاشــلىيالايدۇ، توسالغۇلارنى ئاشــالايدۇ. يېتەركى، رەھبەر رەھبەر بولسۇن. رەببانى بولسۇن.

12 – الله تائالا قانداق بەندىســىگە ياردەم قىلىدۇ؟ ياردەمنىڭ شــەرتلىرى نېمىلەردۇر؟ بۇلارنىمۇ سالاھىددىندىن چۈشىنەلەيمىز.

ئابىد، زاھىد، مۇتتەقى، مۇجاھىد، سەۋرچان بولغان ياردەمگە ئېرىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




4. ھازىر مەسجىد شەكلىدە ئىشلىتىلىۋاتقان ۋە ئۇمەۋىيلەر زامانىدا سېلىنغان بىنادۇر. ناماز ئوقۇۋاتقان مۇسۇلمانلار بىلەن كۆرۈلگەن رەسىملەر، بۇ جامىنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپىدىن تارتىلغان. بۇ بىنا مەسجىدى ئەقسانىڭ ئىچىدە پەقەت بىر كىچىك بۆلۈمدىن ئىبارەتتۇر. ھىجرىيىنىڭ بىرىنچى ئەسىردە تۇنجى ئىنشائاتى سېلىنغان. كېيىن ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن يېڭىلانغان. 1969 – يىل يەھۇدىيلار كۆيدۈرۈپ تاشلىغان بۆلۈم بۇ يەردۇر. يۈز ئۆلچىمى 2775 كۋادىرات مېتىردۇر.

# مازارلىقتىكى تىرىك

22 يېشىدا 20 – ئەسىرنىڭ ئەڭ كەڭ تارقالغان خەلقئارالىق ئىسلام تەشكىلاتى «ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» تەشكىلاتىنى يالغۇز قۇرغان ھەسەنۇل بەننانىڭ ئۆز ئەسرىنى ئاشقان، بىر ئۈممەتكە باراۋەر كېلىدىغان غەيرىتى ۋە شاھادىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرى

**تارىختىن ئۈزۈلگەن، كەلگۈسى قاراڭغۇلاشتۇرۇلغان بىر ئۈممەت.**

مۇسۇلمانلار ياشىغان زېمىنلارنىڭ تامامى ئىشغال قىلىنغان، ئىنسانلىرى زەنجىرلەنگەن، بايلىقلىرى بۇلانغان، قوشۇنلىرى تارقىتىلغان، مەدرىسلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئىدى. دىنىنى خۇراپاتلار، بىدئەتلەر قورشىغان، مەسجىدلىرىنى مىسكىنلەر ياتاق تۇتقان ئىدى. باشقۇرغۇچىلىرى پاسادقا ئۆچرىتىلغان، بىرلىكنىڭ سىمۋولى بولغان خىلاپەت ئالدى بىلەن سۇلتانلاشتۇرۇلغان، كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئىدى. باشسىز، چېچىلاڭغۇ، ئۈمىدسىز، يولسىز، سۇسىز، ياپيالغۇز بىر ئۈممەت بار ئىدى. پەيغەمبەرنىڭ ۋەكىلى، هاياتلىقنىڭ تىرىكى بولغان ئالىملارمۇ سەللىلىرىنىڭ ئاستىدا يوقاپ كەتكەن ئىدى. كۆزلىرى كۆرمەس، تىللىرى سۆزلىمەس بولغان ئىدى. كېسىلى كېسەل، دوختۇرىمۇ كېسەل بىر ئۈممەت...

**ئەقىل كۆرستىدىغان يوق، يول كۆرستىدىغان يوق!**

خۇددى جاسارەت تۇپراققا كۆمۈلۈپ، ئۇستىگە تاغلار يىقىلغاندەك، هېچكىم گەپ قىلمايتتى، گەپ قىلغانلارغا قۇلاقمۇ سېلىنمايتتى. كاللىسىنى قولتۇقىغا ئېلىپ قويۇپ سۆزلىگەن كىشى يا سۆزىنى تۈگىتەلمەيتتى، ياكى يەنە بىر قېتىم سۆزلىيەلمەيدىغان تىلسىزغا ئايلاندۇرۇۋېتىلەتتى. كىم كىمنىڭ ئادىمى، كىم قەيەردىن كەلدى، هېچ ئېنىق ئەمەس ئىدى.

**نە هەج هەج ئەمەس، نە ناماز ناماز ئەمەس ئىدى.**

يولغا چىققان ئاز ئىدى. ئۇ ئازلارمۇ ئۆز مەهەللىلىرىنىڭ، تار جۇغراپىيىلىرىنىڭ چېگرالىرىنى ئاشالمايتتى. ئىمان قېرىنداشلىقى بىلەن چېگرالىرى سىزىلغان شۇنچە چوڭ زېمىننى جانلاندۇرالمايتتى.

ئالىمدىن جاهىلغىچە هەممە كىشى قاسىسىنى كۆتۈۋاتقان بىچارە

قويغــا ئايلاندۇرۇلغان ئــدى. قىبلە نامازدا كەئبىنـــى، ئىش — ھەرىكەتتە غەربنى كۆرستەتتى. بەزىلىرى ئەجىلىنى كۈتەتتى، بەزىلىرى قۇتقۇزغۇچى مەھدىنى... ئاچ - يالىڭاچ ۋە سەلدە ئاققان سامان چۆپىدەك بىر ئۈممەت.

**بۆرىلەر دالاسىدىكى ئىسلام ئۈممىتى.**

پىتنە — پاسات، بالا — قازا، ئاپەت باسقان بىر دەۋر ئىدى. سالاھىددىنلارنىڭ، فاتىھلارنىڭ تۆپرىقى بىر مازارلىققا ئايلانغان ئىدى. يىگىتلەر دىيارى ئانادولۇ ئەمدىلىكتـــە پەرقلىق ئويۇنـــلار ئوينالغان يەر ئىدى. ئىلىم دىيارى مىســـر يوقتى. ئەزھەر مىڭ يىللىق چىرىقىنى ئۆچۈرۈپ، مۇســۇلمانلارنى قاراڭغۇلۇقتا قويغان ئىدى.

**ئاھ! بىر مازارلىق!**

**ئاق دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆلچەك ئوخشاپ قالغان مازارلىق!**

بۇ مازارلىقتىكى ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ئاۋاز چىقارغانلاردىن بەزىلىرى باشلىرىغا كەلگەن ئىشنى دىنلىرىنىڭ ســەۋەبىدىن دەپ قارايتتى، ھەتتا خرىستىئان بولغان بولساق بۇنداق بولماس ئىدۇق، دېيىشەتتى.

**ئاھ! بىر مازارلىق!**

**ئۆلۈكلەرنىڭ ئۆز مازارلىقىنى، ئۆز قوللىرى بىلەن كولىغان مازارلىق!**

ھەممە كىشـــى بىر قۇتقۇزغۇچى كۈتۈشـــەتتى. ئەمما ھېچكىم قۇتقۇزغۇچى بولــۇپ ئوتتۇرىغا چىقمايتتى. ئۆلــۈم جىمجىتلىقى، تىنچ ئۇيقىنىڭ قەھرى كىملىكلەرنى يــوق قىلغان ئىدى. دەرتمەن كۆپ، دەرمـــان بولىدىغان يوق ئىدى. ئۆزىدىن نۇرغۇن نەرسە كۈتۈلگەنلەر، ئۈمىد باغلانغانلار ئۈممەتنىڭ ئارزۇ — ئۈمىدلىرىنى سۇغا چىلاشتۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

## ھەر كۈنى يېڭى بىر پايدىئە، يېڭى بىر تېپىشماق!

## ۋە شۇنچە چوڭ مازارلىقتا 22 ياشلىق بىر تىرىك:

### ھەسەنۇل بەننا

1906 – يىلى مىسىردا تۇغۇلدى. ئالىم بىر دادىنىڭ ئوغلى ئىدى. قۇرئاننى ياش ۋاقتىدا ياد ئالدى. يېشىدىن چوڭ پىكىرلىرى بىلەن تەڭتۇشلىرىدىن پەرقلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋاقتىدا تۇرۇپلا تۇنجى جەمئىيەتنى قۇردى: **"ھارامىلارغا قارشى مۇبارىلە جەمئىيىتى"**.

### بالىلىق دەۋرىدىلا بۈيۈك ئويلايتتى

ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە، ’’ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىشنى ئويلايسەن؟‘‘ دېگەن سوئالغا شۇ جاۋابنى بەرگەن ئىدى:

«ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىرى شەخسىي يەنە بىر ئومۇمىي بولغان ئىككى ئارزۇيۇم بار. شەخسىي ئارزۇيۇم بولسا،قولۇمدىن كېلىشىچە ئائىلەمنى ۋە يېقىنلىرىمنى بەختلىك قىلىش. ئومۇمىي ئارزۇيۇم بولسا، كۈندۈزى ئوقۇغۇچىلارغا، كېچىسى ئۇلارنىڭ دادىلىرىغا دىنلىرىنىڭ ئەسلىنى ئۆگىتىدىغان بىر مۇرشىد بولۇشتۇر».

ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، بولۇۋاتقان ئىشلارغا بېشىنى يۇپۇرۇپ تۇرۇۋالغان ئۆلىماغا نارازىلىق كۆرسەتتى. ئوقۇتقۇچىلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، كوچىلارغا تۆكۈلدى.

ئالدى بىلەن مەسجىدلەرنى ئايلاندى.

كىشىلەرگە تارىخلىرى شەرەپ بىلەن تولغان بىر ئۈممەتنىڭ بۈنداق بولماسلىقى كېرەكلىكىنى، دىنلىرىنى شۇنداقلا تاشلاپ قويالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. مەسجىدلەردە اللهنىڭ دىنىنى چۈشەندۈردى. ئەمما كىشىلەرگە گەپ ئاڭلىتالمىدى. مەسجىدىدە ئولتۇرۇپ غېرىپ ئىسلامغا يىغلاشنىڭ ئورنىغا چارە ئويلىدى. بولمايدۇ دەپ قارالغانلارنى، بولىدىغان ھالغا كەلتۈردى.

تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئۈممەتنىڭ ھالى تولىمۇ خاراب ئىدى. بىر تەرەپتىن خۇراپات ۋە بىدئەتلەر، يەنە بىر تەرەپتىن بولۇۋاتقان شۇنچە ئىشلارغا قارىماستىن پارچە - پارچە بولغان پىكىرلەر، ئايرىمچىلىقلار... ئۆز

كېمىسىنى قۇتقۇزغان ھەر كىشى ئۆزلىرىنى كاپىتان سانىشاتتى...

قارىسا، سۆزلىرىنى ئاڭلايدىغان، چۈشىنىدىغان كىشى يوق، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە يېڭى يول تەييارلىدى. ئۆزى ياشاۋاتقان جايلاردىكى قەھۋەخانىلارنى خىزمــەت مەركىزى قىلدى. ئىســمائىلىيەدە ئــۈچ قەھۋەخانىنى ئۆزىنىڭ مەركىزى قىلىــپ تاللىدى. ھەر ھەپتە بۇ ئــۈچ قەھۋەخانىدا نۆۋەت بىلەن دەرس قىلــدى. يېزىلارنــى ئايلاندى، مەســجىدلەرنى زىيــارەت قىلدى. ئۇستىدە 14 ئەسىرلىك تارىخىي بولغان بىر ئۇممەتنى يۇدۇۋالغان ھالدا يولغا چىقتى.

1928- يىل، مارت ئېيى.

ئۆزى ســۆزلەيدىغان قەھۋە خانىلاردا ئۇنىڭ ســۆزلىرىنى ئاڭلايدىغان ئالتە كىشــى بىر كۈنى ئاخشــىمى ئۇنىڭ ئۆيىگە يىغىلدى. ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرى ســۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتقان بۇ ھەقىقىي «ھايات» كىشــىدىن تەســىرلەنگەن ئىدى. نېمە قىلىشلىرى كېرەكلىكىنى سوراش ئۈچۈن كېلىشكەن ئىدى.

ئۇ ئاخشــام ئۇ يەردە، **ئىســلام دەۋاسى ئۈچۈن ياشاشــقا ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈشــكە قەسەم قىلىشــىپ ۋەدە بېرىشتى.** سەرمايە ســۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان تۈنجى نەرســىلىرى بولسا، ئۆز روھلىرى ۋە ئائىلىسىنىڭ شۇ كۈنلۈك چىقىملىرى ئىدى.

ئۇلاردىن بىرى:

«تەشكىلاتىمىزنىڭ ئىسمى نېمە بولىدۇ؟» دېدى. ھەسەنئۇل بەننا:

«بىز ئىســلامغا خىزمەت قىلىــش ئۈچۈن يولغا چىققان قېرىنداشــلارمىز. ئىســمىمىزمۇ «**ئىخۋانۇل مۇســلىمۇن**» (مۇسۇلمان قېرىنداشــلار) بولسۇن» دېدى.

شــۇنداق قىلىپ، 22 يېشىدا «**مۇسۇلمان قېرىنداشلار**» تەشكىلاتىنى قۇرغان بولدى.

يەتتە يارەن يولغا چىقتى. ئەســھابۇل كەھف غارغــا پاناھلانغانىدى. بۇلار بولسا غاردىن مەيدانلارغا چىقىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## مازارلىقتىكى ئۆلۈكلەرنى ئويغىتىشقا باشلىدى

ئۇلار خىزمىتىنى اللهقا چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن باشلىدى. الله ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە بەرىكەت بەردى. مۇسۇلمانلارنى ئەسلى كىملىكلىرىگە چاقىرىشتى. خۇراپاتلاردىن ئايرىلىشقا، يېڭىدىن ئىسلام قېرىنداشلىقى قۇرۇشقا دەۋەت قىلىشتى.

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە **«ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن»** چوڭايدى. يەھۇدىيلارغا قارشى جىهادنى تەشۋىق قىلدى. پەلەستىن مەسىلىسىنى ئىسلامنىڭ مەسىلىسى سۈپىتىدە كۆنتەرتىپكە كەلتۈردى. پەلەستىندە ئۇرۇشىدىغان قوشۇنلارنى هازىرلاپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قوشۇننىڭ بېشىدا ئۆزى بولدى. مىسىرنىڭ قېنىنى شورىۋاتقان ئىنگلىزلارغا قارشى قوزغىلاڭ باشلاتتى. پۈتكۈل مىسىر مىقياسىدا مەكتەبلەر، مەسجىدلەر، فابرىكىلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋەسىلە بولدى. مەدرىسە ئاچقۇزدى. چوڭ – چوڭ يىغىلىشلار ئۆتكۈزدى. مىڭلار، ئون مىڭلار قوشۇلۇپ يۈرۈپ، خەلقنىڭ بۈيۈك بىر قىسمىنى ئويغاتتى.

ئاياللارنىڭ ئويغىنىشى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. مۇسۇلمان ئاياللار تەشكىلاتىنى قۇردى.

### ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ بىلىنگەن شىئارىسى:

### «ئىشلىرىمىز ۋاقتىمىزدىن كۆپتۇر!»

هېچقاچان ئۈمىدسىز بولمىدى. ناھايىتى سىپايە ۋە سۆزلىرى هۆزۈر بەرگۈچى ئىدى. چارىسىزلىكنى ئەسلا قوبۇل قىلمىدى. اللهقا بولغان تايىنىشنى هېچ تەۋرەتمىدى. ئۇ ئۆزىنى بولۇۋاتقان ئىشلاردىن ۋە دۈشمەنلەردىن نەچچە ھەسسە بۈيۈك كۆردى.

نامازۋاقتى بولغاندا، ئەڭ بۈيۈك ئىشــنى ناماز دەپ قاراردى. دەۋەت ۋاقتىدا دەۋەتنى ئەڭ بۈيۈك ئىش دەپ قاراردى. ئىشــلىرى ئارىســدا زىتلىشــش بولمــدى. دىــن ۋە دۇنيا، ئىش ۋە ئىبادەت، ئائىلە ۋە جامائەت ئارىســدا ناھايىتى مۇكەممــەل تەڭپۇڭلۇق قۇردى. ئەتراپىدىكىلەرگە ئۈرنەك بولدى. زېرىكمىدى، تېرىكمىدى. ئىرادىسى تاغلاردەك ئىدى.

**ھەســەنۇل بەننانىڭ چۈشەنچىســگە كۆرە، قۇتۇلۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان خىزمەتنىڭ مەنتىقىسى شۇ ئىدى:**

ئالدى بىلەن «مۇســۇلمان شــەخس»، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن «مۇسۇلمان ئائىلــە»، ئارقىدىن «مۇســۇلمان جەمئىيەت»، ئارقىدىن «مۇســۇلمان ھۆكۈمەت» ۋە خىلاپــەت. بۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىشــى بىلەن بىرلىكتە دۇنياغا ئېچىلغان بىر ئىسلام.

ئەتراپىدا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلارغا نەسىھەت قىلىپ شۇنداق دەيتتى:

«ئىشلىرىمىز ۋاقتىمىزدىن كۆپتۇر!»

**تاشلارنى ئايىدىن تەۋرەتتى، ئويۇنلارنى بۇزدى**

1948 – يىلى يەھۇدىيلارغا قارشى جىھاد ھەققىدە سۆز قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىخۋانۇل مۇســلىمۇن تەشكىلاتى قانۇنسىز ئېلان قىلىندى ۋە تاقىۋېتىلدى. ئىنگىلىزلار ئۇنى قارا تىزىملىككە ئالدى. شــۇنىڭ بىلەن ئۇ پائالىيەتلىرىنى «مۇســۇلمان ياشلار» ئىسمى بىلەن داۋام قىلدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلار زور باستۇرۇشــلارغا ئۇچرىدى. ياخشى كۆرگۈچىلىرى توپ – توپ قولغــا ئېلىندى. بىر قېتىملىق ســۆزىدە دېدىكى: **«بۇ كېچە چۈشــۈمدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆردۈم. ماڭا: «ھەسەن! ئۆلتۈرۈلىسەن» دېــدى. مەن دەرھــال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تــاڭ ئاتقۇچە تەھەججۇد ئوقۇدۇم».**

1949 – يىــل 2 – ئايــدا شەخســي ماشىنىســى مۇســادىرە قىلىندى.

رۇخسەتلىك قورالىمۇ ئېلىۋېلىندى. يېنىدىكى قوغدىغۇچىلىق قىلىۋاتقان ئىككى ئۆز قېرىندىشى قولغا ئېلىندى. ئەتراپىدىكىلەر ماشىنىلار بىلەن مەۋھۇم يەرلەرگە ئېلىپ كېتىلدى. 2 – ئاينىڭ 12 – كۈنى بىر يىغىندىن چىققاندا قوراللىق ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. ۋەقە مەيدانىدا ئۆلمىدى. دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى. ساقچىلار دوختۇرخانىغا كېلىپ، ئۇنىڭ داۋالىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. ئۇ پاك روھىنى ئەنە شۇ دوختۇرخانىدا رەببىگە تەسلىم قىلدى.

مازارلىقتىكى ھايات كىشىنىڭ ھەيران قالارلىق جىنازىسى

ھەسەنۇل بەننانىڭ شاھادىتىدىن كېيىن قاھىرەدە مەسجىدلەر تاقىۋېتىلدى. ئەرلەر قولغا ئېلىندى. كوچىلاردا پەقەتلا ساقچى ۋە ئەسكەرلەر قالدى.

دادىسى توقسان ياشتا ئىدى.

جىنازىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلتۈرۈلدى. جىنازىسىنى قەبرىستانلىققىچە كۆتۈرۈدىغان بىرمۇ ئەر كىشى بولمىغانلىقتىن، سىڭىللىرى ۋە ئايالى تەرىپىدىن قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېلىندى. ئۇنىڭ نامىزىنى پەقەت ئاياللار ۋە ئۇنىڭ دادىسى ئوقۇدى. يەرلىككىمۇ ئۇلار قويدى.

تارىختا كۆرۈلۈپ – كۆرۈلمىگەنلىكى ئېنىق بولمىغان بىر بەدەل تۆلىدى. ئۇخلىتىلغان بىر ئۈممەتنى ئويغاتقانلىقىنىڭ بەدىلىنى تۆلىدى.

ئۇ تۆلەشكە ئەرزىگۈدەك بەدەل تۆلىدى.

بىر مەدرىسە بولدى.

ئۈمىد بولدى.

ئۆرنەك بولدى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پۈتۈن ئىسلام تۇپراقلىرىدا ئارقا – ئارقىدىن ھەرىكەتلەر باشلاندى.

**مازارلىق تىرىكلەر بىلەن تولغان.**

جىسمىي ئۆلدى، ئىسمى ئەبەدىيلەشتى.

الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن. ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ۋە بىزنىمۇ ئۇنىڭ يولىدا ماڭدىغانلاردىن قىلسۇن، ئامىين!

**شىبھىس ئىمامنىڭ 10 تۈرلۈك خىزمەت پرىنسىپى**

1 – بىرلىك ئەڭ بۈيۈك نىشاندۇر. قەلبلەر ئارىسىدىكى باغ كۈچلۈك بولسۇن، بىر سۆز ئۈستىدە بىرلەشسۇن.

**2 – "لا ئىلاھە ئىللاللاھ" دىگەن ھەركىشى تەۋھىد ئاستىدا بىز بىلەن باراۋەردۇر.**

3 – قۇسۇرنى ئۆزەڭدە ئىزدىگىن، مۇخالىپەتچى ھەققىدە ياخشى نەرسىلەرنى ئويلىغىن.

**4 – رەددىيە قايتۇرغان چاغدىمۇ ئەخلاقتا ھەرگىز سەل قارىما.**

5 – تالاش – تارتىش ۋە كىبىر يوق.

**6 – بىر مەسىلىدە «توغرا» بىردىن كۆپ بولۇشى مۇمكىن.**

7 – ئىتتىپاقلاشقان ئىشلاردا ياردەملەش، پەرقلىق چۈشەنچىلەرگە ھۆرمەت قىل.

**8 – ئورتاق دۈشمەننى ئەڭ ئالدىنقى پىلاندا تۇت.**

9 – ئىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇيۇقنى ئاچ. ھەربىر قېرىنداش - شەخسىي ھاياتىدىكى ئىشلارغا ئىلاۋە – ھەر كۈنى بىر مىقدار قۇرئان ئوقۇشى كېرەك، يېتىشتىن بۇرۇن ئۆز نەپسىدىن ھېساب ئېلىشى كېرەك.

**10 – خاتا يولدىكىلەرگە مەيۈسلىنمىز؛ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ خاتالىقلىرىنى ئېچىپ يۈرمەيمىز.**

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يادىكار قالغان سۆزلىرىدىن:

## اللّٰه غايىمىز

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولباشچىمىز

## قۇرئان قانۇنىمىز

## جىھاد يولىمىز

## اللّٰه يولىدا ئۆلۈش ئەڭ چوڭ نىشانىمىز

**

ئىسلام ـ قۇللۇق ۋە رەھبەرلىك، دىن ۋە دۆلەت، روھانىيلىق، ئىش ۋە ناماز، جىھاد ۋە ئىبادەت، قۇرئان ۋە قىلىچتۇر. بۇلار بىر – بىرىدىن ئايرىلمايدۇ.

**

ئالدى بىلەن كۈچلۈك بەدىنى، ساغلام ئەخلاقى، چوڭقۇر تەپەككۇرى بولغان، ئىشلەشكە ۋە قولغا كەلتۈرۈشكە قادىر، ئەقىدىسى ساغلام، ئىبادىتىگە بېرىلگەن، نەپسى بىلەن مۇجادىلە قىلالايدىغان، ۋاقتىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئىشلىرى رەتلىك، باشقىلارغا، جەمئىيەت ۋە دۆلىتىگە يارامىلىق مۇسۇلمان يېتىشتۈرىمىز.

كېيىن مۇسۇلمان ئۆي: ھاياتىنىڭ ھەر ساھاسىدە، ئۆيدە ۋە جەمئىيەتتە ئىسلام ئەخلاقىنى قوغدىيالايدىغان بىر ئۆي... ياخشى بىر مۇسۇلمان تەييارلانسا، ۋەزىپىسىگە ۋە بالا تەربىيىسىگە باغلانغان، باشقىلار بىلەن ياخشى ئۆتەلەيدىغان، جەمئىيىتىگە پايدىلىق ياخشى ئايال تاللىنالايدۇ.

مۇسۇلمان ئائىلە قۇرۇلسا، ئۇ ئائىلىنىڭ ئەتراپىدا ياخشىلىقلارنى يايىدىغان، يامانلىقلارغا توسقۇن بولىدىغان بىر جەمئىيەت بەرپا بولىدۇ.

ياخشى جەمئىيەت دېمەك، اللّٰەنىڭ دىنىنى تەتبىقلايدىغان، ھەق ۋە ئادالەتنى قوغدايدىغان، ئىش ۋە ئاش ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر دۆلەت دېمەكتۇر.

**

بىز شۇنداق بىر ئۈممەتكى، مەيلى ئېتىقادىمىز، چۈشەنچىمىز، ئىش – ھەرىكەتلىرىمىزدە بولسۇن، بىزنىڭ ئىسلامدىن باشقا شەرەپلىك چىقىش يولىمىز يوقتۇر.

**

ئىسلامىي دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى، باشقا تۈردىكى دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئاسانراقتۇر. غەربنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەنلەر ئىسلام تۇپراقلىرىدا باتىل بىر دۆلەت قۇرالىسا، مۇسۇلمانلار نېمىشقا ئىسلام دۆلىتى قۇرالمىسۇن!؟

**2012 – يىل، ئىستانبۇل**